ئەللامە ئەبۇلھەسەن نەدۋىي



# يېڭىدىن ئىسلامغا

ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

ئەللامە ئەبۇلھەسەن نەدۋىي

يېڭىدىن ئىسلامغا

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن قېرىندىشىم! ھىندىستانلىق ئەللامە، بۈيۈك مۇتەپەككۇر رەببانىي ئالىم ئەبۇلھەسەن نەدۋىينىڭ قولىمىزدىكى بۇ ئەسىرىنى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي روھىنى ئويغىتىش؛ كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچ تۇيغۇسىنى قوزغاش؛ مۇقەددەس ئىلاھىي ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشقا ھازىرلاش؛ سوقۇشتىن توختىغان يۈرەكلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش؛ ئۆلگەن روھلىرىنى تىرىلدۈرۈش؛ ئازغۇنلۇق ۋە قالايمىقانچىلىققا تولغان دۇنيادا ئىسلاھات بايراقدارلىرى بولۇشقا ئەڭ لايىق كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاۋاتقان يولۇچىلار بىلەن پەرۋاسىز ماتروسلارنىڭ قولىدا يولدىن ئاداشقان ھاياتلىق كېمىسىنىڭ رولىنى قايتىدىن قولىغا ئېلىشىغا پايدىسى تېگىپ قالار دېگەن ئۈمىدتە تەرجىمە قىلدىم. يەنە مۇھاجىرەتتىكى باغرى سۇنۇق، قەددى پۈكۈلگەن مۇھاجىر مۇسۇلمانلارغا يېڭىدىن روھىي ئوزۇق، قارا تۇمانلار ئاستىدىكى ئەگرى - توقاي يوللىرىغا مەشئەل بولىدىغان نۇرلۇق چىراغ ھازىرلاش ئۈمىدىدە قولۇمدىن كېلىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم. ئىسلامنىڭ شان - شەرىپىنى ئۈستۈن قىلىش ۋە ئىسلامنى دۇنياغا قايتىدىن ھۆكۈمران قىلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان ھەربىر مۇسۇلماننىڭ بۇ كىتابنى ئوقۇپ چىقىشى زۆرۈر دەپ قارايمەن. ئۇلۇغ ئاللاھ بارلىق مۇسۇلمانلارنى بۇ قىممەتلىك ئەسەردىن مەتپەئەتدار قىلسۇن، ئامىن!

— تەرجىماندىن

ISBN 978-605-72992-3-9

9 786057 299239

ھەقسىز تارقىتىلىدۇ.

بسم الله الرحمن الرحيم

بۇ كىتابنىڭ باسما چىقىملىرى 2018 ـ يىلى ۋاپات بولغان ئابدۇسەمەت مەخسۇمنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتى تەرىپىدىن مەرھۇمنىڭ ھەققىدە سەدىقە قىلىندى. جانابى ئاللاھتىن ئىلىم تارقىتىش ئۈچۈن سېلىنغان بۇ مۇبارەك سەرمايىنى مەرھۇم ئۈچۈن قىيامەت كۈنىگە قەدەر سەدىقە جارىيە قىلىپ بېرىشىنى تىلەيمىز.

HAK
HAKSEVER

ئەللامە ئەبۇلھەسەن نەدۋىي

# يېڭىدىن ئىسلامغا

ئەرەبچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇررازاق رەجەب

ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

# يېڭىدىن ئىسلامغا

**Yeniden İslam'a**

Ebul Hasan Nedvî | ئەللامە ئەبۇلھەسەن نەدۋى


| | |
|---|---|
| Arapçadan Çeviren<br>**Abdurazak RECEP** | ئەرەبچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى<br>**ئابدۇررازاق رەجەب** |
| Editör<br>**Habibullah KURBANİ** | تەھرىر<br>**ھەبىبۇللاھ مەتقۇربان** |
| Tashih<br>**Atavulla SAVUR** | كوررېكتور<br>**ئاتائۇللاھ سەئىد** |
| Kapak & Sayfa Tasarım<br>**A. AKHUN** | بەت ۋە مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى<br>**ئا. ئاقھۇن** |
| Yayına Hazırlayan Kurum<br>Haksever İslam Araştırma Merkezi | نەشرگە تەييارلىغۇچى ئورۇن<br>ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى |
| Matbaa  Çalışmaları<br>**Ewlat Guruppisi** | باسما ئىشلىرى<br>**ئەۋلاد گۇرۇپپىسى** |

2022 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى

2022 - يىل 11 - ئاي 1 - بېسىلىشى

ISBN: 978-605-72992-3-9

ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

ئىستانبۇل – تۈركىيە



ئالاقىلىشىش ئادرېسى: haksever090@gmail.com

# مۇندەرىجە


تەرجىمە قىلغۇچىدىن ..... 5
1. دەۋەتچىدە بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەر ..... 8
2. ماتېرىيالىزم نەزەرىيەسىگە قارشى كۈچلۈك ئىمان روھى تىكلەش ..... 9
3. ۋەھيىنى ئەقىلدىن ئۈستۈن ئورۇندا قويۇش ..... 10
4. ئىسلام تارىخىدىكى قەھرىمانلاردىن ئىلھام ئېلىش ..... 10
5. ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش روھىنى جانلاندۇرۇش ..... 11
6. ئىدىيە مۇرتەدلىكىگە قارشى كۈرەش قىلىش ..... 12
ئەللامە ئەبۇلھەسەن نەدۋىينىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ..... 15
مۇئەللىپىنىڭ نامى، نەسەبى ۋە ئائىلىسى ..... 16
مۇئەللىپىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە دەسلەپكى ئوقۇشى ..... 18
ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرىشى ..... 19
«نەدۋەتۇل ئۇلەمائ (ئۆلىمالار ئۇيۇشمىسى)» قارمىقىدىكى دارۇلئۇلۇمغا ئوقۇشقا كىرىشى ۋە ئالىي مەكتەپ ھاياتى ..... 19
مۇئەللىپىنىڭ مەشھۇر ئۇستازلىرى ..... 21
مۇئەللىپىنىڭ ھاياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن مەشھۇر شەخسلەر ..... 22
مۇئەللىپىنىڭ يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشى ..... 26
ئالىملارنىڭ مۇئەللىپكە بەرگەن يۈكسەك باھالىرى ..... 27
مۇئەللىپىنىڭ زاھىدلىقى ..... 28
مۇئەللىپىنىڭ ۋاپاتى ..... 30

مۇئەللىپىنىڭ ئەسەرلىرى ........ 31
بىرىنچى نەشرگە كىرىش سۆز ........ 41
ئىككىنچى نەشرىنىڭ كىرىش سۆزى ........ 43
ئىسلام ئەللىرى ۋەكىللىرىگە خىتاب ........ 45
ئىنسانىيەتنىڭ يېگانە قەلئەسى ........ 63
ئىسلام تارىخىدا تەرەققىيات ۋە چېكىنىش ........ 79
ئەرەبلەرنىڭ ئىسلامدىن ئىلگىرىكى ئەھۋالى ........ 79
شۇ دەۋردىكى بىر قىسىم مەشھۇرلارنىڭ ئەرەبلەر ھەققىدىكى قاراشلىرى ........ 80
ئەرەبلەرنىڭ ئىسلام بىلەن ئۆزگىرىشى ........ 82
تارىخشۇناسلارنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرغان سىرلىق تېپىشماق ........ 85
تارىخشۇناس جىبىۇننىڭ سۆزى ........ 85
تارىخشۇناس ستۇداردنىڭ سۆزى ........ 86
تارىخشۇناس فىيشەرنىڭ سۆزى ........ 87
بۇ سىرلىق تېپىشماق ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە ........ 89
سان مەسىلىسى ........ 90
قورال - ياراغ مەسىلىسى ........ 92
ئەرەبلەرنىڭ ھەربىي تۈزۈمدىكى ئۈستۈنلۈك مەسىلىسى ........ 94
ئەرەب مۇسۇلمانلىرىدىكى كۈچ - قۇدرەتنىڭ ھەقىقىي مەنبەسى ........ 97
ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ سۆزلىرى ........ 101
ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزى ........ 101
سەئد ۋە سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ سۆزلىرى ........ 102
ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزى ........ 102
ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزى ........ 104

خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزى 105
رىبئىي ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يەزدىجەردنىڭ ھۇزۇرىدا ئېيتقانلىرى 105
ساھابىلەرنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەن ئېسىل ئەخلاق ۋە شانلىق ئىزلار 108
ئۇلۇغ دىننى ئۇنتۇغان مۇسۇلمانلار نېمە كۈنگە قالدى؟ 112
مۇسۇلمانلارنىڭ كېيىنكى ئەھۋالى 117
مۇسۇلمانلارنىڭ شەك ۋە روھىي چۈشكۈنلۈككە مۇپتىلا بولۇشى 119
مۇسۇلمانلارنىڭ ماددىغا چوقۇنۇپ، دۇنيانىڭ مۇھەببىتىگە مۇپتىلا بولۇشى 120
ئىسلام تارىخىدىكى ئەڭ ناچار ئەۋلاد 120
**شەكىل ۋە ھەقىقەت** 126
**پىكىر ئىنقىلابى** 142
**باج يىغىش ۋە ھىدايەت** 156
**ئىككى دەۋەت رىقابەتتە** 176
**جاھىلىيەتنىڭ غۇلاپ چۈشۈشى** 189
**ئىمان ۋە ئەخلاق كىرىزىسى** 205
**«ئەبۇ بەكرى»سىز مۇرتەدلىك** 219
يېڭى مۇرتەدلىك 219
ئىسلام شەرىئىتىدە مۇرتەدلىك نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ 221
ئەينى چاغدا مۇرتەدلەر نېمە ئىش قىلاتتى؟ 221
ياۋروپا شەرققە تارقاتقان پەلسەپە 221
دىنسىزلىق دىنى 222
«ئەبۇ بەكرى» سىز مەسىلە 224

بۇ «دىن»نىڭ تارقىلىشىنىڭ سىرى 225
ئىسلام نېمىشقا ئىرقچىلىققا قارشى تۇرىدۇ؟ 228
مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ ئىرقچىلىقنى تىرىلدۈرۈشكە ئۇرۇنۇشى 229
مۇسۇلمانىنىڭ جاھىلىيەت ۋە ئۇنىڭ شوئارلىرىغا قارشى مەيدانى 230
ئىسلام ئەللىرىدە جاھىلىيەتنىڭ ئۇلۇغلىنىشى 231
دىن ۋە ئەخلاقتىكى چىرىكلىك 232
ئىسلام دۇنياسى دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ چوڭ خەتەر 233
بۈگۈنكى جىھاد 234
يېڭىدىن ئىسلامغا 236
ئىسلام دۇنياسى ئىخلاسمەن پىداكارلارغا موھتاج 236
ئىسلام دۇنياسى ئىلمىي ئورگانلارغا موھتاج 237
تەجرىبىلەر 237
دىنىي ئەربابلارنىڭ «زىيالىيلار قاتلىمى»غا تۇتقان پوزىتسىيەسى 238
يېڭىدىن ئىسلامغا قايتۇرىدىغان سەرخىللار توپى 240
تارىخقا نەزەر 240
تەخىرسىز مەسئۇلىيەت 241

# تەرجىمە قىلغۇچىدىن

مۇھەممەد مۇستافا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن كۈندىن باشلاپ تا قىيامەتكىچە دۇنياغا كەلگەن پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ پەيغەمبىرى ۋە يېتەكچىسىدۇر. ئۇ زات ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن مۇقەددەس ئىسلام «دىن»ى ھەر قېتىم يەر - جاھاننى توپان بالاسى باسقاندا ئىنسانلارنى قۇتقۇزغۇچى نۇھ كېمىسىدۇر. سىغىنىدىغان باشقا پاناھ جاي ئىزدەپ يۈرمەي، شۇ كېمىگە سىغىنغانلار سۇدا غەرق بولۇشتىن قۇتۇلۇپ قالالايدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيادىكى يېتەكچىلىك ئورنىنى ساقلاپ تۇرالىشى، ئىززەت ۋە غەلىبىگە ئېرىشىپ، دۇنيانى تىنچلىق ۋە ئادالەت بىلەن ئىدارە قىلالىشى ئۇلارنىڭ رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەگىشىشىگە، ئۇ زاتتىن مىراس قالغان رىسالەت ۋەزىپىسىنى كامىل ئورۇنلىشىغا، مۇقەددەس ئىسلام «دىن»ى بىلەن ئېتىخارلىنىپ، يوليورۇقلىرىغا مەھكەم ئېسىلىشىغا باغلىقتۇر. قاچانكى، مۇسۇلمانلار مۇقەددەس «دىن»»دىن يۈز ئۆرۈپ، شان - شەرەپ ۋە كۈچ - قۇۋۋەتنى باشقىلارنىڭ يېنىدىن ئىزدىسە؛ پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتلىق يولى ۋە ئۆزگەرمەس مىزانى سۈپىتىدە نازىل قىلىنغان «دىن» بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلىسا؛ ھاۋايى - ھەۋەس، ئارزۇ - ئارمان ۋە شەخسىي مەنپەئەتلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ، زىممىسىدىكى ئىلاھىي ۋەزىپىنى ئورۇنلىمىسا؛ بۇ چاغدا ئۇلار قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يوقىلىشقا مەھكۇم بولىدۇ، شان - شەرىپى قولىرىدىن كېتىدۇ، گويا يېشىل دەرەختىن چۈشۈپ، شامالدا تەرەپ - تەرەپكە ئۇچۇپ تۇزۇپ

كەتكەن ياپراقتەك ناھايىتى تېزلا زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ. دۇنياغا پاسسىۋانلىق، رەھبەرلىك ۋە يېتەكچىلىك قىلىش سەھنىسىدىن چېكىنىپ، باشقىلارنىڭ قاش ـ كىرپىكىگە قاراپ ئىش قىلىدىغان، خار ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ماھىيەت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام دېمەك ــ مەۋجۇتلۇق دېمەكتۇر، ئىسلام دېمەك ــ نىجاتلىق دېمەكتۇر. تارىخ مابەينىدە ئىسلام ئۇممىتى مۇشۇنداق باسقۇچنى بىرقانچە قېتىم بېسىپ ئۆتكەن بولۇپ، ئىسلام تارىخى بۇنىڭ ئەڭ ياخشى گۇۋاھچىسىدۇر.

تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇنلۇق، چىرىكلىك، ئەخلاقسىزلىق، ناھەقچىلىك، يوقسۇللۇق، ئاچارچىلىق، خەلقئارادا ئېتىبارسىزلىق ۋە خارلىق ئىچىدە ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلىشىپ، كەچۈرمىشلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈشەتتى. ئاندىن ئىسلام ئارقىلىق ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش، ئىسلام يولىيورۇقلىرى بويىچە دۇنيادا كېسىپ ـ پىچالايدىغان كۈچكە ئىگە بولۇش ۋە شۇ ئارقىلىق يېگىدىن نوپۇز تىكلەشتەك ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز نېمەتلەرگە نائىل بولغانلىقىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، ئۆزلىرى ئېرىشكەن بۇ نېمەتلەرنىڭ تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولمايدىغان، كۆز يۇمغىلى تېخىمۇ بولمايدىغان ئۆلمەس ھەقىقەت ۋە ئۆچمەس تارىخ ئىكەنلىكىنى ئىدراك قىلىشاتتى. ئالايلۇق، خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شام دىيارىغا كېلىۋاتقاندا، ئالدىغا بىر دەريا كېچىكى چىقىدۇ. خەلىپە تۆگىسىدىن چۈشۈپ، كالىچىنى سېلىپ، قولتۇقىغا قىستۇرغاندىن كېيىن، تۆگىسىنى يېتىلەپ، سۇ كېچىپ ئۆتىدۇ. ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ:

ـ ئەي ئەمىرۇلمۇئمىنىن! سىز بۈگۈن يوچۇن ئىشتىن بىرنى قىلدىڭىز. (خەلىپە تۇرۇپ) شۇنداقمۇ قىلامسىز؟ ـ دەيدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ ئۇبەيدەنىڭ كۆكرىكىگە يېنىككىنە نوقۇپ:

ـ ھەي ئەبۇ ئۇبەيدە! كاشكى بۇ گەپنى سەندىن باشقا بىرى دېگەن بولسا، (ئېغىر جازالايتتىم). (شۇنى ئۇنتۇماڭلاركى)، سىلەر ئىلگىرى دۇنيادا ئەڭ خار، ئەرزىمەس ئىنسانلار ئىدىڭلار،

ساڭلارمۇ ئىنتايىن ئاز ئىدى. ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئىسلام ئارقىلىق ئەزىز قىلدى. قاچانكى، سىلەر ئۇنىڭدىن باشقا يول بىلەن ئەزىزلىك ئىزدىسەڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرنى يەنە خار قىلىۋېتىدۇ، ـ دېدى[1]. دېمەك، ساھابىلەر ئىسلام سايىسىدە ئەزىزلىككە ۋە غەلىبە ـ نۇسرەتكە ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىپلا قالماي، بۇ ھەقىقەتنى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئالدىدا جاكارلايتتى.

ئەپسۇسكى، بۈگۈنكى كۈندە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان ئىسلام ئۈممىتى بىرقانچە يۈز يىللىق تارىخىدا تۈرلۈك ئېغىر جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى، ھەر خىل قىيىن سىناقلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئېچىنىشلىق قىسمەتلەرگە دۇچار بولدى، ئىسلامىي يېتەكچىلىك رولىنى تامامەن قولدىن بېرىپ قويدى.

ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ ئېچىنىشلىق رېئاللىقىغا قاراپ، بۇ مەغلۇبىيەتنىڭ مەنبەسى ۋە تۈپ سەۋەبىنى تېپىپ چىقىش ئۇقتىسىدا چوڭقۇر ئويلانغىنىمىزدا، ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى بىزگە ئەڭ توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ دەپ ئويلايمەن: ﴿ھەرقانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە (يەنى ئاللاھنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىپ گۇناھلارغا چۆممىگۈچە) ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ (يەنى ئاللاھ ئۇلارغا بەرگەن نېمەت، خاتىرجەملىك ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتنى تارتىۋالمايدۇ)﴾[2].

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە مۇنداق لوگىكىلىق بىر قانۇنىيەتنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: «ئۆزىنى ئۆزگەرتمىگەن مىللەتنىڭ ئەھۋالىنى ئاللاھ ئۆزگەرتىپ قويمايدۇ».

مۇشۇ قانۇنىيەتكە ئاساسەن، بىز ئەھۋالىمىز ئۆزگەرسۇن، ياخشىلانسۇن دەيدىكەنمىز، ئۈستىمىزدىكى خارلىقنى چۆرۈپ ـ تاشلاپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىلمىي قۇللۇقتىن قۇتۇلۇپ، مەھكۇملۇق زەنجىرىنى پاچاقلاپ تاشلىماقچى بولىدىكەنمىز،

[1] ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە ۋەننىھايە»، 7 ـ توم، 60 ـ بەت.
[2] «رەئد»: 11 ـ ئايەت.

چوقۇم روھىيىتىمىزنى ساغلاملاشتۇرۇپ ھەقىقىي ئىسلام روھىغا قايتىشىمىز ۋە ئۆزىمىزنى يېڭىدىن قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم. چۈنكى، ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ مەنىۋى روھقا بولغان ئېھتىياجى ماددىغا بولغان ئېھتىياجىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك. مەلۇمكى، ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھېچبىر ھادىسىگە ئىنكاس قايتۇرماسلىقى، قىزىقماسلىقى، ھېچبىر ئازغۇنلۇققا ھەيران قالماسلىقى ھەتتا ھېچبىر يامانلىققىمۇ قارشى چىقماسلىقى، يەپ ـ ئىچىش ۋە راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىشتىن باشقىنى ئويلىماسلىقى بەك ئېچىنارلىق ئەھۋالدۇر.

مۇسۇلمانلار ھازىر ئۆزلىرىگە ھەقىقىي ئىمان روھىنى، كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچ ۋە ئۈمىدلىرىنى قايتۇرۇپ كېلەلەيدىغان بىرىگە؛ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن مىراس سۈپىتىدە ئالغان «دىن»غا بولغان تەۋرەنمەس ئىمان روھىنى قايتىدىن ئۇرغۇتالايدىغان بىر يېتەكچىگە تولىمۇ موھتاج. بىز تەرجىمە قىلىپ، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنماقچى بولۇۋاتقان ئەبۇلھەسەن نەدۋىينىڭ «يېڭىدىن ئىسلامغا» ناملىق بۇ ئەسىرىنى مۇشۇ تىمىدا يېزىلغان ئەڭ ئېسىل كىتابلاردىن بىرى دېيىشكە بولىدۇ.

مۇئەللىپ بۇ ئەسىرىدە ئىسلامنىڭ تۇنجى دەۋرلىرىدىكى دەۋەت مېتودىنى قوللانغان بولۇپ، دەۋرىمىزدىكى ئىسلام دەۋەتچىلىرىگە ھەقىقىي ساغلام دەۋەت مېتودىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە تىرىشقان. بىز تۆۋەندە مۇئەللىپ بۇ ئەسىرىدە ئاساسلانغان دەۋەت مېتودلىرىنى قىسقىچە خۇلاسىلەپ ئۆتمەكچىمىز:

### 1. دەۋەتچىدە بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەر

دەۋەتچىدە بولۇشقا تېگىشلىك بىرىنچى سۈپەت، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ قىيىن مەسىلىلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىش، بېسىپ ئۆتىدىغان داۋانلارنى ئەتراپلىق بىلىپ يېتىش ۋە كېسەلگە توغرا دىياگنوز قويۇشتۇر.

ئىككىنچى سۈپەت، بۇ قىيىن مەسىلەرنى قانداق بىر تەرەپ

قىلىشنى بىلىش، مۇناسىپ ھەل قىلىش چارىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە كېسەلنى قانداق قىلغاندا ياخشى ھەم ئۈنۈملۈك داۋالىغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىشتۇر.

ئۈچىنچى سۈپەت، بىمارلارغا دورىنىڭ تەسىرى، ئۈنۈمى، ئاچچىق بولسىمۇ ئىستېمال قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە كېسەلنىڭ پەقەت شۇ دورىنى ئىستېمال قىلىش ئارقىلىقلا شىپا تاپىدىغانلىقىنى ئەستايىدىل چۈشەندۈرۈپ، ئىلمىي شەكىلدە بىمارنىڭ كاللىسىدىن ئۆتكۈزۈش ۋە دورىنى بىمالال ئىستېمال قىلىدىغان ئاڭغا كەلتۈرۈشتۇر.

ئۇتتۇق قازانغان دوختۇرلار بىمارلارنى قانداق داۋالىغان بولسا، دەۋەتچى ۋە ئىسلاھاتچىلارمۇ مىللەت ۋە جەمئىيەتنىڭ كېسەللىرىنى داۋالاشتا شۇنداق يول تۇتۇشى لازىم. ئۇنداق قىلمىغان تەقدىردە، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ قىيىن مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە مەسىلىلەرنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈپ، ھەل قىلغىلى بولمايدىغان، تېخىمۇ چىگىش بىر نۇقتىغا ئەكىلىپ قويۇشى مۇمكىن. مۇئەللىپ مۇشۇ ئەسىرىدىكى «جاھىلىيەتنىڭ غۇلاپ چۈشۈشى» ناملىق ماقالىسىدە بۇ مەسىلە ئۈستىدە كونكرېت توختالغان.

## 2. ماتېرىيالىزم نەزەرىيەسىگە قارشى كۈچلۈك ئىمان روھى تىكلەش

ئاسمان ـ زېمىننى يارىتىپ، سىستېمىلىق ئىدارە قىلىۋاتقان بىر ئىلاھنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىش، ئىنسانلارنىڭ جانلىرىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن پۈۋلەنگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماسلىق، بۇ دۇنيادىن باشقا يەنە بىر ئالەمنىڭ بارلىقىنى قوبۇل قىلماسلىق، ھېسسىي نەرسىلەردىن باشقىسىغا ئىشەنمەسلىك، ھەممە ئىشتا ماددىنى ئاساس قىلىش دېگەندەك پرىنسىپلار ئۈستىگە قۇرۇلغان ماتېرىيالىزم نەزەرىيەسىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئاللاھ تائالانىڭ ئىبادەت قىلىشىمىزغا ئەڭ لايىق يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىگە بولغان ئىمانىنى بەكرەك كۈچەيتىشىمىز، قىيامەت كۈنىدە پۈتۈن قىلمىشلاردىن

ھېساب ئېلىنىپ، مۇكاپات ياكى جازا بېرىلىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىشىمىز لازىم. مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ماددىغا يۈزلىنىش ئەۋجگە چىققان ھازىرقىدەك دەۋردە، مۇئەللىپ بۇ ئەسىردە ئۇلارنىڭ ئىمانىي روھىنى يېڭىدىن كۈچلەندۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى ئېنىق تەكىتلىگەن.

### 3. ۋەھيىنى ئەقىلدىن ئۈستۈن ئورۇندا قويۇش

ئەقىدە، شەرىئەت ۋە ئەخلاقتا دائىر دىنىي ھۆكۈملەرنىڭ ساغلام مەنبەسىنى ۋەھيي دەپ تونۇش، پەيغەمبەرلىك نۇرىنى ئەقىل نۇرىنىڭ ئۈستىدە قويۇش لازىم. چۈنكى، مەيلى ئەقىل ياكى پەلسەپە بولسۇن، ۋەھيىنىڭ ياردىمىسىز ھاياتلىق، ئىنسانىيەت، كائىنات ۋە ئاللاھ ھەققىدە توغرا چۈشەنچە ۋە ساغلام تەسەۋۋۇرغا ئېلىپ بارالمايدۇ. مۇسۇلمان پەيلاسوپ ۋە لوگىكشۇناس ئىمام فەخرۇددىن رازىي ۋە سەيفۇددىن ئامىدىيغا ئوخشاش كاتتا ئالىملارمۇ مۇشۇ نۇقتىنى كۈچەپ تەكىتلىگەن. مۇئەللىپمۇ يۇتۇن ئەسەرلىرىگە مۇشۇ دەۋەت مېتودىنى ئېنىق سىڭدۈرۈپ ماڭغان. بولۇپمۇ «چۈشەنچە ئىنقىلابى» ناملىق ماقالىسىدە بۇنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويغان.

### 4. ئىسلام تارىخىدىكى قەھرىمانلاردىن ئىلھام ئېلىش

ئىسلام ئۈممىتىنىڭ پۈكۈلگەن قەددىنى تىكلەش، مۇدۇرۇپ كەتكەن جايىدىن دەس تۇرغۇزۇش، ئۇلارنى ئاسارەت كىشەنلىرىدىن، ئۈمىدسىزلىك ۋە چۈشكۈنلۈكنىڭ قارا تۇمانلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، پارلاق كېلەچەك قۇرۇپ چىقىشقا يېڭىدىن ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، شانلىق ئىسلام تارىخىدىن ئىلھام ئېلىش كېرەك. چۈنكى، تارىخ ئىسلام ئۈممىتىنىڭ خاتىرىسى، ئىبرەت ۋە ساۋاقلارغا تولغان خەزىنىسى، قەھرىمانلىق داستانىنىڭ جەمگاھىدۇر. ھەممىگە ئايانكى، بۇ شانلىق تارىخ پادىشاھلار، ئەمىرلەر ۋە سىياسىي داھىيلارنىڭ

تارىخىلا ئەمەس، بەلكى نۇرغۇن خەلقلەر، ئىسلاھاتچىلار، دەۋەتچىلەر ۋە رەببانىي ئالىملارنىڭمۇ تارىخىدۇر. مۇئەللىپ ئىسلام تارىخىدا يۈز بەرگەن مەشھۇر ھادىسىلەردىن ساۋاق ئېلىش ھەم يول تېپىشتىن ئىبارەت يۈكسەك ئىقتىدارى بىلەن ئۆزىنىڭ ماھىر تارىخچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. بولۇپمۇ «ئىسلام تارىخىدا تەرەققىيات ۋە چېكىنىش»، «مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشى بىلەن دۇنيا نېمىلەرنى يوقاتتى؟» ۋە «ئىسلامدىكى پىكىر ۋە دەۋەت سەرخىللىرى» ناملىق قىممەتلىك ئەسەرلىرىدە مۇشۇ ھەقتە ئەتراپلىق توختالغان.

## 5. ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش روھىنى جانلاندۇرۇش

مۇسۇلمانلارنىڭ ساغلام تەربىيەلىنىپ چىقىشى، ئۆزلىرىنىڭ ۋە «دىن»نىڭ مەۋجۇدىيىتىنى قوغدىيالايدىغان بولۇشى ئۈچۈن، چوقۇم مەنىۋى قۇۋۋەتلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشى، قەلبلىرىدىكى قەھرىمانلىق چوغلىرىنى تېخىمۇ يالقۇنجىتىشى ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش روھىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇشى لازىم. دەرۋەقە، مۇسۇلمانلار دۇنياغا ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ، ئۆلۈمنى يامان كۆرۈش كېسىلىگە مۇپتىلا بولغاندىن كېيىن، ئۇلاردا روھىي چۈشكۈنلۈك، ئۈمىدسىزلىك، قورقۇنچاقلىق، خارلىق، ئاجىزلىق ۋە ھورۇنلۇق كېسەللىرى يامراشقا باشلىدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدىكى شىجائەت، قەھرىمانلىق ۋە جىھاد يالقۇنلىرى ئۆچۈپ قالاي دەپ قالدى. ماھىيەتتە، ئىسلام دۈشمەنلىرى داۋاملىق ئۆچۈرۈشكە ۋە يوقىتىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان نەرسىمۇ دەل مۇشۇ روھتۇر. مۇئەللىپ نۆۋەتتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كېسەللىرىگە دىياگنوز قويۇپ، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ كېسەللىرىنىڭ مەنبەسى ۋە تۈپ سەۋەبى «دۇنياغا ھەددىدىن زىيادە بېرىلىش، دۇنيا ھاياتىدىن مەمنۇن بولۇش، پۇل ـ مال ۋە ماددىغا چوقۇنۇشتۇر» دەپ يەكۈن چىقارغان. شۇڭا، مۇئەللىپ بۇ ئەسىرىدە باشتىن ـ ئاخىر مۇشۇ مۇھىم نۇقتىنى ئېنىقلاپ تەكىتلىگەن.

## 6. ئىدىيە مۇرتەدلىكىگە قارشى كۈرەش قىلىش

ئىدىيە مۇرتەدلىكى (ماتېرىيالىزم پەلسەپىسى) مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بولۇپمۇ ئوقۇمۇشلۇق ئىنسانلار ئارىسىدا ئەۋج ئېلىپ، خەتىرى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتىدۇ. ھەممىنى ماددىغا بويسۇندۇرۇپ چۈشىنىدىغان ماتېرىيالىزم پەلسەپىسىدىن ئىبارەت بۇ ئىدىيە مۇرتەدلىكى بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنى دىنىي ئاساسلاردىن تايدۇرۇپ، ھەقىقىي مۇسۇلمانلىق كىملىكىدىن مەھرۇم قىلدى. ھەتتا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىملىكىدىن خىجالەت ھېس قىلىدىغان ھالغا يەتتى. ئىدىيە ۋە قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى تارىخ مابەينىدىكى مۆئمىنلەرنىڭ ساغلام چۈشەنچىسىنىڭ مەنبەسى ۋە ھاياتلىق يولىنىڭ خەرىتىسى بولۇپ كەلگەن «قۇرئان» ۋە «سۈننەت»تىن ئالماي، باشقا مەنبەلەردىن ئېلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ تۈپ ئاساسلىرىغا زىت كېلىدىغان ئىدىيە ۋە چۈشەنچىلەرنى، قىممەت ـ قاراشلارنى ۋە ھەر خىل ياشام سىستېمىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، شۇنچىلىك بىمەنە، ئەھمىيەتسىز، تىراگېدىيەلىك ۋە شۇنچىلىك قالايمىقان سىستېما، تەسەۋۋۇر ۋە پەلسەپەتىش قاراشلىرىنى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا نومۇس قىلماي تەشۋىق قىلىدىغان بولدى. مۇئەللىپ ئۆتكۈر قەلىمى، ماھىر تىلى، ئۇستۇن ئىلمىي ماھارىتى بىلەن مۇشۇنداق مۇرەككەپ ھەم چىگىش بولغان مۇرتەدلىك مەسىلىسىگە قارشى جەڭ ئېلان قىلغان ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئالدىدا ئۇنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاپ، قاتتىق رەسۋا قىلغان. بۇ تېمىدا يەنە «ئەبۇ بەكرىسىز مۇرتەدلىك» ناملىق قىممەتلىك ماقالىسىنى يېزىپ قالدۇرغان.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن قېرىندىشىم! ھىندىستانلىق ئەللامە، بۈيۈك مۇتەپەككۇر رەببانىي ئالىم ئەبۇلھەسەن نەدۋىينىڭ ھ. 1394 / م. 1974 ـ يىلى دەمەشقنىڭ «دارۇلقەلەم نەشرىياتى» تەرىپىدىن ئۈچىنچى قېتىم بېسىلغان «يېڭىدىن ئىسلامغا (إلى الإسلام من جديد)» ناملىق قوللانمىزدىكى بۇ ئەسىرنى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ

دىنىي روھىنى قايتىدىن ئويغىتىش؛ ھاياتتىكى نىشانلىرى، پرىنسىپلىرى ۋە ئىلاھىي ۋەزىپىلىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىگە بولغان ئىشەنچ تۇيغۇسىنى قايتىدىن قوزغاش؛ ئۇلارنى بۇ مۇقەددەس ئىلاھىي ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشقا ھازىرلاش؛ ئۇلارنىڭ ئازغۇنلۇق ۋە قالايمىقانچىلىققا تولغان بۇ دۇنيادا ئىسلاھاتنىڭ بايراقدارلىرى بولۇشقا ئەڭ لايىق كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاۋاتقان يولۇچىلار بىلەن پەرۋاسىز ماتروسلارنىڭ قولىدا يولدىن ئاداشقان ھاياتلىق كېمىسىنىڭ رولىنى قايتىدىن قولىغا ئېلىشىغا پايدىسى تېگىپ قالار دېگەن ئۈمىدتە تەرجىمە قىلدىم. يەنە مۇھاجىرەتتىكى باغرى سۇنۇق، قەددى پۈكۈلگەن مۇھاجىر مۇسۇلمانلارغا يېڭىدىن روھىي ئوزۇق، قارا تۇمانلار ئاستىدىكى ئەگرى - توقاي يوللىرىغا مەشئەل بولىدىغان نۇرلۇق چىراغ ھازىرلاش ئۈمىدىدە قولۇمدىن كېلىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم. ئىسلامنىڭ شان - شەرىپىنى ئۈستۈن قىلىش ۋە ئىسلامنى دۇنياغا قايتىدىن ھۆكۈمران قىلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان ھەربىر مۇسۇلماننىڭ بۇ كىتابنى ئوقۇپ چىقىشى زۆرۈر دەپ قارايمەن. ئۇلۇغ ئاللاھ بارلىق مۇسۇلمانلارنى بۇ قىممەتلىك ئەسەردىن مەنپەئەتدار قىلسۇن، ئامىن!

تەرجىمىدە ئەسلىي نۇسخىغا ئۇيغۇن بولۇشقا، چۈشىنىشلىك تىل بىلەن ئىپادىلەشكە ئالاھىدە رىئايە قىلىندى. بەزى شېئىرلار ئاساسىي مەزمۇنىغا ئۇيغۇن ھالدا، ئۇيغۇرچە نەسرىي شەكىلدە تەرجىمە قىلىندى. كىتابنىڭ باب ۋە پاراگرافلىرى ئەسلىي نۇسخىسى بويىچە ئېلىندى.

ئوقۇرمەنلەرنىڭ مۇئەللىپنىڭ ھاياتىدىن قىسقىچە خەۋەردار بولۇشى ئۈچۈن، كىتابنىڭ باش قىسمىدا ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق. كىتابتا ئۇچرايدىغان بەزى مۇھىم ئاتالغۇلار، تارىخىي شەخسلەر ياكى جايلار ھەققىدە ئوقۇرمەنلەرگە تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن، كىتابنىڭ ئەسلىدە بېرىلمىگەن ئاز ۋە ساز ئىزاھاتلار، مۇراجىئەت قىلىنغان مەنبە ئەسەرلەر ھاشىيەگە قىستۇرۇلدى ۋە (ـ ت.) شەكلىدە ئەسكەرتىلدى.

ئاخىرىدا ئۇلۇغ ئىسلام «دىن»ى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمغا ياردەمچى بولغان، باشتا مېنى ئوقۇتقان ئاتا ـ ئانام ۋە ماڭا ئىلىم ئۆگەتكەن ئۇستازلىرىمغا چىن كۆڭلۈمدىن تەشەككۈر ئېيتىمەن. مېھرىبان ئاللاھ ئۇلارنىڭ سەۋەنلىكلىرىنى كەچۈرگەي، ئامىن! ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ تەنقىدىي پىكىرلىرىنى بېرىشىنى چىن دىلىمدىن ئۈمىد قىلىمەن.

ھۆرمەت ۋە ئالىي ئېھتىرام بىلەن:

ئابدۇرراززاق رەجەب

ھىجرىيە 1443 ـ يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەل

مىلادىيە 2021 ـ يىلى ئۆكتەبىر

ئىستانبۇل

# ئەللامە ئەبۇلھەسەن نەدۋىينىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

ئىستىبداتلىق ئالىم، ئىخلاسمەن دەۋەتچى، پاراسەتلىك تەربىيەتچى، تالانتلىق ئەدىب، ئۆزى ئەرەب بولمىسىمۇ، ئەرەبچە راۋان سۆزلىيەلەيدىغان ئۇستا ناتىق، ئەرەبچە يازالايدىغان قابىلىيەتلىك يازغۇچى، مۇسۇلمانلارنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ، دەردلىرىگە دەرمان بولۇش ئۈچۈن قەلبى ۋولقاندەك پارتلاپ تۇرىدىغان جاسارەتلىك مۇجاھىد، رەببانىي[1] ئالىم، دەۋەت يولىدا سەممىي بولغانلىقتىن، ھەممىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان پۈتۈن ئۇممەتنىڭ تەربىيەتچىسى، سەلەف ـ سالىھلارنىڭ[2] تىپىك نەمۇنىسى ھىندىستانلىق ئەللامە ئەبۇلھەسەن نەدۋىي رەھىمەھۇللاھ قىممەتلىك ئەسەرلىرى ۋە پاساھەتلىك لېكسىيەلىرى بىلەن ئىسلام جەمئىيەتلىرىدە ۋە باشقا نۇرغۇن ئەللەردە كۆرۈنەرلىك تەسىرگە

---

[1] رەببانىيلار: شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تولۇق بىلگۈچى فەقىھ ھەم ئالىم بولغان، شەرئىي سىياسەتنى بىلىدىغان، پۇقرالارنىڭ دىن ۋە دۇنيا ئىشلىرىغا ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى پىلانلىيالايدىغان ۋە مەنپەئىتىنى قوغدىيالايدىغان ئىسلاھاتچى كىشىلەردۇر. تەبەرىي: «جامىئۇل بايان»، 5 ـ توم، 531 ـ بەت؛ « ‹قۇرئان›غا تەلپۈنگەن يۈرەك» ناملىق كىتابنىڭ 239 ـ بېتىدىن ئېلىندى. ـ ت.

[2] سەلەف ـ سالىھىن (السلف الصالح): «ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى پەزىلەتلىك، سالىھ زاتلار» دېگەن مەنىدە بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىغا شاھىت بولغان ساھابىلەر، ئۇلاردىن ئىلىم ئالغان تابىئىنلار ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى تەبەئى تابىئىنلار قاتارلىق ئىمان ۋە پەزىلەت بىلەن گۇۋاھلىق بېرىلگەن ئۈچ ئەۋلادنى كۆرسىتىدۇ. تۆت ئىمامنىڭ بەزىسى شۇ قاتارغا كىرسە، بەزىسى ئاشۇ يولنى تۇتقان ۋە ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىزىنى باسقان بولغاچقا، شۇ دائىرىگە تەۋەدۇر. شۇ سەۋەبتىن ئىمام لەيس ئىبنى سەئد، ئىمام ئەۋزائىي، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك ۋە شۇلاردەك زاتلارمۇ سەلەف ـ سالىھلار قاتارىدىن دەپ قارىلىدۇ. « ‹قۇرئان›غا تەلپۈنگەن يۈرەك» ناملىق كىتابنىڭ 8 ـ بېتىدىن ئېلىندى. ـ ت.

ئىگە زاتتۇر.

شەيخ يۈسۈف قەرەداۋىي ئۇ كىشى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «شەيخ ئەبۇلھەسەن نەدۋىي ئاللاھ تائالا ئىسلام ئۈممىتىنىڭ دىنىنى ئىسلاھ قىلىشقا، چىن ئىمانىنى قايتىدىن بەرقارار قىلىشقا ۋە ئۈستىگە چىگىلگەن رىسالەت ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىشقا ئەۋەتكەن تېپىلغۇسىز دەۋەتچىلەردىن بىرى ئىدى»[1].

## مۇئەللىپنىڭ نامى، نەسەبى ۋە ئائىلىسى

مۇئەللىپنىڭ تولۇق ئىسمى سەييىد ئەبۇلھەسەن ئەلى ئىبنى ئابدۇلھەي ئىبنى فەخرۇددىن ئەلھەسەنىي بولۇپ، ھىجرىيە 1332 - يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ 6 - كۈنى، (مىلادىيە 1914 - يىلى) ھىندىستاننىڭ رايبىرىلى شەھرىگە قاراشلىق لۇكنوۋ شەھرىدىن 80 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان «تەكىيە» كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئۇنىڭ ئەجدادى ئەرەب نەسلىدىن بولۇپ، ئۇلار تارىخ مابەينىدە ئۆزلىرىنىڭ نەسەب شەجەرىسىنى ياخشى ساقلاپ كەلگەن. گەرچە ئۇلار ئەسىرلەر مابەينىدە ھىندىستاندا ياشىغان بولسىمۇ، ئىسلام شەرىئىتىگە چىڭ ئېسىلىش، مەرىپەتچىلىك، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يولىدا بارلىقىنى بېغىشلاشتا ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان، دىندار ئائىلە ئىدى.

بۇ ئائىلىنىڭ نەسەب شەجەرىسى ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ئىمام ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تۇتىشىدۇ. شۇڭا، بۇ ئائىلە «ئەلھەسەنىيە» دېگەن نام بىلەنمۇ مەشھۇردۇر.

ھىجرىيە 7 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە موڭغۇل

---

[1] يۈسۈف قەرەداۋىي: «شەيخ ئەبۇلھەسەن نەدۋىي كىما ئەرەفتۇھۇ»، 6 - بەت.

بالاسى پۈتۈن يەر ـ جاھاننى قاپلىغان كۈنلەردە، بۇ ئائىلىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تۇنجى بولۇپ ئەمىر سەييىد قۇتبۇددىن مۇھەممەد ئەلمەدەنىي (ھ. 581ـ677 / م. 1186ـ1279) دېگەن كىشى بىر تۈپ ھەمراھلىرى بىلەن باغداد ۋە غەزنە ئارقىلىق ھىندىستانغا كېلىپ يەرلىشىپ قالغان.

مۇئەللىپنىڭ ئاتىسى ئابدۇلھەي ئەلھەسەنىي (ھ. 1286ـ1341 / م. 1869ـ1923) ھىجرىيە 14 ـ ئەسىردە ياشىغان ھىندىستانلىق بۈيۈك ئالىملاردىن بىرى بولۇپ، ھىندىستان ئىلى ئېغىر سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە پىكرىي داۋالغۇشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان، مۇسۇلمانلار ئىنگلىزلار تەرىپىدىن قاتتىق ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنىۋاتقان بىر دەۋردە ياشىغان ئىدى. شۇڭا، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ قايتىدىن قەد كۆتۈرۈشى، ھاياتتىكى ئەسلىي ئورنىغا قايتىپ كېلىشى ۋە زېمىنسىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىسىنى مۇكەممەل ئادا قىلالىشى ئۈلارنىڭ ئىسلامنى ساغلام چۈشىنىشىگە، يولىيورۇقلىرىغا ئەمەل قىلىشىغا، ئۆزلىرى ياشاۋاتقان مۇھىت ۋە دەۋرنى ياخشى چۈشىنىش بىلەن بىرگە ئىلىم ـ مائارىپقا كۆڭۈل بۆلۈشىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى؛ مۇسۇلمانلار مۇپتىلا بولغان بىرىنچى ئاجىزلىق ئالىملارنىڭ ھايات سەھنىلىرىدىن چېكىنىپ، ئۇممەتنى يېتەكلەش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىماسلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەن. شۇ ۋەجىدىن، ئۇ ئىلىم، پىكىر ۋە ئەمەل قاتارلىق ساھەلەردە ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا ئۇنۇملۇك خىزمەتلەرنى قىلىش ئۈچۈن، «نەدۋەتۇل ئۇلەماﺋ (ئۆلىمالار ئۇيۇشمىسى)»نى قۇرۇپ چىققان.

ئەينى ۋاقىتتا مۇئەللىپنىڭ ئاتىسى ئابدۇلھەي ئەلھەسەنىي بۈيۈك تارىخشۇناس ئالىم بولۇپ، ھىندىستان ئالىملىرىنىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدە 30 يىل ئىچىدە يېزىپ چىققان «نزھة الخواطر وبهجة المسامع والنواظر»[1] ناملىق 4500 نەپەر ئالىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان چوڭ ھەجىمدىكى سەككىز توملۇق قىممەتلىك

[1] بۇ كىتاب كېيىنكى زامانلاردا «ئەلئىئلام بىمەن فىلھىندى مىنەلئەئلام» دېگەن ئىسىم بىلەن نەشر قىلىنغان.

ئەسىرى بىلەن «ھىندىستانلىق ئىبنى خەللىكان»[1] دەپ نام ئالغان. ئۇنىڭ يەنە «الثقافة الإسلامية في الهند» ۋە «الهند في العهد الإسلامي» نامىلىق ئىختىساسلىقلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن يېزىلغان ئىنتايىن قىممەتلىك تارىخىي ئەسەرلىرىمۇ بار.

مۇئەللىپنىڭ ئانىسى خەيرۇننىسا بىنتى زىيائۇننەبىي ئەلھەسەنىي بىر قولىدا قەلەم، يەنە بىر قولىدا بۆشۈك تەۋرەتكەن، پەزىلەتلىك، كەم ئۇچرايدىغان ئانا، تالانتلىق يازغۇچى، «قۇرئان كەرىم»نى يادلىغان، بىرقانچە پارچە كىتابلىرى نەشر قىلىنغان، ئىقتىدارلىق ئايال ئىدى. ئۇ يەنە «رەھمەت ئىشىكى» دېگەن ئىسىم بىلەن ئاللاھقا يېلىنىش توغرىسىدا ۋە «رەھمەت ئاچقۇچى» دېگەن ئىسىم بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەدھىيەسىگە دائىر ئىككى قىسىملىق شېئىرلار توپلىمى يېزىپ چىققان شائىرە ئايالدۇر[2].

## مۇئەللىپنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە دەسلەپكى ئوقۇشى

مۇئەللىپ دەسلەپكى ئوقۇشىنى ئۆز ئائىلىسىدە، ئانىسىنىڭ ياردىمىدە «قۇرئان كەرىم»نى يادلاشتىن باشلايدۇ. ئانىسى يۈكسەك پەزىلەتلىك، ئۇستۇن قابىلىيەتلىك، تەقۋادار، دىيانەتلىك، «قۇرئان كەرىم»نى يادقا بىلىدىغان، تۈرلۈك ئىجادىي ئەسەرلەرنى يازالايدىغان، سالىھە ئايال ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن نەدۋىي ئوردۇ ۋە پارس تىللىرىنى پۇختا ئىگىلەيدۇ. ئارقىدىن 12 ياشلىرىدا ئىنگلىزچە ۋە ئەرەبچە ئۆگىنىشكە كىرىشىدۇ. ئۇ ئەرەبچە دەرسلىرىنى شەيخ خەلىل ئىبنى مۇھەممەد

---

[1] ئىبنى خەللىكان، ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى ئەبى بەكر ئىبنى خەللىكان (ھ. 608—681 / م. 1211—1282) ـ دەمەشقتىكى ئاتاقلىق ئالىملاردىن بىرى بولۇپ، مەشھۇر قازى، ماھىر ئەدىب، بۈيۈك تارىخشۇناس ئالىم ئىدى. «ۋەفەياتۇل ئەئيان ۋە ئەنباتۇ ئەبنائىززەمان» ناملىق مەشھۇر تارىخىي ئەسىرى بار. ـ ت.

[2] يۈسۈف قەرەداۋىي: «شەيخ ئەبۇلھەسەن نەدۋىي كىما ئەرەفتۇھۇ»، 31—36 ـ بەتلەردىن قىسقارتىلىپ تەرجىمە قىلىندى.

يەمانىيدىن ئالدۇ. تويتوغرا ئىككى يىل ئەرەب ئەدەبىياتى ئۆگىنىپ، نۇرغۇنلىغان كىلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئەرەب ئەدەبىياتىغا بولغان ئوتتەك ئىشتىياقى شۇ دەۋردىكى ھىندىستانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيتتى. چۈنكى، ئۇلار ئەرەب ئەدەبىياتىغا ئانچە قىزىقىپ كەتمەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا «نەھجۇلبەلاغە»، «دەلائىلۇل ئىئجاز»، «ھەماسە» قاتارلىق ئۈچ كىلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرنى ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، پۇختا ئۆگىنىدۇ[1].

## ئۇنىۋېرستېتقا كىرىشى

مۇئەللىپ مىلادىيە 1927 ـ يىلى ئاۋغۇست ئېيىدا لۇكنوۋ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەرەب ئەدەبىياتى بۆلۈمىگە ئوقۇشقا كىرىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا 14 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە يېشى ئەڭ كىچىكى ئىدى. باشقا ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇش پۈتتۈرۈپ بولغانلار ئىدى. بىر كۈنى ئوقۇغۇچىلاردىن بىرى ئۇنىڭ كىچىكلىكىدىن ئەجەبلىنىپ: «ۋاي ئاللاھ! قانداق بولۇپ ئاناڭ سېنى بۇ يەرگە كېلىشىڭگە رۇخسەت قىلغاندۇ؟» دېگەن. ئۇ شۇنچە كىچىك بولۇشىغا قارىماي، ئىزچىل ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇپ ئالىي ئەدەبىيات گۇۋاھنامىسى ئالىدۇ ھەمدە نۇرغۇن ئوقۇش مۇكاپاتلىرىغا ۋە ئالتۇن مېداللارغا ئېرىشىدۇ[2].

## «نەدۋەتۇل ئۇلەمائ (ئۆلىمالار ئۇيۇشمىسى)» قارمىقىدىكى دارۇلئۇلۇمغا ئوقۇشقا كىرىشى ۋە ئالىي مەكتەپ ھاياتى

مۇئەللىپ مىلادىيە 1929 ـ يىلى ئىيۇل ئېيىدا «نەدۋەتۇل

[1] ئەبۇلھەسەن نەدۋىي: «مازا خەسىرەلئالەم بىئىنھىتاتىل مۇسلىمىن»، 16 ـ بەت.

[2] شاكىر ئالىم شەۋق: «سەييىد ئەبۇلھەسەن نەدۋىي ھاياتۇھۇ ۋە ئىسھاماتۇھۇل ئىلمىييە»، «مجلة القسم العربي»، 56 ـ بەت.

ئۆلىمائ» قارمىقىدىكى دارۇلئۇلۇمغا ئوقۇشقا كىرىپ، دارۇلئۇلۇمنىڭ پېشقەدەم ھەدىس ئۇستازى ئەللامە ھەيدەر ھۇسەينخان تۇنەكىنىڭ قولىدا ھەدىس ئىلىملىرى ئوقۇيدۇ. ئۇ، شەيخنىڭ يېنىدا تولۇق ئىككى يىل تۇرۇپ، بۇ جەرياندا «تەفسىر بەيزاۋىي» ۋە «لوگىكا» دەرسلىرى بىلەن قوشۇپ، ھەدىس كىتابلىرىدىن «سەھىھۇل بۇخارىي»، «سەھىھ مۇسلىم»، «سۇنەن ئەبى داۋۇد» ۋە «سۇنەن تىرمىزىي» قاتارلىقلارنى تولۇق ئۆگىنىدۇ[1]. ئۇ يەنە دىيوبەندتىكى دارۇلئۇلۇمدا بىرقانچە ئاي تۇرۇپ، بۇ جەرياندا بۈيۈك ئالىم ۋە مۇجاھىد شەيخ ھۇسەين ئەھمەد ئەلمەدەنىينىڭ ھەدىس دەرسلىرىگە قېتىلىدۇ. ئاندىن مىلادىيە 1932 ـ يىلى لاھورغا بېرىپ، داڭلىق مۇفەسسىر (تەفسىرشۇناس) شەيخ ئەھمەد ئەلىدىن تەفسىر ئىلىملىرىنى پىششىق ئۆگىنىدۇ.

ئۇ مەزكۇر جايلاردىكى ئوقۇشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغاندىن كېيىن لۇكنوۋغا قايتىپ، شۇ يەردىكى ئۆلىمالار ئۇيۇشمىسى قارمىقىدىكى دارۇلئۇلۇمغا ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ دارۇلئۇلۇمدا 10 يىل تۇرۇش جەريانىدا بىر تەرەپتىن، تۈرلۈك پەنلەردىن دەرس ئۆتىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆلىمالار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلغان ۋە ئۇستاز مەسئۇد نەدۋىي باش مۇھەررىرلىك قىلغان ئەرەبچە «زىيائ» ژۇرنىلىدا ماقالە ئېلان قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئوردۇچە ئىجادىي ئەسەرلەرنى يېزىشقا كىرىشىپ، «شېھىد سەييىد ئەھمەدنىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق ئەسىرىنى نەشر قىلدۇرىدۇ. بۇ ئەسەر جەمئىيەتتە قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشىپ، كەينى ـ كەينىدىن ئۈچ قېتىم بېسىلىدۇ.

ئاندىن كېيىن مۇئەللىپ دېھلىگە بېرىپ، بۈيۈك ئىسلاھات دەۋەتچىسى شەيخ مۇھەممەد ئىلياس بىلەن كۆرۈشىدۇ ۋە بۇ كۆرۈشۈش مۇئەللىپنىڭ ھاياتىدا بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالىدۇ.

[1] شاكىر ئالىم شەۋق: «سەييىد ئەبۇلھەسەن نەدۋىي ھاياتىغۇ ۋە ئىسھاماتىغۇل ئىلمىيىە»، «مجلة القسم العربي»، 56 ـ بەت.

چۈنكى، شەيخ مۇھەممەد ئىلياس كاتتا جامائەت ئەربابى ئىدى.

مۇئەللىپ روھىيەت تەربىيەسىنى (تەسەۋۋۇپ ئىلمىنى) كاتتا زاھىد ھەم ئارىف، بۈيۈك مۇرەببىي، تەسەۋۋۇپ پېشۋالىرىدىن بىرى بولغان ئابدۇلقادىر رائىيبورىيدىن ئالدۇ ھەمدە ئۇنىڭ سورۇن ۋە سۆھبەتلىرىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىدۇ[1]. ئۇ رەببانىي ئالىملارنىڭ سورۇن ۋە سۆھبەتلىرىدىن ئىلمىي تەجرىبىلەرنى، دەۋەت ئەخلاقىنى، ئاددىي - ساددا بولۇشنى ۋە كەمتەرلىكنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە روھىيەت تەربىيەسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، سەلەف - سالىھلارغا ئەگىشىش ئارقىلىق تەسەۋۋۇپ ئىلمىنى بىدئەت ۋە خۇراپاتتىن ساغلام ھالدا بىر - بىرىگە باغلىغان، خۇداگۈي، ئىخلاسمەن ئالىملارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالدۇ.

## مۇئەللىپنىڭ مەشھۇر ئۇستازلىرى

1. شەيخ خېلىل يەمانىي:

مۇئەللىپنىڭ ھاياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن پېشۋالاردىن بىرى خېلىل ئىبنى مۇھەممەد يەمانىي بولۇپ، ئۇ كىشى ئېسىل ئەخلاقلىق، مۇنەۋۋەر تالىبلارنى يېتىشتۈرۈشتە كەم تېپىلىدىغان ئۇستازلاردىن ئىدى.

2. دوكتور تەقىيۇددىن ھىلالىي:

مۇئەللىپنىڭ پېشقەدەم ئۇستازلىرىدىن بىرى ئەللامە دوكتور مۇھەممەد تەقىيۇددىن ئىبنى ئابدۇلقادىر ھىلالىي بولۇپ، بۇ كىشى ئەينى زاماندا ئەرەب تىلى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ پېشۋالىرىدىن بىرى ئىدى.

3. ئەللامە مۇھەددىس شەيخ ھەيدەر ھەسەنخان ئەتتۇنەكىي ئەلھەنەفىي:

[1] ئەبۇلھەسەن نەدۋىي: «مازا خەسىرەلئالەم بىئىنھىتاتىل مۇسلىمىن»، 16—17 - بەتلەر.

ئەينى ۋاقىتتا بۇ كىشى ئۆلىمالار ئۇيۇشمىسى قارمىقىدىكى دارۇلئۇلۇم ھەدىس قىسمىنىڭ پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. مۇئەللىپ ھەدىس ئىلىملىرى ۋە بىر قاتار ھەدىس كىتابلىرىنى مۇشۇ كىشىنىڭ قولىدا ئوقۇغان.

4. شەيخ ئەھمەد لاھورىي:

مۇئەللىپنىڭ مەشھۇر ئۇستازلىرىدىن بىرى بۈيۈك تەفسىرشۇناس ئالىم شەيخ ئەھمەد لاھورىيدۇر. مۇئەللىپ بۇ كىشىنىڭ قولىدا تەفسىر ئىلىملىرى ئوقۇپ، شاھ ۋەلىيۇللاھ دېھلىۋىينىڭ «ھۆججەتۇللاھىل بالىغە» ناملىق كىتابىدىن دەرسلەر ئالغان.

5. مۇھەددىس ھۇسەين ئەھمەد مەدەنىي:

بۇ كىشى «شەيخۇلھىند» يەنى «ھىندىستان ئالىملىرىنىڭ پېشۋاسى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ ئىنگلىزلارغا قارشى ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بىرى ۋە ھىندىستان ئۆلىمالار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئىدى. مۇئەللىپ دېيوبەندنىڭ دارۇلئۇلۇمدا ئوقۇغان مەزگىللىرىدە بۇ كىشىنىڭ قولىدا ھەدىس ئىلىملىرى ئوقۇغان[1].

## مۇئەللىپنىڭ ھاياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن مەشھۇر شەخسلەر

1. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رەھىمەھۇللاھ:

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رەھىمەھۇللاھ مۇھەددىس، فىقھشۇناس، ئەھلى سۈننىي مۇسۇلمانلارنىڭ تۆت مەزھەپ ئىماملىرىدىن بىرى بولغان ھەنبەلىي مەزھىپىنىڭ پېشۋاسىدۇر.

مۇئەللىپ «ئىسلامدىكى دەۋەت ۋە پىكىر سەرخىللىرى» ناملىق تۆت توملۇق ئەسىرىدە ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ تارىخىنى يازغان. بىر كۈنى ئۇنىڭدىن سەلەف ئالىملىرىدىن كىمنىڭ

[1] يۇسۇق قەرەداۋىي: «شەيخ ئەبۇلھەسەن نەدۋىي كىما ئەرەفتۇھۇ»، 39—41 ـ بەتلەردىن قىسقارتىلىپ تەرجىمە قىلىندى.

ئەسىرىگە بەكرەك ئۇچرىغانلىقى سورالغاندا: «بىشىغا تۈرلۈك سىناقلار كەلگەندىمۇ ئەقىدىسىدىن قىلچىلىك تەۋرەنمىگەن ئالىم ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل» دەپ جاۋاب بەرگەن[1].

2. شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ:

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە تەقىيۇددىن ئەبۇل ئابباس ئەھمەد ئىبنى ئابدۇلھەلىم ھەررانىي قاراش ۋە تەنقىدلىرى بىلەن ئىسلام تەپەككۇرىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن كاتتا مۇتەپەككۇر، سەلەفىي ئالىم، ئۇلۇغ مۇجتەھىد ۋە مۇجاھىد. ئەقىدە، تەفسىر ۋە فىقھ ساھەلىرىدە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. مۇئەللىپ «ئىسلامدىكى دەۋەت ۋە پىكىر سەرخىللىرى» ناملىق تۆت توملۇق ئەسىرىدە ئىبنى تەيمىيەنىڭ تارىخىنى يېزىپ چىققان. بىر كۈنى ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئالىملاردىن كىمنىڭ تەسىرىگە بەكرەك ئۇچرىغانلىقى توغرۇلۇق سورالغاندا: «بىدئەتلەرگە قارشى تۇرۇپ، شەرىئەت ۋە ھەقىقەت توغرىسىدا قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئىسلاھاتچىسى شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ» دەپ جاۋاب بەرگەن[2].

3. ئىمام رەببانىي ئەھمەد سىرھىندىي ئەلفارۇقىي رەھىمەھۇللاھ:

ئەھمەد سىرھىندىي كاتتا ئالىم، بۈيۈك مۇجاھىد ۋە مەشھۇر نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ پېشۋالىرىدىن بىرى بولۇپ، 17 ياشقا كىرمەي تۇرۇپ تەفسىر ۋە ھەدىس ساھەسىدە ئۇستازلىرىدىن ئىجازەت ئالغان ۋە «ئەلمەكتۇباتۇررەببانىييە» ناملىق ئۈچ توملۇق مەشھۇر ئەسەرنى يازغان كىشىدۇر. مۇئەللىپ «ئىسلامدىكى دەۋەت ۋە پىكىر سەرخىللىرى» ناملىق تۆت توملۇق ئەسىرىدە

---

[1] ئەبۇلھەسەن نەدۋىي: «مازا خەسىرەلئالەم بىئىنھىتاتىل مۇسلىمىن»، 19 ـ بەت؛ شاكىر ئالىم شەۋق: «سەييىد ئەبۇلھەسەن نەدۋىي ھاياتۇھۇ ۋە ئىسھاماتۇھۇل ئىلمىييە»، 57 ـ بەت.

[2] ئەبۇلھەسەن نەدۋىي: «مازا خەسىرەلئالەم بىئىنھىتاتىل مۇسلىمىن»، 19 ـ بەت؛ شاكىر ئالىم شەۋق: «سەييىد ئەبۇلھەسەن نەدۋىي ھاياتۇھۇ ۋە ئىسھاماتۇھۇل ئىلمىييە»، 58 ـ بەت.

ئەھمەد سىرھىندىينىڭ تارىخىنى يازغان. نۆۋەتتە بىز تەرجىمە قىلغان قولىڭىزلاردىكى كىتاب «يېڭىدىن ئىسلامغا» ناملىق ئەسىرىدىمۇ مۇنداق ئېيتقان: «ئىسلام فىقھشۇناسلىقى ۋە دەۋەت مېتودىنى ياخشى ئىگىلىگەن، ئىسلامغا خالىس نىيەت بىلەن خىزمەت قىلغان، كۈچلۈك ئىسلام روھىغا ۋە دىنىي غەيرەتكە ئىگە يېڭىلىق ياراتقان ئىسلاھات دەۋەتچىسى خۇداگۇي ئالىم ئەھمەد سىرھىندىي ۋە ئۇنىڭ تالىبلىرى تەۋرەنمەس كۈچلۈك ئىمانى بىلەن ئىسلامغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن ۋە تۆت ئەسىر ئىسلام سايىسى ئاستىدا ياشىغان بىپايان ھىندىستان تۇپرىقىنى بىراخمانىزم جاھىلىيىتىگە ئايلاندۇرۇشنى قارار قىلغان موغۇل ھۆكۈمدارى جەلالۇددىن ئەكبەر شاھنىڭ زامانىدا ئىسلامغا قارشى چىققان ئاشۇ شىددەتلىك بوران - چاپقۇن ئالدىدا تىك تۇردى. ئۇلارنىڭ ئىزچىل دەۋەت قىلىشى سايىسىدە ھىندىستان تېخىمۇ كۈچلۈك ھالدا، قايتىدىن ئىسلام قوينىغا كىردى. موغۇل ھۆكۈمدارى ئەكبەر شاھنىڭ تەختىدە بارغانسېرى ياخشىلىنىپ، ئاستا - ئاستا ئىسلامغا مايىل بولۇش يولىغا كېتىۋاتقان كىشىلەر ئولتۇردى. نىھايەت، ئىسلام ۋە ئىسلاھات تارىخى شانلىق نامى بىلەن پەخىرلىنىدىغان بىر پادىشاھ تەختكە ئولتۇردى[1].[2] بىر كۈنى مۇئەللىپتىن ئىلگىرىكى ئالىملاردىن كىمنىڭ تەسىرىگە بەكرەك ئۇچرىغانلىقى توغرۇلۇق سورالغاندا: «بىدئەتلەرگە قارشى تۇرۇپ، شەرىئەت ۋە ھەقىقەت توغرىسىدا قىممەتلىك ئەسەرلەر يازغان، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئىسلاھاتچىسى ئەھمەد سىرھىندىينىڭ...» دەپ جاۋاب بەرگەن[3].

[1] مۇھەممەد ئەۋرەڭزىپ (ھ. ؟ — 1118 / م. ؟ — 1707) بۇ كىشى پەزىلەتلىك، سالىھ، كۈچلۈك ئامانەتدار پادىشاھ بولۇپ، «ئالەمگىر» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. «الفتاوى الهندية» دېگەن كىتاب شۇ كىشىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قەلەمگە ئېلىنغانلىقتىن، «الفتاوى العالمكيرية» دېگەن نام بىلەنمۇ مەشھۇردۇر.

[2] ئەبۇلھەسەن نەدۋىي: «ئىلەل ئىسلام مىن جەدىد»، 190 - بەت.

[3] ئەبۇلھەسەن نەدۋىي: «مازا خەسىرەلئالەم بىئىنھىتاتىل مۇسلىمىن»، 19 - بەت.

4. شەيخ مۇھەممەد ئىلياس كاندىھلىۋىي:

دەۋرىمىزدە ئىسلام دۇنياسىدا ئوتتۇرىغا چىققان ئاتاقلىق دەۋەتچىلەردىن بىرى، بۈيۈك دەۋەتچى، ئىسلاھاتچى شەيخ مۇھەممەد ئىلياس كاندىھلىۋىيدۇر. ئۇ ھىندىستاندىكى «دەۋەت ۋە تەبلىغ جامائىتى»نىڭ قۇرغۇچىسى بولۇپ، كۈنىمىزدە بۇ جامائەتنىڭ ئەزالىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارىلىپ، ئىزچىل دەۋەت پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

مۇئەللىپىمۇ ئۆزىگە ئەڭ كۈچلۈك تەسىر قىلغان كىشىلەردىن بىرىنىڭ مۇشۇ رەببانىي، ئىخلاسمەن ئالىم ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە قەيت قىلغان.

5. شېھىد ھەسەنۇلبەننا:

بۇ كىشى مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرغۇچىسى بولۇپ، مۇئەللىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، مۇيەسسەر بولالمىغان. مۇئەللىپنىڭ ئۇنىڭغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتى «مۇزەككەراتۇددەئۋە ۋەددائىيە» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە ئوچۇق نامايان بولىدۇ.

6. شەيخ ئابدۇلقادىر رائىيبورىي:

ئەينى زاماندا بۇ كىشى رەببانىي ئالىم، تەسەۋۋۇپ پېشۋالىرىدىن بىرى ئىدى. مۇسۇلمانلار ھەر دەۋردە روھىيەت ئىسلاھاتچىسى رەببانىي ئالىملارنىڭ يېتەكلىشى ۋە يوليورۇق بېرىشى ئارقىلىق نەپسلىرىنى پاكلاشقا بەكمۇ موھتاج. مۇئەللىپمۇ مۇشۇ كىشىدىن روھىيەت تەربىيەسى ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ سورۇن ۋە سۆھبەتلىرىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغان.

7. دوكتور مۇھەممەد ئىقبال:

مۇھەممەد ئىقبال ھىجرىيە 14 ـ ئەسىردە ياشىغان ھىندىستانلىق ئاتاقلىق مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ، شائىرلاردىن بىرى ئىدى. مۇئەللىپنىڭ «مۇھەممەد ئىقبالنىڭ ئىسلامىي شېئىرلىرى» ناملىق

ئەسىرىدە ئۇنىڭ زور تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى چىقىپلا تۇرىدۇ[1].

## مۇئەللىپنىڭ يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشى

مۇئەللىپ كىچىكىدىن تارتىپلا يېزىقچىلىققا كىرىشكەن بولۇپ، مىلادىيە 1931 ـ يىلى مىسىرلىق ئەللامە مۇھەممەد رەشىد رىزا «مەنار» ژۇرنىلىدا مۇئەللىپنىڭ «سەييىد شېھىد ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئىرفانىنىڭ تەرجىمىھالى» ھەققىدە يازغان تۇنجى ماقالىسىنى ئېلان قىلغان. مۇئەللىپ شۇ چاغدا 17ـ18 ياشلار چامىسىدا ئىدى. ئۇ 1938 ـ يىلى ئەلىكەرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن ئىسلامىي دەرسلىكلەر» ناملىق تۇنجى دەرسلىك كىتابلارنى تۈزۈپ چىقىدۇ. 1939 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا «سەييىد شېھىد ئەھمەدنىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق تۇنجى كىتابى ئوردۇ تىلىدا نەشر قىلىنىدۇ. ئۇ يەنە ھىندىستاندىكى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەرەب تىلى ئۆگىنىشى ئۈچۈنمۇ دەرسلىك كىتابلارنى تۈزۈپ چىققان بولۇپ، جۈملىدىن بۇ ساھەدە «ئەرەب ئەدەبىياتىدىن تاللانمىلار»، «بالىلار ئۈچۈن پەيغەمبەرلەر قىسسىلىرى»، «توغرا ئوقۇشلۇق»، «ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق كىتابلىرى دارۇلئۇلۇم ۋە بەزى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا دەرسلىك قىلىنىدۇ.

مۇئەللىپ مىلادىيە 1944 ـ يىلى «مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشى بىلەن دۇنيا نېمىلەرنى يوقاتتى؟» ناملىق ئەرەبچە مەشھۇر ئەسىرىنى يېزىشقا باشلاپ، 1947 ـ يىلى تاماملايدۇ. ئۇ 1947 ـ يىلى ھەج سەپىرىگە ئاتلىنىش ئالدىدا مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئوردۇچە تەرجىمىسى ھىندىستاندا بېسىلىدۇ. شۇ يىلىنىڭ ئۆزىدە ھىندىستاننىڭ باش ۋەزىرى جەۋاھىر لال نەھرونىڭ چاقىرىقى بىلەن دېھلىدا ئۆتكۈزۈلگەن «ئاسىيا يىغىنى»دا ئەرەب ئىسلام

[1] يۇسۇق قەرەداۋىي: «شەيخ ئەبۇلھەسەن نەدۋىي كىما ئەرەفتۇھۇ»، 41—43 ـ بەتلەردىن قىسقارتىلىپ تەرجىمە قىلىندى.

ئەللىرىدىن كەلگەن ئىشتىراكچىلارغا «ئىسلام ئەللىرىنىڭ رەھبەرلىرىگە خىتاب» ناملىق رىسالىسىنى يېزىپ چىقىدۇ.

مۇئەللىپ دەۋەت ۋە پىكىر ساھەسىدە كىتاب يېزىشقا كىرىشىپ، 1958 - يىلى ئۇستازى ئابدۇلقادىر رائىيبورىينىڭ تەلىپىگە بىنائەن قادىيانىيە مەزھىپى ھەققىدە «قادىيانىيلار ۋە قادىيانىيە مەزھىپى» ناملىق كىتابىنى، 1965 - يىلى «ئىسلام ئەللىرىدە ئىسلامىي ئىدېئولوگىيە بىلەن ياۋروپاچە ئىدېئولوگىيە ئارىسىدا كۈرەش» ناملىق كىتابىنى، 1967 - يىلى «تۆت ئەركان» ناملىق كىتابىنى پۈتتۈرىدۇ. مۇئەللىپ يەنە ئەرەبچە ۋە ئوردۇچە نۇرغۇن كىتابلارنى يازىدۇ. سەييىد مۇھەممەد تارىق زۇبەير نەدۋىي[1] مۇئەللىپنىڭ ئەرەبچە يازغان كىتابلىرىنىڭ ئومۇمىي سانىنىڭ 186 پارچىگە يەتكەنلىكىنى تىلغا ئالغان[2].

### ئالىملارنىڭ مۇئەللىپكە بەرگەن يۇكسەك باھالىرى

سۇرىيەلىك مۇھەددىس، رەببانىي ئالىم ئابدۇلفەتتاھ ئەبۇ غۇددە مۇئەللىپ توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇلھەسەن نەدۋىي ئەللامە دەۋەتچى، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر، ئاللاھ تائالا ئىلىم ئاتا قىلغان كىشىدۇر».

دوكتور مۇستافا سىبائىي مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇلھەسەن نەدۋىي ئىسلام ۋە ئىسلام دەۋىتىنىڭ تۈگىمەس بايلىقىدۇر. ئۇنىڭ كىتابلىرى ۋە يازغان ئەسەرلىرى ئىلمىي جەھەتتىكى ئىنچىكىلىكى، شەرىئەتنىڭ سىرلىرىنى چۈشىنىشكە چوڭقۇر چۆكۈشى، ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەسىلىلىرىنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىش ۋە ھەل قىلىش چارىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ».

ئىسلام مۇتەپەككۇرى شېھىد سەييىد قۇتۇب مۇنداق دەيدۇ:

---

[1] «مؤلفات سماحة الداعية الإمام أبي الحسن علي الحسني الندوي بالعربية».

[2] شاكىر ئالىم شەۋق: «سەييىد ئەبۇلھەسەن نەدۋىي ھاياتۇمۇ ۋە ئىسھاماتۇمۇل ئىلمىييە»، «مجلة القسم العربي»، 58 — 59 - بەت.

«مەن ئەبۇلھەسەن نەدۋىينى ئۇنىڭ يۇكسەك ئوبرازى ۋە ئۆتكۈر قەلىمى ئارقىلىق تونۇدۇم. مەن ئۇنىڭدا ھەقىقىي مۇسۇلماننىڭ ساغلام قەلبىنى ۋە زېرەك ئەقلىنى كۆردۇم. مەن ئۇنىڭدا ئىسلامنى ياخشى چۈشىنىپ، ئىسلام ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلايدىغان ۋە ئىسلامىي روھ بىلەن ياشايدىغان بىر كىشىنىڭ سىيماسىنى كۆردۇم. بۇ مېنىڭ لىللا گۇۋاھلىقىمدۇر».

شەيخ ئابدۇلئەزىز ئىبنى باز مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇلھەسەن نەدۋىي يېتۈك ئەللامىدۇر».

ئابدۇلھەلىم مەھمۇد مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇلھەسەن نەدۋىي قىلغان ئەمەللىرىدە پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنىلا كۆزلىگەن، پۈتۈن ھاياتىدا ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىخلاسمەن بىر مۇسۇلماننىڭ يولىدا ماڭغان، ئەمەلىي ئىش ـ ئىزلىرى بىلەن ياخشى ئۈلگە بولۇش ئارقىلىق (بىدئەت ۋە خۇراپاتتىن) ساغلام كىتابلىرىدا ۋە بارغان يەرلىرىدە ئىسلامغا دەۋەت قىلغان، مۇسۇلمانلارغا يولىيورۇق كۆرسىتىپ، توغرا يولغا باشلىغان كىشىدۇر»[1].

شەيخ مۇھەممەد غەززالىي مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئىسلامغا پەقەت ئەركىن پەرۋاز قىلىدىغان، ھوشيار قەلبلەرلا خىزمەت قىلالايدۇ. كور، بىخۇد قەلبلەرنىڭ ئىسلامغا خىزمەت قىلىشتىن نېسىۋىسى بولمايدۇ»[2].

### مۇئەللىپنىڭ زاھىدلىقى

يۈسۈف قەرەداۋىي مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتەن مەن دەۋرىمىزدە ئەبۇلھەسەن نەدۋىيدەك زاھىد، دۇنيانىڭ مال ـ ماتالىرىغا ۋە زىبۇزىننەتلىرىگە بېرىلىپ كەتمىگەن، ئېزىتقۇلىرى ئالدىدا ئۆزىنى تۇتۇۋالالىغان بىر ئادەمنى كۆرمىدىم. ئۇنىڭ خەلق ئىچىدىكى

[1] يۈسۈف قەرەداۋىي: «شەيخ ئەبۇلھەسەن نەدۋىي كەما ئەرەفتۇھۇ»، 202—205 ـ بەت.

[2] يۈسۈف قەرەداۋىي: «شەيخ ئەبۇلھەسەن نەدۋىي كەما ئەرەفتۇھۇ»، 19 ـ بەت.

ھەتتا پۈتۈن دۇنيادىكى ئىناۋىتىگە تايىنىپلا باياشات ياشاش ئىمكانىيىتى بار ئىدى. ئۇ ئەمىر نۇرىددىنىنىڭ ئوردىسىدا تۇرۇش جەريانىدا ئۇنىڭغا راھەت - پاراغەت ئىچىدە ياشاش شارائىتى تەل قىلىپ بېرىلگەن ئىدى. ئۇ ماقۇل كۆرسىلا ئازادە تۇرمۇشتا، راھەت - پاراغەتتە ياشاپ كېتەلەيتتى. بىراق، ئۇ باشقىچە بىر ھايات يولىنى تاللىدى يەنى ئۆزلىرى دۇنيادا ياشىسىمۇ، دۇنيا قەلبلىرىدە ياشىمايدىغان؛ دۇنيانى باشقۇرىدىغان، ئەمما دۇنيا ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنى باشقۇرالمايدىغان ئىخلاسمەن رەببانىيلارنىڭ ھايات يولىنى تاللىدى. گويا ئۇ بۇ دۇنيادا ئاخىرەتنى ئويلاپ ياشايدىغان، ئۆزى زېمىندا يۈرسىمۇ، كۆزلىرى ئاسمانغا تەلپۈنىدىغان ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم[1]، فۇزەيل ئىبنى ئىياز[2] ۋە جۇنەيد ئىبنى مۇھەممەد[3] كەبى زاھىدلارنى ئۈلگە قىلىپ، سائادەت دەۋرىدىن ھازىرقى دەۋرگە ئۇلىشىپ كەلگەن ئادەمدەك ياشاپ ئۆتتى. ئۇ سالىھ ئىماملارنىڭ، زاھىد سەلەف - سالىھلارنىڭ ئاددىي - ساددا تۇرمۇشىنى تاللىدى.

---

[1] ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم ئىبنى مەنسۇر ئىبنى يەزىد ئىبنى جابىر ئەلئىجلىي ئەلبەلخىي دۆلەتمەن بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، پاراغەتلىك تۇرمۇشىنى تەرك ئېتىپ، مەشھۇر زاھىدقا ئايلانغان كىشىدۇر ۋە فۇزەيل ئىبنى ئىيازدىن تەلىم ئالغان، مۇجاھىد، ئىبادەتگۈي زاتتۇر. — ت.

[2] ئەبۇ ئەلى فۇزەيل ئىبنى ئىياز تېگى ئەرەبلەردىن بولۇپ، ھ. 107 / م. 726 - يىلى مەرۋە شەھىرى (بۈگۈنكى تۈركمەنىستان) فۇندىن قىشلىقىدا تۇغۇلغان. ياشلىقىدا ئەبىۋەرد (بەزى رىۋايەتلەردە مەرۋە) بىلەن سەرەخس ئارىسىدىكى چۆلدە يول توسۇپ قاراقچىلىق قىلغان. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ۋەقەدىن كېيىن ئىسلامغا ئۆزىنى ئاتاپ خۇراسان رايونىنىڭ دەسلەپكى بۈيۈك سۇفىيلىرىدىن بولۇپ قالغان ئاتاقلىق ھەدىسشۇناس، ئالىم زات. ئۇ ھ. 187 / م. 803 - يىلى ئەترابىدا مەككىدە ۋاپات بولغان. تۈركىيە دىيانەت ۋاقفى (TDV) ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، 13 - جىلد، 208—209 - بەتلەر. — ت.

[3] ئەبۇلقاسىم جۇنەيد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەلجۇنەيد ئەننەھاۋەندىي ئەلباغدادىي زامانىدىكى قۇرئان ۋە ھەدىسنى تۇتقان تەسەۋۋۇپ پېشۋاسى زات. مۇھەددىس. فىقھىدا ئىمام ئەبۇ سەۋرنىڭ شاگىرتى. ئىلىم، ئىبادەت ۋە زاھىدلىقى بىلەن تونۇلغان، تەسەۋۋۇپنى قۇرئان ۋە ھەدىسكە بويسۇندۇرۇشنى، جەمئىيەتكە ئارىلىشىپ پائالىيەتچان بولۇشنى تەشەببۇس قىلغان ئالىم. قالدۇرغان رىساللىرى 30 دىن كۆپ بولۇپ، «جۇنەيد رىساللىرى ۋە ھېكمەتلىك سۆزلىرى» دېگەن نامدا نەشر قىلىنغان. — ت.

ھېكايە قىلىنىشىچە، مۇئەللىپ ئىسلامغا قىلغان خىزمىتى ئۈچۈن، پادىشاھ پايسال تەرىپىدىن 300 مىڭ رىيال قىممىتىدىكى مۇكاپات بېرىلگەندىمۇ، مەزكۇر مۇكاپاتنى نامرات ئوقۇغۇچىلارغا ئىئانە قىلىۋەتكەن»[1]. سۆزلەپ كەلسەك، بۇنىڭغا ئوخشىغان مىساللار تولىمۇ كۆپ.

مۇئەللىپ ئىزچىل ھالدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانىي روھىنى كۈچلەندۈرۈش، قەلبلىرىنى ساغلاملاشتۇرۇش، نەپسلىرىنى تۈرلۈك ئىللەتلەردىن تازىلاشقا ھەرىكەت قىلىپ، بۇ ھەقتە نۇرغۇنلىغان دەۋەت ۋە لېكسىيەلەرنى سۆزلەش بىلەن بىرگە «ئەقىدە، ئىبادەت ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاق»، «ئىسلام دىنى راھىبلىق ئەمەس، بەلكى رەببانىيلىقتۇر» دېگەندەك قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان.

## مۇئەللىپنىڭ ۋاپاتى

شەيخ ئەبۇلھەسەن نەدۋىي (ئاللاھ ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن) مىلادىيە 1999 ـ يىلى (ھىجرىيە 1419 ـ يىلى) مۇبارەك رامىزان ئېيىنىڭ جۈمە كۈنى ھىندىستاننىڭ شىمالىدىكى رايبىرىلى ئۆلكىسىدىكى ئۆز يۇرتى تەكىييە يېزىسى مەسجىدىدە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇۋاتقاندا، جىھاد ۋە دەۋەتكە تولغان 86 يىللىق ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ دۇنيادىن كەتتى. ئۇ شۇ كۈنى كەچقۇرۇن تۇغقانلىرى، يېزا ئاھالىسى ۋە ئۆلىمالار ئۇيۇشمىسىنىڭ بىر قىسىم مەسئۇللىرىنىڭ ئىشتىراكى بىلەن شۇ يېزىدىكى «جەتېكىستىلىڭ قەبرىستانلىقى»غا دەپنە قىلىندى. ھىندىستان ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەينى ـ كەينىدىن تەزىيەنامىلەر كېلىشكە باشلىدى. ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا غائىب نامازلىرى ئوقۇلدى. مۇبارەك رامىزاننىڭ 27 ـ كېچىسى ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن تەخمىنەن بەش

---

[1] يۇسۇق قەرەداۋىي: «شەيخ ئەبۇلھەسەن نەدۋىي كىما ئەرەفتۇھۇ»، 61—62 ـ بەت.

مىليونـدەك مۇسۇلمان ھەرەمدە خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن، ئۇنىڭ غائىب نامىزىنى ئوقۇدى.

## مۇئەللىپنىڭ ئەسەرلىرى

مۇئەللىپنىڭ دەۋەت، پىكىر ۋە تارىخ ھەققىدە يازغان ئەرەبچە قىممەتلىك ماقالىلىرى ۋە چوڭ ھەجىمدىكى شاھانە ئەسەرلىرى بار بولۇپ، بىز كەڭ ئوقۇرمەن قېرىنداشلارنىڭ مەزكۇر ئەسەرلەردىن ۋاقىپ بولۇشى ۋە پايدىلىنىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، تۆۋەندە شۇ كىتابلارنىڭ ئەرەبچە ئىسىملىرىنى ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە بەردۇق:

(أ)

1. الإجتهاد ونشأة المذاهب الفقهية
2. أحاديث صريحة في أمريكا
3. أحاديث صريحة مع إخواننا العرب والمسلمين
4. إذا هبت ريح الإيمان
5. ارتباط مسير الإنسانية ومصيرها بقيام المسلمين بواجبهم، ودورهم في تكوين وحدة وتوجيه دعوة
6. الأركان الأربعة في ضوء الكتاب والسنة
7. أريد أن أتحدث إلى الإخوان
8. إزالة أسباب الخذلان أهم من إزالة آثار العدوان
9. أزمة إيمان وأخلاق
10. أسبوعان في المغرب الأقصى
11. الإسلام أثره في الحضارة وفضله على الإنسانية
12. الإسلام فوق القوميات والعصبيات
13. الإسلام في عالم متغير
14 الإسلام في عالم متغير بحوث إسلامية قيمة

15. الإسلام والحكم
16. الإسلام والغرب
17. الإسلام والمستشرقون
18. اسمعوها مني صريحة أيها العرب
19. اسمعي يا إيران
20. اسمعي يا زهرة الصحراء
21. اسمعي يا سورية
22. اسمعي يا سورية
23. اسمعي يا مصر
24. أضواء على الحركات والدعوات الدينية والإصلاحية، ومدارسها الفكرية ومراكزها التعليمية والتربوية في الهند، ودورها ونجاحها في إصلاح العقيدة، ومحاربة الجاهلية والخرافية، والدعوة إلى الدين الحنيف الخالص، والانتفاضة الإسلامية
24. أكبر خطر على العالم العربي المؤامرات والمخططات الدقيقة العميقة لقطع العرب عن الإسلام
25. إلى الإسلام من جديد
26. إلى الراية المحمدية أيها العرب
27. إلى شاطئ النجاة
28. إلى قمة القيادة العالمية
29. إلى ممثلي البلاد الإسلامية
30. الإمام حسن البصري
31. الإمام عبد القادر الجيلاني
32. الإمام الذي لم يوف حقه من الإنصاف والاعتراف أحمد بن عرفان الشهيد
33. الإمام محمد بن إسماعيل البخاري وكتابه صحيح البخاري
34. الأمة الإسلامية وحدتها ووسطيتها وآفاق المستقبل

35. أمريكا وأوروبا وإسرائيل
36. إن في ذلك لذكرى لمن كان له قلب
37. أهمية الحضارة في تاريخ الديانات وحياة أصحابها
38. أهميــة نظــام التربيــة والتعليــم فــي الأقطــار الإســلامية وأثــره البعيــد فــي اتجاهاتهــا وقياداتهــا

(ب)

39. بين الإنسانية وأصدقائها
40. بين الجباية والهداية
41. بين الدين والمدنية
42. بين الصورة والحقيقة
43. بين العالم وجزيرة العرب
44. بين نظرتين

(ت)

45. تأملات في القرآن الكريم / تأملات في سورة الكهف
46. التربية الإسلامية الحرة في الحكومات والبلاد الإسلامية
47. ترجمة السيد الإمام أحمد بن عرفان الشهيد
48. ترشيد الصحوة الإسلامية
49. تضحية شباب العرب قنطرة إلى سعادة البشرية
50. تعالوا نحاسب نفوسنا وقادتنا
51. التفســير السياســي للإســلام فــي مــرآة كتابــات الأســتاذ أبــى الأعلــى المــودودي وســيد قطــب

(ث)

52. ثورة في التفكير

(ج)

53. جوانب السيرة المضيئة في المدائح النبوية الفارسية والأردية

(ح)

54. حاجة البشرية إلى معرفة صحيحة ومجتمع إسلامي
55. حاجة العالم إلى الدعوة الإسلامية
56. حاجة العالم إلى مجتمع إسلامي مثالي أفضل
57. الحاجة إلى التركيز على جانب حاسم
58. حديث مع الغرب
59. الحضارة الغربية الوافدة وأثرها في الجيل المثقف كما يراه
60. حكمة الدعوة وصفة الدعاة

(خ)

61. خليج بين الإسلام والمسلمين
62. خواطر وفصول

(د)

63. الداعية الكبير الشيخ محمد إلياس الكاندهلوي ودعوته
64. دراسة للسيرة النبوية من خلال الأدعية المأثورة المروية
65. درس من الحوادث
66. دعوة وتاريخ
67. الدعوة الإسلامية في العصر الحاضر جبهاتها الحاسمة ومجالاتها الرئيسية
68. الدعوة الإسلامية في الهند وتطوراتها
69. الدعوة إلى الله حماية المجتمع من الجاهلية وصيانة الدين من التحريف

70. الدعوة والدعاة مسئولية وتاريخ
71. دور الإسلامي الإصلاحي في مجال العلوم الإنسانية
72. دور الإسلام في تقدم البلاد التي دخلها
73. دور الإسلام في نهضة الشعوب
74. دور الأمة الإسلامية في إنقاذ البشرية وإسعادها
75. دور الجامعات الإسلامية المطلوب في تربية العلماء وتكوين الدعاة وحماية الأقطار الإسلامية من التناقض والمجابهة
76. دور الحديث في تكوين المناخ الإسلامي وصيانته
77. دور المسلمين القيادي والاجتهادي في الهند

(ر)

78. ربانية لا رهبانية
79. رجال الفكر والدعوة في الإسلام (أربع مجلدات)
80. ردة ولا أبا بكر لها
81. رسائل الأعلام
82. رسالة التوحيد
83. رسالة سيرة النبي الأمين إلى إنسان القرن العشرين
84. روائع إقبال
85. روائع من أدب الدعوة في القرآن والسنة

(س)

86. سياسة التربية والتعليم السليمة
87. سيرة خاتم النبيين
88. السيرة النبوية

(ش)

89. شاعر الإسلام الدكتور محمد إقبال

90. شخصيات وكتب

(ص)

91. الصراع بين الإيمان والمادية

92. الصراع بين الفكرة الإسلامية والفكرة الغربية في الأقطار الإسلامية

93. صلاح الدين الأيوبي

94. صورتان متضادتان لنتائج جهود الرسول صلى الله عليه وسلم الدعوية والتربوية وسيرة الجيل المثالي الأول عند أهل السنة والشيعة الإمامية

(ط)

95. الطريق إلى السعادة والقيادة للدول والمجتماعات الإسلامية الحرة

96. الطريق إلى المدينة المنورة

(ع)

97. عاصفة يواجهها العالم الإسلامي والعربي

98. العرب والإسلام

99. العرب يكتشفون أنفسهم

100. العقيدة والعبادة والسلوك

101. على الخشبة (للأطفال)

102. العوامل الأساسية في كارثة فلسطين

(غ)

103. غارة التتار على العالم الإسلامي وظهور معجزة الإسلام

(ف)

104. فاستخف قومه فأطاعوه

105. الفتح للعرب المسلمين
106. فضل البعثة المحمدية على الإنسانية
107. في ظلال البعثة المحمدية
108. في مسيرة الحياة (ثلاث مجلدات)

(ق)

109. القاديانية ثورة على النبوة المحمدة والإسلام
110. القاديانية مؤامرة خطيرة وثورة على النبوة المحمدية
111. القادياني والقاديانية
112. قارنوا بين الربح والخسارة
113. القراءة الراشدة (للأطفال ثلاث مجلدات)
114. القرن الخامس عشر الهجري الجديد في ضوء التاريخ والواقع
115. قصص من التاريخ الإسلامي (للأطفال ثمان مجلدات)
116. قصص النبيين (للأطفال خمس مجلدات)
117. قصة كتاب يحكيها مؤلفه
118. قيمة الأمة الإسلامية بين الأمم

(ك)

119. كارثة التعصب اللغوي والثقافي
120. كارثة العالم العربي الحقيقة وأسبابها
121. كلمة عن أدب التراجم والحديث عن الكتب
122. كيف توجه المعارف في الأقطار الإسلامية
123. كيف دخل العرب التاريخ
124. كيف يستعيد العرب مكانتهم اللائقة بهم وكيف يحافظونها
125. كيف ينظر المسلمون إلى الحجاز والجزيرة العربية

(م)

126. المأساة الأخيرة في العالم العربي ودراستها من الناحية الدينية والخلقية والمبدئية والدعوية وتحليل أسبابها وانعكاساتها

127. المأساة الفلسطينية في بيروت

128. ماذا خسر العالم بانحطاط المسلمين

129. المجتمع الإسلامي المعاصر فضله وقيمته، حاجته ومتطلباته وطريق الانتفاع به

130. محمد رسول الله الأعظم وصاحب المنة الكبرى على العالم، ومسئولية العالم المتمدن المنصف الأدبية والخلقية نحوه

131. مختارات من أدب العرب (مجلدان)

132. المدخل إلى دراسات الحديث

133. المدخل إلى الدراسات القرآنية

134. المد والجزر في تاريخ الإسلام

135. مذكرات سائح في الشرق العربي

136. المرتضى (سيرة أمير المؤمنين علي بن أبي طالب رضي الله عنه)

137. مستقبل الأمة العربية الإسلامية بعد حرب الخليج

138. المسلمون تجاه الحضارة الغربية

139. المسلمون في الهند

140. المسلمون ودورهم

141. المسلمون وقضية فلسطين

142. مصادر العلوم الإسلامية

143. مطالبة القرآن الانقياد التام والاستسلام الكامل

144. مع الإسلام

145. معقل الإنسانية

146. المعهد العالي للدعوة والفكر الإسلامي

147. ملة إبراهيم وحضارة الإسلام يجب أن ندعو إليها على بصيرة

وثقـة
148. من الجاهلية إلى الإسلام
149. من دون أحد
150. من غار حراء
151. من مؤلفات الشيخ
152. من نفحات القرن الأول
153. من نهر كابل إلى نهر اليرموك
154. منهج أفضل في الإصلاح للدعاة والعلماء
155. مواساة أم مساواة
156. موقف العالم الإسلامي تجاه الحضارة الغربية
157. موقف المسلم إزاء أسلافه الجاهليين

(ن)

158. النبوة والأنبياء في ضوء القرآن
159. النبوة هي الوسيلة الوحيدة للمعرفة الصحيحة والهداية الكاملة
160. النبي الخاتم
161. النبـي الخاتـم والديـن الكامـل ومـا لهمـا مـن أهميـة فـي تاريـخ الأديـان والملـل
162. نحن الآن في المغرب
163. نحو تكوين مجتمع إسلامي جديد
164. ندوة العلماء تاريخها ورسالتها
165. ندوة العلماء مدرسة فكرية شاملة
166. نظامان إلهيان للغلبة والانتصار
167. نظـام التربيـة والتعليـم فـي الأقطـار الإسـلامية وأثـره البعيـد فـي اتجاهاتهـا وقياداتهـا
168. نظرات في الأدب

169. نظـرات علـى الجامـع الصحيـح للإمـام البخـاري وميـزات أبوابـه وتراجمـه

170. نظرة جديدة إلى التراث الأدبي العربي

171. نظرة مؤمن واع إلى المدنيات المعاصرة الزائفة

172. نفحات الإيمان بين صنعاء وعمان

(هـ)

173. هلال رمضان يتكلم

(و)

174. وأذن في الناس بالحج

175. واقع العالم الإسلامي وما هو الطريق السديد لمواجهته وإصلاحه

176. وا معتصماه

# بىرىنچى نەشرىگە كىرىش سۆز

جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلىسىگە ۋە پۈتۈن ساھابىلىرىگە دۇرۇت ۋە سالاملار بولسۇن!

ھۆرمەتلىك كىتابخان!

قولىڭىزدىكى بۇ ماقالىلەر توپلىمىدا بايان قىلىنغان لېكسىيەلەرنى ھەر خىل ماۋزۇ ۋە مەزمۇنلاردا، ئوخشىمىغان يەر ۋە ۋاقىتلاردا يېزىپ نۇتۇقلىرىمدا سۆزلىگەن ئىدىم. شۇنداقتىمۇ، بۇ ماقالىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئېڭىنى ئويغىتىش؛ ھاياتتىكى نىشانلىرى، پىرىنسىپلىرى، ئورنى ۋە پۈتۈن ئىنسانلار ئالدىدىكى ئىلاھىي ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا بولغان ئىشەنچىسىنى قايتۇرۇپ كېلىش؛ ئۇلارنى بۇ ئىلاھىي ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىش ئۈچۈن ھازىرلاش؛ ئازغۇنلۇق ۋە قالايمىقانچىلىققا تولغان دۇنيانىڭ رەھبەرلىك ۋە قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ۋە غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاۋاتقان يولۇچىلار بىلەن بىخۇد ماتروسلارنىڭ قولىدا يولدىن ئاداشقان ھاياتلىق كېمىسىنىڭ رولىنى قايتىدىن قولغا ئېلىش ئۈچۈن تەييارلاشتىن ئىبارەت بىر ئورتاق نىشاندا ئورتاقلىققا ئىگە.

بۇ لېكسىيە ۋە ماقالىلەرنىڭ خىتاب ئوبيېكتى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ھەمدە ئىنسانلارغا يۈكلەنگەن ئىلاھىي ۋەزىپىنىڭ ساھىبى بولغان ئەڭ ئاخىرقى ئىسلام ئۇممىتى بولۇپمۇ ئەرەب مىللىتىدۇر. چۈنكى، ئاۋۋالقى ئەسىردە ئىسلام قۇياشى شۇلارنىڭ ئاسمىنىدا پارلاپ،

جاھاننى يورۇتقان ئىدى. ئاللاھ تائالا ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئىسلامنى مەدەنىيەتلەشكەن ۋە تەرەققىي تاپقان پۈتۈن ئەللەرگە يەتكۈزۈش ھەمدە پۈتۈن دۇنياغا رەھبەرلىك قىلىدىغان مەركىزىي ئورۇننى تەييارلاش ئۈچۈن، بۇ مىللەتنى دۇنيانىڭ ئەڭ ياخشى مەركىزىگە جايلاشتۇرغان.

بۇ لېكسىيەلەرنى باشقا - باشقا ۋاقىتلاردا يازغانلىقىم ئۈچۈن، تېمىلارنىڭ بىر - بىرىگە باغلىنىشى ھەققىدە ئازراق گۇمانىم بار ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، دەسلەپتە بۇ ماقالىلەرنى توپلام ھالدا نەشر قىلىش ھەققىدە تەلەپ سۇنۇلغاندا، بۇ تەلەپكە ماقۇل دېيىشتىن سەل ئىككىلىنىپ قالغان ئىدىم. كېيىن ماقالىلەرنى قايتا كۆزدىن كەچۈرگىنىمدە، ئۇلارنى بىر - بىرىگە باغلايدىغان ئورتاقلىققا ئىگە بىرقانچە نۇقتا بارلىقىنى بايقىدىم. ئۇ بولسىمۇ «يېڭىدىن ئىسلامغا» ئىكەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، ماقالىلەرنى بىر كىتابقا جەملىدىم ۋە بۇ كىتابنى «يېڭىدىن ئىسلامغا» دەپ ئاتىدىم.

بۇ كىتابنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە مەنپەئەتلىك بولۇشى، سوقۇشتىن توختىغان يۈرەكلەرنىڭ ھەرىكەتكە كېلىشى، ئۆلگەن روھلارنىڭ قايتىدىن تىرىلىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىمەن. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

HAKSEVER

ئەبۇلھەسەن ئەلى ئەلھەسەنىي نەدۋىي
قاھىرەدە تەكلىپلىك مېھمان
1951 - يىلى

# ئىككىنچى نەشرىنىڭ كىرىش سۆزى

جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. دۇرۇت ۋە سالاملار ئۇنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولسۇن!

ھىجرىيە 1370 ـ يىلى قاھىرەدە «يېڭىدىن ئىسلامغا» ناملىق كىتابىنىڭ بىرىنچى نەشرى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. لېكىن، ئۇنىڭدا نۇرغۇن باسما خاتالىقى ۋە ئۆزگەرتىۋېتىشلەر مەۋجۇت بولۇپ، مۇئەللىپىنىڭ ئۆزىمۇ نۇرغۇن سۆزلەرنى چۈشىنىش ۋە ئەسلىگە قايتۇرۇشتا ئىككىلىنىپ قالغان ئىدى. بۇنىڭدىن نەشرىياتنىڭ كىتابنىڭ تەھرىرلىنىشىگە ۋە سۈپەتلىك بېسىلىشىغا يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكى مەلۇم. شۇنداق تۇرۇقلۇق بۇ كىتاب مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تېزلا تارقىلىپ، ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىرىنچى نەشرى تۈگىدى.

كېيىنكى كۈنلەردە «يېڭىدىن ئىسلامغا»، «ئەرەبلەر ۋە ئىسلامىيەت»، «مەدىنىگە يول» قاتارلىق ھەر خىل تېمىلاردىكى ماقالىلىرىمنى جەملىدىم، يەنە بىر قىسىم ماقالىلەرنى يازدىم ۋە «يېڭىدىن ئىسلامغا» دېگەن تېمىغا مۇناسىۋەتلىك، مەزكۇر نامدىكى توپلامغا كىرگۈزۈشكە بولىدىغان بىر قىسىم لېكسىيەلەرنى سۆزلىدىم. شۇنداق قىلىپ، كۆپىنچىسى كونا، ئاز بىر قىسمى يېڭى ماقالىلەردىن تەركىب تاپقان، «يېڭىدىن ئىسلامغا» دېگەن نامدا، ماقالىلىرىنىڭ مەزمۇنى ئۆزئارا باغلىنىشقا ئىگە بىر كىتاب بارلىققا كەلدى. شۇ ۋەجىدىن، ئوقۇرمەنلەر كىتابنىڭ ئىككىنچى نەشرىدە بىرىنچى نەشرىدە يوق بىر قىسىم ماقالىلەرنى تاپالايدۇ.

بەزى دوستلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ كىتابنى نەشر قىلدۇرۇش ئارزۇلىرى بارلىقىنى بىلدۈردى. مەنمۇ بۇ كىتابنىڭ يېڭىدىن بېسىلىپ چىقىشى ئۈچۈن پۇرسەت بىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىسلام دەۋىتى ۋە چۈشەنچىلىرىنى تارقىتىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىگە تەشەككۈر ئېيتىش يۈزىسىدىن كىتابنى نەشر قىلىشقا رۇخسەت قىلدىم. ئاللاھ ئەڭ توغرا يولنى كۆرسەتكۈچىدۇر.

ئەبۇلھەسەن ئەلى ئەلھەسەنى نەدۋى

ھىجرىيە 1387 / 1 / 1 ـــ مىلادىيە 1967 / 4 / 10

HAKSEVER

# ئىسلام ئەللىرى ۋەكىللىرىگە خىتاب

ھەرقايسى دۆلەت، مىللەت ۋە جەمئىيەت ۋەكىللىرى توپلانغان ئاممىۋى مەدەنىيەت يىغىنىغا[1] قاتنىشىپ، ئۆزۈمنى دۆلەت، مىللەت ۋە مەدەنىيەت كۆرگەزمىسىگە كەلگەندەك ھېس قىلىپ قالدىم. ھۆرمەتلىك ۋەكىللەر! سىلەرنى ئۆز خەلقىڭلار ئىچىدىكى سەرخىللار دەپ ئويلايمەن. بۇ سىلەرنىڭ باشقىلاردىن كىيىم - كېچەك، قەددى - قامەت ۋە قىياپەتتە پەرقلەنگىنىڭلار ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ھېلىھەم ئىنسانلارنىڭ سەرخىلى بولۇپ كېلىۋاتقان بۈيۈك ئىسلام مىللىتىنىڭ ۋەكىللىرى بولغانلىقىڭلار ئۈچۈندۇر.

بۇندىن 13 ئەسىر ئىلگىرى دۇنيا ئۆز لىنىيەسىدە، ھەر ئىش ئۆز يولىدا نورمال يۈرۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. يېزا ۋە شەھەر ئاھالىلىرى زىچ، چوڭ شەھەرلەردە ئېگىز بىنالار قەد كۆتۈرگەن، ھۈنەر - كەسىپ ۋە تىرىكچىلىك يوللىرى گۈللەنگەن ھەم ئۈنۈمۈبىرساللاشقان ئىدى. دېھقانچىلىق، سودا - سانائەت (بۈگۈنكى دۇنياغا قارىغاندا ئاددىي بولسىمۇ) مەۋجۇت ئىدى. بىر تەرەپتىن، دېھقانلار ئىشلەۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، تىجارەت كارۋانلىرى شەرق ۋە غەرب ئارىسىدا ئۈزلۈكسىز قاتناپ تۇراتتى. بازارلار تىجارەتماللىرى بىلەن تولۇپ - تاشقان، ھۈنەرۋەنلەر ئۆز كەسىپلىرىگە پۈتۈن كۈچىنى قاراتقان ئىدى. (بۈگۈنكىدەك) باي ۋە نوپۇسى كۆپ دۆلەتلەر، ھۆكۈمەتلەر ۋە ئەمىرلىكلەرمۇ مەۋجۇت ئىدى. ھەربىر خىزمەت ئورنىدا لاياقەتلىك كىشىلەر

---

[1] بۇ 1947 - يىل ئاپرىل ئېيىدا ھىندىستاننىڭ دېھلى شەھىرىدە ئېچىلغان ئاسىيا مەدەنىيەت يىغىنى بولۇپ، يىغىنغا مىسىر، لىۋان، ئافغانىستان، ئىران، تۈركىيە ۋە ھىندونېزىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشقان.

ئىشلەيتتى. يەر يۈزى ئوخشىمىغان مىللەتلەر ئۈچۈن تۇرالغۇ، خىلمۇخىل مەدەنىيەتلەر ئۈچۈن سەھنە ئىدى. ئىنسانىيەتنىڭ ماددىي ھاياتىدا ھېچبىر بوشلۇق كۆرۈنمەيتتى. شەھەرلەردە خىزمەت تېپىشمۇ ئاسانغا چۈشمەيتتى. قىسقىسى، ھايات پىيالىسى لىق بولۇپ، يەنە قۇيسا تېشىپ كېتىدىغاندەك ھالەتتە ئىدى.

ئەنە شۇنداق بىر ۋەزىيەتتە، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا يېڭى بىر ئۈممەت بارلىققا كەلدى. مەن شۇ دەۋردىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا: «يەر يۈزىدە نۇرغۇن مىللەتلەر بار تۇرۇپ، بۇ يېڭى ئۈممەتنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدا نېمە سەۋەب بار؟ بۇلارنىڭ دۇنيادىكى ئىشى ۋە ۋەزىپىسى زادى نېمە؟» دېگەندەك سوئاللىرىنى ئاڭلاۋاتقاندەك ئىدىم.

يەنە ئۇلارنىڭ مۇنداق دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاۋاتقاندەك قىلاتتىم: «بۇ ئۈممەت تېرىقچىلىق ۋە يەر كۆكەرتىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنمىكىن دېسەك، بۇنىڭغا تائىف، مەدىنە، فىرات، نىل ۋە ئافرىقا قىتئەلىرىدىكى دېھقانلار يېتەتتى، يېڭى بىر تېرىقچى ئۈممەتكە ئېھتىياج يوق ئىدى. يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ تۇپراقلىرى ۋە شەھەرلىرى سۇت ۋە ھەسەل ئېشلەپچىقىرىدىغان باغۇبوستانلىق ئىدى. ئەگەر بۇ يېڭى ئۈممەت تېرىقچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن بولسا، نېمىشقا ئىراق، مىسىر، ھىندىستان قاتارلىق تۇپراقلىرى مۇنبەت شەھەرلەردە ئەۋەتىلمەي، قانداق بولۇپ بۇنداق بىر چۆلدە ئەۋەتىلىدۇ؟

ئەگەر تىجارەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنمىكىن دېسەك، بۇنىڭغا تىجارەتكە ماھىر، جاھانكەزدى مەدىنە يەھۇدىيلىرى، شام نەبتىلىرى، مىسىر قىبتىلىرى ۋە سىند تىجارەتچىلىرى يېتىپ ئاشاتتى. ئەگەر بۇ يېڭى ئۈممەتنىڭ غايىسى راستىنلا تىجارەت قىلىش بولسا، ئۇنداقتا نېمىشقا تىجارەت كارۋانلىرىنىڭ ئۆتەڭلىرىگە ياكى چوڭ سودا ـ سانائەت مەركەزلىرىگە ئەڭ يېقىن جايلاردىن ئەۋەتىلمەيدۇ؟

ھۈنەر ـ سانائەت ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرى ئۈچۈن

ئەۋەتىلگەنمىكىن دېسەك، ئەلۋەتتە بۇ ساھەدىمۇ يېتەرلىك سانائەتچى ۋە ھۈنەرۋەنلەرگە ئىگە، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بار.

بۇ ئۇممەت رۇم ياكى پارس ئىمپېراتورلۇقلىرىنىڭ ئىدارىي قىسمىغا سىڭىپ كىرىپ، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ۋەزىپە ئۆتەش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنمىكىن دېسەك، پارس ۋە شامىلىقلارنىڭ ئۆزى ئىدارىي ئىشلاردا يېتىپ ئاشاتتى ۋە بۇ ساھەدە سىرتتىن كەلگەنلەرگە پۇرسەتمۇ بەرمەيتتى.

بۇ ئۇممەت پەقەت راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇش، لەززەتلىك تاماق، تاتلىق سۇ، ئېسىل كىيىم ۋە كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىغان ھەشەمەتلىك تۇرالغۇلاردا ياشاش ئۈچۈنلا ئەۋەتىلگەن بولسا ۋە بۇنىڭدىن باشقا غايىسى بولمىسا، بۇ ھەيران قالغۇدەك يېڭى بىر ئۇممەتمۇ بولالمايتتى. ئەلۋەتتە بىز ئۇلار بىلەن ھايات بەيگىلىرىدە بەسلىشىپ، ئۇرۇشۇپ بولسىمۇ، بۇلاقلىرىمىزغا يېقىن يولاتمايتتۇق. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بايلىقلىرىمىز ئۆزىمىزگە ئاران يېتىۋاتسا، يېڭى بىر ئۇممەتكە قانداقمۇ ئاشسۇن؟!

ئەگەر بۇ ئۇممەتنىڭ غايىسى سەلتەنەت ياكى دۆلەت قۇرۇش بولسا، بۇنى ئوچۇق جاكارلىشى، پادىشاھ ۋە پاتىھلارنىڭ يولىنى تۇتۇشى، دىن تونىغا ئورىنىۋالماسلىقى كېرەك ئىدى.

يېزا ـ ئىگىلىك، تىجارەت، سانائەت، ئىش، خىزمەت، باياشات تۇرمۇش ۋە سەلتەنەت قاتارلىقلارنىڭ يولى بۇ يېڭى ئۇممەتنىڭ تۇتقان يولىغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، ئۇ بىزنىڭ چوڭلىرىمىزنى نادانغا چىقاردى، ئىلاھلىرىمىزنى ئەيىبلىدى، ئەقىدە، ئەخلاق ۋە ئەمەللىرىمىزگە ھۇجۇم قىلدى. يېڭى بىر دىنغا دەۋەت قىلىمىز دەپ نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتتى ۋە شۇ يولدا تالاي جىھادلارنى قىلدى. ھالبۇكى، ئۇلارغا باياشات ياشاپ، سەلتەنەت سۈرۈش يولى ئوچۇق ئىدى. چۈنكى، قەدىمدە نۇرغۇن خەلقلەر، پادىشاھلار ۋە ھىممەتلىك كىشىلەر بۇ يولدا نەچچە رەت مېڭىپ باققان ئىدى. دېمەك، بۇ يول ئوچۇق تۇرۇپ، يېڭى ئۇممەتنىڭ

بۇ يولدىن يۈرمەسلىككە توسالغۇ بولغان زادى كىم؟ ئۇلارنى ھاياتنىڭ داغدام يولىدىن قايتۇرغان نەرسە زادى نېمە؟».

مېنىڭچە، بۇ سوئاللار ئىسلامنىڭ سۈبھى دەۋرىدىكى دانالارنىڭمۇ خىيالىدىن كەچكەن. مەن ئۇلارنى ئەيىبلىمەيمەن ھەم بۇنداق سوئاللاردىن ھەيرانمۇ قالمايمەن. چۈنكى، ھەرقانداق يېڭى بىر ئىش ئوتتۇرىغا چىققان ھامان ئىنسانلارنىڭ كاللىسىغا بۇنداق سوئاللارنىڭ كېلىشى ۋە تىلىدىن تۆكۈلۈشى تەبىئىي ئىش. ئۇنداقتا، «نېمىشقا ھەرقانداق بىر ئۈممەت ئوتتۇرىغا چىققاندا، مۇشۇنداق سوئاللار تۇغۇلمايدۇ؟».

بۇ سوئالنىڭ جاۋابى نېمە؟ ئەگەر بۇ ئۈممەتنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ھەقىقەتەن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان نۇقتىلارغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ دۇنيادا يېڭى ۋەزىپىسى ۋە پۈتۈن دۇنيانى قاپلىغان دەۋەت خىزمىتى بولمىسا، ئۇنداقتا بۇ ئۈممەت ئارتۇقچە ھەم دۇنيا داستىخىنىدىكى چاقىرىلمىغان مېھمان بولۇپ قالامدۇ؟

لېكىن، جانابى ئاللاھ بۇ ئۈممەتنى يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ھېچبىرى ئۈچۈن ئەۋەتمىگەن. بۇ ئىشلار ئۈچۈن بىرەر ئۈممەت ۋە شەخسنى ئەۋەتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. چۈنكى، بۇ ئىشلار ئىنساننىڭ تەبىئىتىدە بار بولۇپ، ئالاھىدە بىر پەيغەمبەرنىڭ كېلىشىگە، يېڭى بىر ئۈممەتنىڭ ئەۋەتىلىشىگە، ئۇزۇن مەزگىل كۆرەش قىلىشقا، تارىختا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە ئىنسانلارنىڭ ئەقىدىسىدە، ئەخلاقىدا، ھېس - تۇيغۇلىرىدا، پىكىر سىستېمىسىدا ۋە ھايات يولىدا ئالەمشۇمۇل تەۋرىنىش پەيدا قىلىشقا ئېھتىياج يوق.

ئەسلىدە ئۇلار ئىنسانىيەت ئەزەلدىن بىلىدىغان، ئەمما دۇنياغا بېرىلگەندىن كېيىن ئۇنتۇپ قالغان مۇھىم ۋەزىپە ۋە ئۇلۇغ نىشان ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئىدى. بۇ ۋەزىپە ۋە نىشان ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە قىلغان مۇنۇ خىتابتا ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇلغان:

***﴿(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر﴾***[1]. ئاللاھ تائالا بۇ ئۈممەتنىڭ چۆل رەيھىنى ياكى شەيتان ئوتلىرىغا ئوخشاش ئۆزلۈكىدىن ئۈنۈپ قالغان ياكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈنلا ئەۋەتىلگەن ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت مۇھىم ۋەزىپە ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنلىكىنى ئەسكەرتىدۇ.

مانا مۇشۇ ئىشلار بۇ ئۈممەتنىڭ تارىخ سەھنىسىدە تاللانغان ئۈممەت بولۇشىغا يېتەرلىك. چۈنكى، بارچە مىللەت مەلۇم غايە ـ نىشان ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. قورساق غېمى ۋە مال ـ دۇنياغا مەپتۇن بولۇپ، شۇنىڭ ئۈچۈن ياشايدۇ ۋە شۇ يولدا جان بېرىدۇ. ئەمما، ئىسلام ئۈممىتى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن؛ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشقا، ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىپ، ئۇنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشقا تاللانغان ئۈممەتتۇر.

بۇ ئۈممەتنىڭ ئۆزى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ قەلبى بولغان مەككە شەھرىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. پۈتۈن ئەلنى ئىدارە قىلىپ تۇرۇۋاتقان مەككە ئاقساقاللىرى ئەتراپىدىكىلەرنى بۇلارغا قارشى ھەدەپ قۇترىتىشقا، يېڭى پەيدا بولغان بۇ ئۈممەتنى بۇرۇندىن تارتىپ كۆنۈپ قالغان ئۆلچەم، تارازىلىرى بىلەن تارتىشقا باشلىدى. ئۇلار بۇ ئۈممەتكىمۇ كۆنۈككەن قىممەت ـ قاراشلىرى بويىچە باھا بېرىپ، ئۇلارنى جىڭغا ئولتۇرمايدىغان، ساپاسىز كىشىلەر كۆرۈپ، ئىسلام دەۋىتىنىڭ يېتەكچىسى ۋە دۇنيادىكى تۈنجى مۇسۇلمان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

ـ سەن قەۋمىڭگە چوڭ بىر ئىشنى ئېلىپ كەلدىڭ، شۇ ئارقىلىق جامائەتنى پارچىلىدىڭ. ئاقساقاللارنى ئەقىلسىزغا

---

[1] «ئال ئىمران»: 110 ـ ئايەت.

چىقاردىلىك، ئىلاھلىرىنى ۋە دىنىنى ئەيىبلىدىلىك، ئەجدادلىرىنى كاپىرغا چىقاردىلىك. ئەمدى مەن ساڭا بىر قاتار تەكلىپ - پىكىرلەرنى بېرەي. بەزىسىنى قوبۇل قىلىپ قالساڭ ئەجەب ئەمەس. ئاڭلاپ باققىن، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋابەن:

- ھەي ئەبۇ ۋەلىد! قېنى سۆزلە، قۇلىقىم سەندە، - دېدى. ئەبۇ ۋەلىد سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

- ئەي قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! سەن ئېلىپ كەلگەن بۇ ئىش ئارقىلىق مال - دۇنيا توپلىماقچى بولساڭ، بىز ئۆزئارا يىغىش قىلىپ، سېنى ئارىمىزدىكى ئەڭ باي كىشىگە ئايلاندۇرۇۋېتەيلى. ئەگەر ئىززەت - ئابرۇي قوغلاشماقچى بولساڭ، سېنى بېشىمىزغا چىقىرىپ، بۇيرۇقۇڭسىز ھېچ ئىش قىلمايلى. ياق، بۇلارمۇ ئەمەس، پەقەت پادىشاھلىقنىلا ئارزۇ قىلساڭ، بىز سېنى دەرھال ئۆزىمىزگە پادىشاھ قىلايلى، - دېدى[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزلەرنى تەمكىنلىك بىلەن ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىككىلەنمەيلا قەتئىي رەت قىلدى. قۇرەيشلەرنىڭ بۇ تەكلىپلىرى يالغۇز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىلا ئەمەس، ئۇ رەھبەرلىك قىلغان يېڭى ئۇممەتكىمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ تەكلىپلەرنى رەت قىلىشىمۇ ئۆز نامىدىنلا ئەمەس، بەلكى قىيامەتكىچە كېلىدىغان پۈتۈن ئۇممەت نامىدىن ئىدى.

قۇرەيش ئاقساقاللىرى يۇقىرىدىكى دىيالوگلاردىن كېيىن بۇ ئۇممەت بىلەن سودىلىشىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىمۇ، ئۇنىڭ ئۇممىتىگىمۇ ۋاستىلىك ياكى ۋاستىسىز ھالدا ئۇنداق تەكلىپلەرنى سۇنالمىدى.

شۇنىڭدىن تارتىپ ئارقىمۇئارقا ئۇرۇش - جېدەللەر باشلاندى. شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، بۇ كۈرەشلەرنىڭ سەۋەبى

[1] ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە ۋەننىھايە»، 3 - توم، 50 - بەت.

ھەرگىز مال ـ دۇنياغا ئىگە بولۇش ياكى بازارلارنى كونترول قىلىپ، تىجارەت ۋە ئىقتىسادنى جانلاندۇرۇش ئەمەس. يىغىپ ئېيتقاندا، مەزكۇر ئۇرۇش ۋە كۈرەشلەرنىڭ ئەسلىي سەۋەبى ئىسلام ۋە جاھىلىيەت ئارىسىدىكى توقۇنۇش ئىدى. تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئاللاھ تائالاغا قۇلچىلىق قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە بويسۇنۇش بىلەن ھېچقانداق ئۆلچەم تونۇمايدىغان، ھېساب ۋە ئاخىرەتتىن قورقمايدىغان بىر ھايات ئارىسىدىكى كۈرەش ئىدى.

بۇ كۈرەشلەر نەتىجىسىدە شانلىق بەدرى غازىتى مەيدانغا كەلدى. قارشى تەرەپ 1000 نەپەر ئەسكەر بىلەن ئۇرۇشقا قاتناشقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 313تىن ئاشمايدىغان بىر مۇجاھىدلار قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلار ئەگەر ئۆزلىرىگە ۋە ماددىي كۈچىگىلا تاشلاپ قويۇلسا، قانداق نەتىجە چىقىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. چۈنكى، ھەرقانداق سانى ئاز، ئاجىز قوشۇن بىلەن سانى كۆپ، كۈچلۈك قوشۇن ئارىسىدىكى جەڭنىڭ نەتىجىسى ھەممىگە ئايان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر پەيغەمبەر سۈپىتىدە، ئۆزىنىڭ بەندىچىلىكىنى ئىزھار قىلغان ھالدا، چارىسىزنىڭ تېۋىنىشلىرى بىلەن ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرۇپ يىلىندى. ئەبەدىي ئۆچمەس تىلەكلەر ۋە ئاڭلىغان ھەر كىشى چۈشىنەلەيدىغان ئوچۇق سۆزلەر بىلەن بۇ جامائەتنى تىلىۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزكۇر تىلەكلىرى بۇ ئۈممەتنىڭ ۋەزىپىسى ۋە يارىتىلىش غايىسىنىڭ ئەڭ يارقىن تەبىرى ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «بۇ بىر ئوچۇم مۇجاھىد قوشۇن يېڭىلسە، دۆشمەنگە يەم بولىدۇ، مەدىنە خاراب بولىدۇ، بازارلار قۇرۇقدىلىپ، تىجارەت كاساتلىشىدۇ، دېھقانچىلىق تاشلىنىدۇ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئىشتىن توختاپ، ھايات مەشغۇلاتلىرى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ» دېمىدى. ئەلۋەتتە، بۇلاردىن ھېچبىرىنى

دەپ باقمىدى. چۈنكى، بۇ ئىشلارنىڭ ھېچبىرى مۇسۇلمانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ۋە بىۋاستە قول تىقىشىغا قاراشلىق ئەمەس ئىدى. چۈنكى، بۇ ئىشلار مۇسۇلمانلار دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇنمۇ مەۋجۇت بولغانىدەك، مۇسۇلمانلارسىزمۇ داۋاملىشىپ كېتىۋېرەتتى. شۇڭا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشۇنداق قىيىن پەيتتە مۇسۇلمانلارنىڭ بارلىقىنىڭ بىردىنبىر غايىسىنى ۋە مۇسۇلمانلار بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدىغان مۇھىم ۋەزىپىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دۇئا قىلدى: «ئى ئاللاھ! ئەگەر بۇ كىچىككىنە جامائەتنى ھالاك قىلىۋەتسەڭ، ساڭا ئىبادەت قىلىدىغان كىشى قالمايدۇ».

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمىنى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىنى ۋە قىيامەتكىچە يەر يۈزىدە باقىي بولۇشىنى تەقدىر قىلدى. گويا ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئاللاھقا لايىق بەندە بولۇشىغا باغلىق بولۇپ، ئۇلار بىلەن ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىش ۋە بۇ قۇلچىلىقنىڭ دۇنيادا گۈللەپ ياشنىشى ئارىسىدىكى زەنجىر ئۈزۈلسە، ئۇلار بىلەن ھاياتلىق ئارىسىدىكى زەنجىرنىڭمۇ ئۈزۈلىدىغانلىقى، ئاللاھنىڭ ئۇلارنى قوغداش ۋە كېپىل بولۇش ۋەدىسىنىڭ ئەمەلدىن قالىدىغانلىقى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭمۇ باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش ھاياتلىق ۋە كائىنات قانۇنىيەتلىرىگە تاشلاپ قويۇلىدىغانلىقى، بەلكى تېخىمۇ گۇناھكار ۋە قىممەتسىز كىشىلەرگە ئايلىنىدىغانلىقى نامايان بولغانىدەك قىلاتتى. چۈنكى، تارىخ مابەينىدە باشقا مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ھاياتىنىڭ داۋاملىشىشى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارغا قويۇلغان مەزكۇر شەرتلەر قويۇلۇپ باققىنى يوق. نەتىجىدە، ئىشلار ئاللاھ ئېيتقانىدەك بولدى: ﴿ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەرنىڭ دۇئايىڭلار بولمىسا، پەرۋەردىگارىم سىلەرگە پەرۋا قىلمايدۇ، (ئى كاپىرلار! پەيغەمبەرنى) ئىنكار قىلدىڭلار، (ئاخىرەتتە) سىلەر قۇتۇلالمايدىغان ئازابقا دۇچار بولىسىلەر﴾[1].

مۇسۇلمانلار ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىشتىن ئىبارەت شەرتكە

[1] «فۇرقان»: 77 ـ ئايەت.

مەھكەم ئىبىلدى، ۋەدىلىرىگە ۋاپا قىلدى، ئاللاھنىڭ بەدرى ئۇرۇشىدا ئۆزلىرىنى يەر يۈزىدىن تەلتۆكۈس يوقىتىش ئۈچۈن كەلگەن دۈشمەنىگە قارشى ياردەم بەرگەنلىكىنى ۋە شۇ ياردەم سايىسىدە مەۋجۇتلۇقى ساقلىنىپ قالغانلىقىنى ئەسلا ئېسىدىن چىقارمىدى. چۈنكى، يەر يۈزىدە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنىڭ داۋاملىشىشى شۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا باغلىق ئىدى.

ئۇلار ئەنە شۇ بۈيۈك ۋەزىپە بىلەن جاھان كېزىپ يۈرۈپ، ئىسلام دىنىنى پادىشاھلارغا، پۇقرالارغا ۋە نۇرغۇن ئەللەرگە يەتكۈزدى؛ شۇ يولدا يۇرتلىرىدىن ھىجرەت قىلىپ چىقىپ، جىھاد قىلدى؛ بۇ نىشان ئۈچۈن نۇرغۇن ئۇرۇشلارنى قىلىپ، سۈلھىلەر تۈزۈشتى؛ پۈتۈن ئىنسانىيەتنى توغرا يولغا يېتەكلەش، پۈتكۈل يەر شارىدا ئىسلام بايرىقىنى لەپىلدىتىش ئۈچۈن، ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنلىكىگە كامىل ئىشىنىپ كەلدى.

قادىسىيە غازىتىدىن ئىلگىرى ئىسلام قوماندانى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پارس قوشۇنىنىڭ قوماندانى رۇستەمگە رىبئىي ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى (ئەلچىلىككە) ئەۋەتتى. رىبئىي ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رۇستەمنىڭ يېنىغا كىرگەندە، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن تەختتە ئولتۇرغان، قىممەت باھالىق ئۈنچە - مەرۋايىتلار بىلەن بېزەلگەن ماموق ياستۇقلارغا يۆلەنگەن، ئايىغىغا ئېسىل بىساتلاردىن پاياندار سېلىنغان، ئالتۇن تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، بېشىغا تاج، ئۈستىبېشىغا كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىغان كىيىملەرنى كىيگەن رۇستەمنى كۆردى. ئەمما، ئۆزى ئاددىي - ساددا كىيىملەرنى كىيىۋالغان بولۇپ، بېلىگە قىلىچ ئېسىۋالغان، دۇبۇلغا كىيگەن، پاكار بىر ئاتقا مىنىۋالغان ئىدى. (ئۇ، بۇ ھەشەمەتلىك مەنزىرە ئالدىدا ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئىمانى تېخىمۇ كۈچىيىپ، ماددىي ئالەمدە قىممىتى بولسىمۇ، مەنىۋى ئالەمدە ھېچقانداق قىممىتى يوق بۇ نەرسىلەرگە پەرۋا قىلمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن) رۇستەمنىڭ ھۇزۇرىغا ئېتىغا مىنگەن پېتى كىردى. ئۇ ئېتىدىن چۈشۈپ، ئېتىنى شۇ يەرگىلا باغلاپ قويۇپ،

ئۈستىدىكى قىلىچ ۋە ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلىرى بىلەنلا رۇستەمنىڭ يېنىغا ماڭىدى. قاراۋۇللار ئۇنىڭغا:

ـ قىلىچىڭنى قوي! ـ دېۋىدى، ئۇ:

ـ مەن سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا ئۆزۈم كەلمىدىم، بەلكى سىلەر چاقىردىڭلار. مۇشۇ پېتى قوبۇل قىلساڭلار، مەيلى. بولمىسا قايتىپ كېتىمەن، ـ دېدى. رۇستەم:

ـ قويۇڭلار، كەلسۇن! ـ دېدى. ئۇ:

ـ قولىدىكى نەيزىسىنى ئېسىل بىساتلار ئۈستىگە سانجىغاچ ماڭدى. ئاندىن ئۇلار:

ـ بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭلار؟ ـ دەپ سوراشتى. ئۇ:

ـ ئاللاھ تائالا بىزنى ئۆزى خالىغان كىشىنى بەندىلەرگە قۇل بولۇشتىن ئاللاھقا قۇل بولۇشقا، دۇنيانىڭ تار چەمبىرىكىدىن كەڭ ئۇپۇقلارغا، خىلمۇخىل دىنلارنىڭ زۇلمىدىن ئىسلامنىڭ ئادالىتىگە چىقىرىش ئۈچۈن تاللىدى، ئىنسانلارنى ئۆز دىنىغا دەۋەت قىلىشىمىز ئۈچۈن ئەۋەتتى. كىمكى ئىسلامنى قوبۇل قىلسا، بىز ئۇنى ئۆزىمىزدىن كۆرۈپ، ئۇرۇشمايلا قايتىپ كېتىمىز. رەت قىلغانلارغا كەلسەك، ئۇلار بىلەن تاكى ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە ئېرىشكەنگە قەدەر جىھاد قىلىمىز، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئۇلار:

ـ ئاللاھنىڭ ۋەدىسى نېمە؟ ـ دەپ سوراشتى. ئۇ:

ـ ئىسلامنى قوبۇل قىلمىغانلار بىلەن جىھاد قىلىپ شېھىد بولغانلار ئۈچۈن جەننەت، هايات قالغان غازىيلار ئۈچۈن زەپەردۇر، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا پاك نەرسىلەرنى مۇباھ قىلىپ، كەسىپ ۋە جان بېقىش يوللىرىنى كەڭرى قىلدى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿***ئېيتقىنكى، ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان***

[1] ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە ۋەننىھايە»، 7 ـ توم، 39 ـ بەت.

*لىباسلارنى، شېرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟ ئېيتقىنكى، ئۇلار بۇ دۇنيادا مۇئمىنلەر ئۈچۈن يارىتىلغان (گەرچە ئۇلارغا كۇففارلار شېرىك بولۇۋالغان بولسىمۇ)، ئاخىرەتتە مۇئمىنلەرگىلا خاستۇر﴾[1]؛ ﴿ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا (يەنى نامازدىن پارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن) زېمىنغا تارىلىپ (ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ)، ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار﴾[2].*

بىراق، ئاللاھ تائالا بۇ ئۈممەتنى بۇنىڭ ئۈچۈن ئەۋەتمىدى، ئۇلارنىڭ مال - دۇنيانى بىردىنبىر نىشان قىلىۋېلىشىغىمۇ رازى بولمىدى، بەلكى ئۇلارنى ئاخىرەت ئۈچۈن ئەمەل قىلىش، دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ۋاستە سۈپىتىدە قوللىنىش ئۈچۈن ياراتتى. شۈبھىسىزكى، دۇنيا سىلەر ئۈچۈن، سىلەر ئاخىرەت ئۈچۈن يارىتىلدىڭلار.

ئاللاھ تائالا دۇنيا تىرىكچىلىكىنى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشنىڭ ۋاستىسى قىلدى. ئەگەر دۇنيا تىرىكچىلىكى ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداش يولىدا ئالغا ئىلگىرىلىشىگە توسالغۇ بولۇپ قالسا، ئۇلار ئۇنداق ھاياتنى رەت قىلىشلىرى كېرەك ئىدى. ئۇنداق قىلماي، ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداشقا سەل قارىسا، ئاللاھ تائالانىڭ قاتتىق غەزىپىگە يولۇقاتتى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿*ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭلار (ھەممىدە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل - ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن ئاللاھتىن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈكرەك بولسا (يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار)، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى ئاللاھنىڭ ئەمرى كەلگۈچە كۈتۈڭلار، ئاللاھ پاسىق قەۋمنى (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ چەك - چېگراسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) ھىدايەت قىلمايدۇ﴾*[3].

---

[1] «ئەئراف»: 32 - ئايەت.
[2] «جۇمۇئە»: 10 - ئايەت.
[3] «تەۋبە»: 24 - ئايەت.

ئەنسارلار «ئىسلامنىڭ ياردەمچىلىرى كۆپەيدى، ئەمدى بىزگە ئېھتىياج قالمىدى» دەپ ئويلاپ، مال ـ دۇنيا بىلەن مەشغۇل بولۇشنى ئويلاشتى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشىغا قاتتىق كايىپ: ﴿*ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار*﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى[1].

ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت بىز ئەنسارلار ھەققىدە نازىل بولغان. ئاللاھ تائالا دىنىنى ئەزىز قىلىپ، دىنغا ياردەم بەرگۈچىلەر كۆپەيگەندە بىر ـ بىرىمىزگە: ‹ئۆز ئىشىمىز بىلەن مەشغۇل بولۇپ، مال ـ مۈلكىمىزنى كۆپەيتسەك قانداق؟› دېيىشتۇق، ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە ئاشۇ ئايەتنى نازىل قىلدى»[2].

ئەپسۇسكى، ھازىرقى مۇسۇلمانلار جاھىلىيەت خەلقلىرىگە ئوخشاش دۇنيا بىلەن مەشغۇل بولماقتا؛ دۇنيانىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ، ھاياتىنى شۇنىڭغا بېغىشلىماقتا.

مۇسۇلمان ئەللىرىگە شۇنداقلا نەزەر تاشلايدىغان بولسىڭىز، ئۇلارنى جاھىلىيەت ئىنسانلىرىدىن ئايرىيالمايسىز. مۇسۇلمانلار ھازىر تولىمۇ ئاچ كۆزلۈك بىلەن ماددىي مەنپەئەتنىلا قوغلاشماقتا، ساۋاب كۈتمەي تىرىكچىلىك قىلماقتا، مال ـ دۇنيا ئۈچۈن كېچىلەرنى ئىبادەتسىز، ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزمەكتە، نىيەتسىز ئەمەل ۋە ئاللاھنىڭ زىكرىدىن غاپىل ھالدا تىجارەت قىلماقتا، ئاللاھنىڭ دىنىدىن خەۋەرسىز ھۈنەر ـ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانماقتا، ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلىشتا ئاللاھتىن باشقىلارغا چوقۇنماقتا، ئاللاھنىڭ دىنىغا ئەمەل قىلماي، ئازغۇنلۇقتا ئەزۋەيلىمەكتە، بىكارچىلىقتا ئولتۇرماقتا. قىسقىسى، غەپلەت ۋە جاھالەت ئىچىدە ھاياتىنى ئۆتكۈزمەكتە.

ھۆرمەتلىك ۋەكىللەر! ئىسلام ئەللىرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەتىگەن

---

[1] «بەقەرە»: 195 ـ ئايەت.

[2] «ئەبۇ داۋۇد»، 2512 ـ ھەدىس.

- ئاخشاملىرى بازارغا ۋە ئىدارە - ئورگانلارغا بېرىپ - كېلىشلىرىگە قاراپ ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان - كاپىر ئورتاق مەشغۇل بولىدىغان ئادەتتىكى ئىشلاردىن تاشقىرى بىرەر ئالىي نىشان ئۈچۈن يارىتىلغان ئۈممەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالامسىلەر؟ بۇ مۇمكىنمۇ؟

بۇنداق ھايات جاھىلىيەت ئەھلىنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى كۆرسىتىدىغان پاكىتى بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار مۇنداق دېيىشىدۇ: «ئەي مۇسۇلمانلار! بىزنىڭ گۇناھىمىز نېمە؟ بىز ئەينى چاغدا پەيغەمبەرلەرگە مال - دۇنيا، سەلتەنەت ۋە پادىشاھلىقنى تەلىگەن، ئەمما ئۇ ھەممىنى رەت قىلغان ئىدى. ئەمدىلىكتە سىلەر ئۆتمەشتە پەيغەمبەرلەر رەت قىلغان نەرسىلەرنىڭ ئارقىسىدىن گويا شۇ نەرسىلەر ئۈچۈن يارىتىلغاندەكلا چېپىپ كېتىۋاتىسىلەر؟ ئاردىكى تالاش - تارتىشنى تۈگىتىش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرگە مال - دۇنيا، سەلتەنەت ۋە پادىشاھلىقنى تەلىگەن بىز گۇناھكارمۇ ياكى خۇددى ئۇسسۇز ئادەم سۇغا، پەرۋانە ئوتقا ئۆزىنى ئاتقاندەك ئۇ قوبۇل قىلمىغان نەرسىگە ئۆزىنى ئېتىۋاتقان سىلەرمۇ؟ زادى قايسىمىزنىڭ گۇناھى ئېغىر؟

ئەگەر سىلەرنىڭ مال - دۇنيا، باياشات تۇرمۇش، ئىززەت - شەرەپ ۋە بىر پارچە زېمىنغا ئىگە بولۇشتىن باشقا غېمىڭلار بولمىسا، نېمىشقا ئۆتمۈشتە دىنىي تون بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتىڭلار؟ نېمىشقا دىنىي دەپ دۇنيانى ئاستىن - ئۈستىن قىلدىڭلار؟ نېمىشقا ئارامىمىزنى بۇزدۇڭلار؟ بىزنىڭمۇ، سىلەرنىڭمۇ بالىلارنى يېتىم، ئاياللارنى تۇل، ئىنسانلارنى يۇرتلىرىدىن ئايرىپ سەرسان - سەرگەردان قىلىدىغان دەھشەتلىك ئۇرۇشلارغا ھاجىتىمىز يوق ئىدىغۇ؟! بەدرى، ئۇھۇد، خەيبەر، ھۇنەيىن، يەرمۇك ۋە قادىسىيە ئۇرۇشلىرىدا دىن نامى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن جانلارنى ۋە تۆكۈلگەن قانلارنى بىزگە قايتۇرۇپ بېرىڭلار. يەپ - ئىچىش ۋە ئەيش - ئىشرەتتىن باشقىنى بىلمەيدىغان باياشات كۈنلىرىمىزنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار».

جاھىلىيەت كىشىلىرىدىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئەي

مۇسۇلمانلار! سىلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقىڭلار نەدە؟ دۇنيا تىرىكچىلىكىگە بىز بىلەن تەڭ ھەسسە قوشتۇڭلار، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىمىزدا نۇرغۇن ئاۋارىچىلىك تۇغدۇردۇڭلار. بىز سىلەرنىڭ بىرەر بوشلۇقنى تولدۇرغىنىڭلارنى، بىرەر نۇقسانىنى تۈزىگىنىڭلارنى، بىرەر پارچىلىنىشنىڭ ئالدىنى ئالغىنىڭلارنى، ھايات بىناسىغا بىرەر بالكون بولسىمۇ ياسىغىنىڭلارنى كۆرمىدۇق» دېسە، ئۇلارغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمىز؟

ئەپۇ قىلىڭلار، مۆھتىرەم ئوقۇرمەنلەر! كەچۈرۈڭلار، ھۆرمەتلىك ۋەكىللەر! تەنقىد بىرئاز ئۆزىراپ قالدى. ئەپۇ قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. قەدىمكى زاماندا بىر ئەرەب شائىرىمۇ: «تەنقىد ئىنسانلار ئۈچۈن ھاياتلىقتۇر» دېگەن ئىكەن.

ھەممىگە ئايان بولغىنىدەك، ھەرقانداق مىللەت ئاللاھ يۈكلىگەن ۋەزىپىنى ئورۇنداپ، دەۋەت خىزمىتىنى قانات يايدۇرغاندىلا ھايات ھېسابلىنىدۇ. بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلمايدىغان، دەۋەت خىزمىتىنى تاشلىۋەتكەن مىللەتنىڭ ھاياتى ساختىدۇر. بۇنداق ھايات گويا دەرەختىن ئايرىلغان ياپراققا ئوخشايدۇ. ئۇنى سۇغىرىپ پەرۋىش قىلغان بىلەنمۇ، ياشارتقىلى بولمايدۇ. ﴿***كۆپۈك ئېقىپ تۈگەيدۇ، ئىنسانلارغا پايدىلىق نەرسە زېمىندا قالىدۇ***﴾[1].

ھۆرمەتلىك كىتابخان! بىز مۇسۇلمانلار بۈگۈننىڭ ۋە كەلگۈسىنىڭ ئۈممىتى. بىز مەڭگۈ يوقالماس، غالىب ئۈممەتمىز. چۈنكى، بىز پەيغەمبىرىمىزدىن قالغان دەۋەت ۋە رىسالەتنىڭ ساھىبلىرىمىز. رىسالەت ۋەزىپىسى بولسا ئاللاھ تائالا قىيامەتكە قەدەر داۋاملىشىشىنى پۈتۈۋەتكەن ئۇلۇغ ۋەزىپىدۇر. ئەگەر بىز ئۆز ئارىمىزدا ۋە باشقا دىندىكىلەر ئىچىدە دەۋەت خىزمىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىكىدەك دەۋەتچى ئۈممەت بولۇپ، رىسالەت ۋەزىپىمىزگە ۋە دەۋەت خىزمىتىمىزگە ئىگە بولالىساقلا، ماددا ۋە زاماننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا مەھكۇم بولمايمىز.

[1] «رەئد»: 17 ـ ئايەت.

ھەقىقەتەن بىز ھازىرقى زاماندىكى تەرەققىي قىلغان زامانىۋى مىللەتلەردىن تەبىئىي پەن بىلىملىرى، ئۇرۇش تېخنىكىلىرى ۋە ماددىي تەرەققىيات ئامىللىرى دېگەندەك تەرەپلەردە بىرقانچە ئەسىر ئارقىدا قالدۇق. رېئاللىق شۇكى، ئۇلار بىلەن ئارىمىزدىكى مۇسابىقە خۇددى توشقان بىلەن تاشپاقىنىڭ مۇسابىقىسىگە ئوخشايدۇ. توشقان يەڭگىل ھەم چاپسان تۇرۇپ كېچە ـ كۈندۈز تىرىشماقتا، تاشپاقا بولسا ئېغىر ھەم ئاستا بولۇشىغا قارىماي، شېرىن ئۇيقۇنىڭ پەيزىنى سۈرمەكتە.

ھازىر تەرەققىي تاپقان ئەللەر بىلەن كۈرەش قىلىشقا نەچچە ئەسىر كېتىشى مۇمكىن. ئىنچىكە ئىستاتىستىكا قىلىنىدىغان بولسا، ناۋادا دۈشمەن ئويغىنىپ، ماددىي كۈچ ۋە ساندا بىزدىن قېلىشىپ كەتسە، ئۇلارنىڭ پەللىسى تارازىدا يەنىلا ئېغىر كېلىدۇ. چۈنكى، ماددا كوردۇر، ھەق ـ ناھەقنى، ياخشى ـ ياماننى ئايرىپ ئولتۇرمايدىغان دەرىجىدە رەھىمسىز ۋە تەرەپسىزدۇر.

پەقەت ماددا ۋە سەۋەبلەرنى بويسۇندۇرۇپ، غەلىبە ـ نۇسرەت ئېلىپ كېلەلەيدىغان ۋە ئادەتتىن تاشقىرى مۆجىزىۋى ئىشلارنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدىغان بىردىنبىر كۈچ رىسالەت ۋەزىپىسى ۋە ئىلاھىي دەۋەتتۇر. بۇ كۈچ تارىختىن بۇيان تالاي كۈچلۈكلەرنى بويسۇندۇرۇپ، تالاي غالىبلارنى مەغلۇپ قىلغان. ساناقسىز نامراتلار ۋە قۇللار دەۋەت ۋە رىسالەت كۈچى ئارقىلىق نۇرغۇن كۈچلۈك دۆلەتلەرنى ۋە زالىم پادىشاھلارنى باش ئەگدۈرگەن. بۇ ئۈممەت ئۇ كۈچنى تارىختا ئىككى قېتىم ئەمەلىي تەجرىبىدىن ئۆتكۈزگەن:

بىرىنچىسى، ئەرەبلەر ئۆزلىرىنىڭ يېرىم ئاراللىرىدىن چىقىپ، ياماق كىيىملەرنى، يىرتىق ئاياغلارنى كىيىپ، بىسلىرى ئۇچۇق كونا قىلىچلار، ئېگەرلىرى كونىراپ، تىكىشلىرى سۆكۈلۈپ كەتكەن پاكار ئاتلارغا مىنىپ رۇم ۋە پارس ئىمپېراتورلۇقلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىلاھىي دەۋەت ۋە رىسالەت كۈچىگە تايىنىپ ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا تامغا يۆلەپ قويۇلغان ياغاچلاردىن ۋە ھەر

خىل شەكىلدە بېزەلگەن قونچاقلاردىن پەرقى بولمىغان، رىسالەت ۋەزىپىسىدىن مەھرۇم قالغان، ئىلاھىي دەۋەتتىن ۋاز كەچكەن رۇم ۋە پارس ئەللىرىنى تېز يۇكتۈردى. نەتىجىدە، ئىلاھىي ۋەزىپە قانۇن - تۈزۈم ئۈستىدىن، روھ ماددا ئۈستىدىن، ئىچكى قۇۋۋەت تاشقى قۇۋۋەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى.

ئىككىنچىسى، موڭغۇللار ئۈۋىسى چۇۋۇلغان چېكەتكىلەردەك تەرەپ - تەرەپكە تارىلىپ پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنى باشتىن - ئاخىر بويسۇندۇرغان، مۇسۇلمانلارنىڭ شانۇشەۋكىتىنى يەرگە ئۇرۇپ پۈتۈنلەي تارمار قىلغان، مۇسۇلمانلار يوقىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن، قەلبلىرىنى ئۈمىدسىزلىك قاپلاپ ھەتتا «موڭغۇللار مەغلۇپ بولدى دېسە، ھەرگىز ئىشەنمە» دېگەن سۆز مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ماقال - تەمسىلگە ئايلانغان زامانلاردا ئىسلامىي دەۋەت ناھايىتى كۈچلۈك ۋە تېز تەسىرىنى كۆرسەتتى. پۈتۈن ئىنسانلارنى باش ئەگدۈرگەن موڭغۇللارنى ئىسلام دىنى تېز يۇكتۈردى. ئۇيلىمىغان يەردىن غالىب مەغلۇپقا، مۇستەملىكىچىلەر مۇستەملىكە خەلقنىڭ دىنى ئالدىدا مۇستەملىكىگە ئايلىنىپ قالدى. موڭغۇللار شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا بويسۇندى ۋە ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىر پارچىسىغا ئايلاندى.

ھازىرمۇ ئىسلامىيەت روھىي قۇۋۋىتى ۋە ئۆتكۈر تەسىرىگە تايىنىپ بارچە مىللەتلەرنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بويسۇندۇرۇشقا قادىردۇر.

ھۆرمەتلىك مۇسۇلمانلار! ئۆتمۈشتىكى ئەجدادلىرىمىز ئاۋۋالقى جاھىلىيەتنىڭ چوڭ مەركەزلىرى ۋە پايتەختلىرىگە بېرىپ: «ئاللاھ تائالا بىزنى ئۆزى خالىغان كىشىلەرنى بەندىلەرگە قۇل بولۇشتىن ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىشقا، دۇنيانىڭ تارچىلىقىدىن كەڭچىلىككە، دىنلارنىڭ زۇلمىدىن ئىسلامنىڭ ئادالىتىگە چىقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتتى» دەيتتى. ئۇلار بىر تەرەپتىن، رۇملۇقلارنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا، كىرىپىست بەلگىلىرىگە، راھىبلارغا، پوپلارغا ۋە پادىشاھلارغا قۇل بولۇشتىن قۇتقۇزغان بولسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن،

پارسلارنى ئوتقا، تۇرانلىقلارنى كۆك بۆرىگە، ھىندلارنى كالىغا چوقۇنۇشتىن قۇتقۇزدى. ئەمەلىيەتتە ئىسلام پۈتۈن مىللەتلەرنى بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا چىقاردى. ھەقىقەتەن تار دۇنيادىن كەڭرى دۇنياغا، دىنلارنىڭ زۇلمىدىن ئىسلامنىڭ ئادالىتىگە چىقىرىپ قۇتقۇزدى.

بۈگۈنكى دۇنيا مۇسۇلمان ئەلچىلەرنىڭ يەنە جاھىلىيەت مەركەزلىرىگە بېرىپ: «ئاللاھ تائالا بىزنى ئىنسانلارنى مال ـ دۇنياغا قۇل بولۇشتىن ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىشقا؛ شەخسىيەتچىلىك، مال ـ دۇنيا كۆرىشى ۋە ئاچ كۆزلۈك قاپلىغان بىر دۇنيادىن بارىغا قانائەت قىلىپ، باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆز مەنپەئىتىدىن ئەلا بىلىدىغان، تەقۋادارلىق، روھىي نېمەت ۋە خاتىرجەملىك ھۆكۈم سۈرگەن بىر دۇنياغا؛ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈملەرنىڭ زۇلمىدىن ئىسلامنىڭ ئادالىتىگە چىقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتتى» دەيدىغان كۈننى ئۈزۈندىن بېرى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتمەكتە.

ئەي ئىسلام دۇنياسىنىڭ رەھبەرلىرى! مانا بۇ سىلەرنى قورقۇتۇۋاتقان دەۋەت. مانا بۇ ئىززەت ـ نومۇسىغا كۆز تىككەن دۈشمەنلەرگە قارشى سىلەردىن ياردەم سوراپ پەرياد چېكىۋاتقان بەختسىز ئىنسانىيەت. بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ساغلام ئىسلام دەۋىتىگە بولغان تەشنالىقى ۋە ئېھتىياجى ئۆتمۈشتىكىدىن پەرقسىزدۇر. چۈنكى، دۇنيا ھۈنەر ـ سانائەتتە تەرەققىي قىلغان، ھەر خىل مىللەت ۋە ھاكىمىيەتلەرگە تولغان، ھەر خىل بايراقلار لەپىلدەۋاتقان، تۈرلۈك ئېقىم ۋە ئىدېئولوگىيەلەر رىقابەت ئېلان قىلىۋاتقان، ھاۋايى ـ ھەۋەس ۋە نەپسى خاھىشلار چەكتىن ئاشقان ھەتتا چەكتىن ئاشقانلىقتىن ئۇنىڭدىن ئارتۇقنى قوبۇل قىلالمايدىغان ھالەتكە يەتكەن بولسىمۇ، ئىسلام دەۋىتىگە بولغان تەشنالىقى ۋە ئېھتىياجى مىلادىيە 6 ـ ئەسىردىكىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ.

ئەگەر مۇسۇلمانلار ئىلاھىي دەۋەتسىز، ئىنسانلارغا يەتكۈزىدىغان رىسالەت ۋەزىپىسى يوق، ئۆزىدىن باشقىنى ئويلىمايدىغان بىر

ئۇممەتكە ئايلىنىپ قالسا، ئۇنداقتا ئۇلار دىنىي دەۋەت يولىدا جىهاد قىلىش بىلەن باشلانغان تارىخنى قانداق چۈشەندۈرىدۇ؟ بۇ دەۋردىكى مەۋجۇتلۇقنى قانداق ئاقلايدۇ؟ چۈنكى، ئۇلار ئىبادەت قىلىش ۋە ئىسلامغا دەۋەت قىلىش شەرتى بىلەن ياردەم بېرىلىپ، زەپەر قۇچقان ئەمەسمىدى؟!

ئاللاھ تائالاغا دەۋەت قىلىش دۇنيا خەرىتىسىدە ھېلىھەم بوش قالغان، ھېچبىر ئۇممەت ۋە دەۋەت ئۇنى توشقۇزمىغان بىر ھاڭدۇر. مۇسۇلمانلار قايتىدىن شۇ تەرەپكە قايتىپ، دەۋەت خىزمىتىنى جانلاندۇرسا، ئۆزلىرىگە ۋە ئىنسانىيەتكە ياخشىلىق قىلغان بولىدۇ ۋە شۇندىلا ھالاكەت گىرۋىكىگە بېرىپ قالغان دۇنيانى قۇتقۇزۇپ قالالايدۇ.

# ئىنسانىيەتنىڭ يېگانە قەلئەسى

ئىسلام ئۇممىتىنىڭ دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى بىر ھەقىقەتنىڭ سىمۋولىدۇر، ماددىي ھەقىقەت ۋە جىسمانىي لەززەتنىڭ ئەمەس، بەلكى بىر مەنىۋى ھەقىقەتنىڭ سىمۋولىدۇر. ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ھەربىر ئەزاسى (تىرىك ياكى ئۆلۈك بولسۇن) كۆرۈنگەن ماددىي رېئاللىقنىڭ ئارقىسىدا ساماۋى بىر ھەقىقەت بارلىقىنى، پانىي ھاياتنىڭ ئارقىسىدا ئەبەدىي بىر ھاياتنىڭ بارلىقىنى پۈتۈن دۇنياغا جاكارلايدۇ. ھەربىر مۇسۇلمان پەرزەنت دۇنياغا كەلگەندە، قۇلىقىغا مۇشۇ ھەقىقەت ئوقۇلىدۇ؛ ۋاپات تاپقاندا بولسا، يەنە مۇشۇ ھەقىقەتكە شاھىت بولغان ھالدا دۇنيادىن ئايرىلىدۇ.

پۈتۈن دۇنيادا ئۆلۈمدەك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەن، ئىنسانلار تىرىكچىلىك دېڭىزىغا غەرق بولۇپ، پۈتۈن ھەقىقەتلەر ماددا ئارىسىغا كۆمۈلۈپ قالغان بىر پەيتتە «ھەييەئەلەسسالات، ھەييەئەلەلفەلاھ» دەيدىغان چاقىرىق بىلەن ماددىي دۇنيانىڭ سېھرىي كۈچى بۇزۇلىدۇ، روھىي ھەقىقەت تەجەللىي قىلىدۇ، ئىنسانلار پۈتۈن مەشغۇلاتلىرىنى قويۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا بېرىش ئۈچۈن مۇشۇ چاقىرىقنىڭ ئارقىسىدىن ماڭىدۇ. كېچىنىڭ قاراڭغۇ ـ زۇلمەتلىرى پۈتۈن يەر ـ جاھاننى قاپلاپ، بارلىق جانلىقلار ئۇيقۇغا چۆمۈپ، جاھان گويا قەبرىستانلىقتەك سۈرلۈك ھالغا كەلگەندە، ھاياتلىق بۇلىقى ئۆلۈم ۋادىسىدا ئېقىشقا باشلىغاندا، ئاستا ـ ئاستا تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلايدۇ. ئىنسانىيەت بولسا ئىبادەت، شۈكۈر، ھايات ۋە خىزمەت قاتارلىق ئىشلاردا سۈبھى ۋاقتىدىكى مۇئەززىندىن ساۋاق ئالىدۇ. بىر تەكەببۇر

ئۆزبدىكى ماددىي كۈچ - قۇۋۋەت ۋە ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن كۆرەڭلەپ ئېغىزى ياكى ئەمەلىيىتىدە: «مەن سىلەرنىڭ ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىڭلار بولىمەن» ياكى «سىلەر ئۈچۈن مەندىن باشقا ئىلاھ يوق» دېسە؛ كەمتەر بىر كىشى مەملىكەتنىڭ قانداقتۇر بىر يېرىدە ئېگىز بىر جايغا چىقىپ: «ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ بارچە ئاۋازى بىلەن نىدا قىلىدۇ. ئۇ كەمتەر كىشى مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق مەغرۇر ئىنسانىنىڭ مەملىكىتىدە ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئېلان قىلىپ، يالغانچى ئىلاھقا تېگىشلىك جاۋابنى بەرگەن بولىدۇ.

بىر مۇسۇلمان كۆچمەن دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدىن كۆچۈپ كەتسە ياكى مەجبۇرىي سۈرگۈن قىلىنسا، شەھەرنىڭ تۇرمۇش رىتىمىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدۇ. ئىنسانلار گويا ھايۋانلاردەك يەيدۇ، ئىچىدۇ، جان باقىدۇ، ھايات يەنە بۇرۇنقى رىتىمى بويىچە داۋام قىلىدۇ، بىراق بۇ جەمئىيەت روھىدىن ئايرىلىپ، روھسىز، جانسىز جەسەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنىڭ ئەمەلىي مىساللىرىدىن بىرى ھازىرقى ئىسپانىيەدۇر. قارىمامسىز؟ (مۇسۇلمانلار چىقىپ كېتىشتىن بۇرۇن ئىلىم ۋە مەدەنىيەتنىڭ بۆشۈكى بولغان) ئىسپانىيە ئەمدىلىكتە مەدەنىيەتتە روھسىز، ھاياتى پىرىنسىپسىز، خەلقى ئىلاھىي ۋەزىپىسىز بىر شەھەرگە ئايلاندى. دېمەك، مۇسۇلمانلار ھەرقانداق شەھەردىن ھىجرەت قىلسا ياكى مەجبۇرىي سۈرگۈن قىلىنسا، ئۇ شەھەرنىڭ ئەھۋالىمۇ دەل شۇنىڭدەك بولىدۇ.

نەپس ۋە قورساق تويغۇزۇشتىن باشقا غېمى يوق ماددا ۋە ئەقىل مودېلى ئىچىدە پەقەت مۇئمىنلا بىردىنبىر مېھىر - شەپقەت ئابىدىسىدۇر. مېھىر - شەپقەت بولمىغان، پەقەت ئەقىل ۋە ماددىلا ھۆكۈم سۈرگەن بىر دۇنيادا سودا بازىرى ياكى ئۇرۇش مەيدانىدىن باشقا نېمە بولار دەيسىز؟ مۇئمىن ھەق ئۈچۈن قوزغالغاندا، ئەقىلنىڭ شىفىرلىرىنى يېشىدۇ، كائىناتنىڭ زەنجىر - كىشەنلىرىنى پاچاقلاپ تاشلايدۇ، ماددىنىڭ بۇتلىرىنى سۇندۇرىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىنى دۇنياغا ھۆكۈمران قىلىدۇ.

مۇئمىن كىشى ئاللاھ تائالاغا ئىتائەتچان، كەمتەرلا بولىدىكەن، ھايات رىتىمىنى ئۆزگەرتىپ، تارىختا بۇرۇلۇش ھاسىل قىلالايدۇ. بۇ ئارقىلىق پۈتۈن كائىناتنى ئۆز يولىغا سالالايدۇ.

(ئەينى چاغدا مۇسۇلمانلار مەدائىن شەھەرلىرىگە يۈرۈش قىلغاندا) ئۇلارنىڭ شەھەرگە كىرىشىگە دىجلە دەرياسى توسالغۇ بولغان ئىدى. ئۇ ھۆل يېغىن ناھايىتى كۆپ ياغقان، دىجلە دەرياسىنىڭ كۆپۈكلىرىمۇ قىرغاقلارغا تاشقان يىل ئىدى. قوماندان سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمانلارنى بىر يەرگە يىغىپ، ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتقاندىن كېيىن:

— مەن بۇ دەريادىن كېچىپ ئۆتۈش قارارىغا كەلدىم، — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پۈتۈن مۇسۇلمانلار بىردەك:

— ئاللاھ تائالا سېنى ۋە بىزنى ئەڭ توغرا قارارغا مۇۋەپپەق قىلسۇن، خالىغىنىڭنى قىلغىن! — دېيىشتى. ئارقىدىنلا قوماندان سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەسكەرلەرنى دەريادىن ئۆتۈشكە چاقىردى ۋە ئۇلارنىڭ دەرياغا كىرىشىگە رۇخسەت قىلىپ:

— بىز ئاللاھتىن ياردەم سورايمىز، ئۇنىڭغىلا تەۋەككۇل قىلىمىز. بىزگە ئاللاھ كۇپايە. ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى ھامىي! ئاللاھ يېقىن بەندىلىرىگە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىدۇ، دىنىنى ئالىي قىلىدۇ، دۈشمىنىنى مەغلۇپ قىلىدۇ. كۈچ - قۇۋۋەت پەقەت ئۇلۇغ ئاللاھتىندۇر دەڭلار! — دېدى. ئەسكەرلەر شۇ ھامان توپ - توپ بولۇپ دەرياغا كىردى. ئۇلار خۇددى قۇرۇقلۇقتا ماڭغاندەك، ئۆزئارا پاراڭلاشقاچ دەريانىڭ بۇ قىرغىقىدىن ئۇ قىرغىقىغا ئۆتتى[1].

تارىق ئىبنى زىياد ئىسپانىيەگە چۈشتى. ئارقا تەرىپىدە دېڭىز، ئالدى تەرىپىدە دۈشمەن بار ئىدى. كەلگۈسى قورقۇنچلۇق، يول قاراڭغۇ، يەر يۈزى مالىمانچىلىققا تولغان، ئەسكەر سانى ئاز، ياردەم يىراقتا ئىدى. شۇنداقتىمۇ، تارىق ئىبنى زىياد ماددىنىڭ قورقۇنچلۇق كۆلەڭگىلىرىنى مەنسىتمىدى، ئەقىلگە

[1] ئىبنى ئەسىر: «ئەلكامىل فىتتارىيخ»، 3 - توم، 198 - بەت.

بويسۇنمىدى، ئارقىغا چېكىنىدىغان كېمىلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇق بەردى[1]. شەھەرنى ئازاد قىلىشقا بەل باغلاپ، غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشەندى. نەتىجىدە دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىپ، يېشىل ئارالنى مۇسۇلمانلارنىڭ مۈلكىگە ئايلاندۇردى.

ئۇقبە ئىبنى نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئافرىقىدىكى يەرلىك خەلقنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، مۇسۇلمان ئەسكەرلەرنى، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ۋە مال - مۈلۈكلىرىنى جايلاشتۇرىدىغان بىر شەھەر قۇرۇپ چىقىشنى قارار قىلدى. ئاخىر «قەيرەۋان» دېيىلىدىغان بىر جاينى بۇنىڭغا ئۇيغۇن كۆردى. ئۇ جاي يىلان، چايان ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئۇۋىسى بولۇپلا قالماي، ئىنتايىن پاتقاقلىق ئىدى. ئۇقبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دۇئاسى ئىجابەت زات بولۇپ، ئاللاھقا سىغىنىپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن، يىرتقۇچ ھايۋانلارغا: «ئەي يىلان ۋە يىرتقۇچلار! بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرى بولىمىز، مۇشۇ جايغا يەرلەشمەكچى بولۇۋاتىمىز. شۇڭا، سىلەر بۇ جايدىن كۆچۈپ كېتىڭلار. بۇنىڭدىن كېيىن قايسىبىرىڭلارنى تېپىۋالساق، شۇ يەردىلا ئۆلتۈرۈۋېتىمىز» دەپ نىدا قىلدى. ئاشۇ كۈنى شۇ جايدىكىلەر يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ باللىرىنى ئېلىپ كۆچۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇنى كۆرگەن بەربەر قەبىلىلىرىدىن نۇرغۇنلىرى ئىسلامنى قوبۇل قىلىشتى[2].

مۇھەممەد ئىبنى قاسىم ئون يەتتە يېشىدا بىر ئوچۇم ئەسكىرى بىلەن ھىندىستانغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلاندى. بۇ يولدا دېڭىزلار توسالغۇ، دۈشمەن شەھەرلىرى كۆپ، يوللىرى ئەگرى - بۈگرى بولۇپ، ئەرەبلەر شۇ ۋاقىتقىچە ئۇنداق ئەگرى - بۈگرى يوللاردا مېڭىپ باقمىغان ئىدى. مۇھەممەد ئىبنى قاسىم ئۆزىنى بۇ يولدىن توسۇپ، قورقۇتقۇچىلارغا پىسەنت قىلمىدى. نەتىجىدە ئىماني روھ

[1] شىھابۇددىن: «نەفھۇتتىيب مىن غۇسنىل ئەندەلۇسىررەتىيب»، 1 - توم، 131 - بەت.

[2] ئىبنى ئەسىر: «ئەلكامىل فىتتارىخ»، 3 - توم، 334 - بەت.

ماددىي كۈچ ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. ھىندىستاننىڭ سىندتىن مىلتانغىچە بولغان شەھەرلىرى مۇسۇلمانلارغا باش ئەگدى.

پۈتۈن دۇنيا تەشۋىش دۇنياسىدۇر. پەقەت مۆئمىنلا تەۋرەنمەس ئىمان ۋە مۇستەھكەم ئېتىقاد ئىگىسىدۇر. تەشۋىشكە تولغان بۇ دۇنيادا مۆئمىن ئاشۇ تەۋرەنمەس ئىمانىي روھ بىلەن گويا قاراڭغۇ ئورمانلىقتىكى راھىبنىڭ مەشئىلى، قاراڭغۇلۇق دېڭىزىدىكى يورۇقلۇق مۇنارى، ئۈمىدسىزلەرنىڭ پاناھگاھى، كەلكۈن ۋە بوران - چاپقۇنلار تەۋرىتەلمەيدىغان بۈيۈك تاغدۇر. ئۇ ھەممە قارشى تۇرغان تەقدىردىمۇ، ئۆز ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرىدۇ، ئىرادىسى بوشاشمايدۇ، تەۋرەنمەيدۇ، شەكلىنىپ يولىدىن توختاپ قالمايدۇ. كىشىلەر ئىچىدىن ئېتىراز بىلدۈرىدىغانلار ۋە تەنقىدلەيدىغانلار بولغاندەك، مەجبۇرىي بويسۇنىدىغان ياكى قارشى چىقىدىغانلارمۇ بولىدۇ. بىراق، ئۇ بۇلارنىڭ ھېچبىرىگە پەرۋا قىلماستىن، ھەق يولىدا ئۆتكۈر قىلىچتەك ماڭىدۇ. نەتىجىدە، ئۇنىڭ تەۋرەنمەس ئېتىقادى مىڭلىغان شەك - شۈبھە قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، تەشۋىش تۇمانلىرى تارقىلىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئىمانىي روھى زۇلمەتلىك كېچىدىكى تاڭ نۇرىدەك پارلايدۇ.

ئەينى چاغدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قوشۇننىڭ قوماندانى قىلىپ، شامغا قاراپ يولغا چىقىشقا بۇيرۇق بەردى. ئەمما، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇن يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ۋاپات بولدى. ئارقىدىنلا ئەرەب قەبىلىلىرى تامامەن ياكى قىسمەن ھالدا دىندىن يېنىپ، مۇرتەد بولۇشقا باشلىدى، مۇناپىقلىق باش كۆتۈردى، يەھۇدىي ۋە ناسارالار (مۇسۇلمانلارغا قول سېلىش ئۈچۈن پۇرسەت ئىزدەپ) بويۇنداپ قاراشقا باشلىدى. مۇسۇلمانلار سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىدىن ئايرىلىپ، سانىنىڭ ئازلىقى، دۈشمەن سانىنىڭ كۆپلۈكى تۈپەيلى يامغۇرلۇق كېچىدە تام تۈۋىدە تۈگۈلۈپ قالغان قويلاردەكلا بولۇپ قالدى. بەزىلەر ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۇسامە قوشۇنىنى مەقسەت قىلىشىپ:

‐ بۇلار مۇسۇلمان ئەسكەرلەردۇر. كۆرۈۋاتقىنىڭىزدەك ئەرەبلەر سىز خەلىپە بولغاندىن كېيىن سىزگە ئىتائەتسىزلىك قىلدى. بۇنداق ئەھۋالدا (باشقا جايلارغا ئەسكەر چىقىرىپ) مۇسۇلمانلارنى ئەتراپىڭىزدىن تارقىتىۋېتىشىڭىز تازا ئاقلانىلىك بولمايدۇ، ‐ دېيىشتى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنىڭغا جاۋابەن:

‐ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ مېنى پارچە ‐ پارچە قىلىۋېتىدىغانلىقىنى بىلسەممۇ، يەنىلا رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇسامە قوشۇنى ھەققىدىكى بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىمەن، ‐ دېدى. ئارقىدىنلا مۇسۇلمانلارغا خۇتبە ئوقۇپ، غازاتقا تەييارلىنىشقا ۋە ئۇسامەنىڭ جۇرفتىكى ھەربىي گازارمىسىغا بېرىشقا بۇيرۇق قىلدى. مۇسۇلمانلارمۇ بۇيرۇقنى دەرھال ئىجرا قىلىشتى. ئارىدىن بەزى قەبىلىلەرنىڭ مۇھاجىرلىرى تەييارلىقى بار تۇرۇپ غازاتتىن ئايرىلىپ قالدى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنى نەزەربەند قىلدى.

قوشۇن جۇرفتىكى ھەربىي گازارمىغا تولۇق يىغىلىپ بولغاندا، ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قوماندانلىقى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قايتىپ كېتىش ئۈچۈن رۇخسەت سوراشقا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى ھەمدە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى بايان قىلىپ:

‐ خەلقنىڭ ئاقساقاللىرى ۋە كۈچلۈكلىرى مەن بىلەن بىللە. مۇشرىكلارنىڭ رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خەلىپىسىگە، ئائىلىسىگە ۋە مۇسۇلمانلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشىدىن خاۋاتىرلىنىۋاتىمەن، ‐ دېدى. ئۇسامەنىڭ قوماندانلىقىدىكى بىر قىسىم ئەنسارلار ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

‐ رەسۇلۇللاھنىڭ خەلىپىسى ئەبۇ بەكرىگە دېسەڭ، بىزگە ئۇسامەدىن ياشتا چوڭ، توختالغانراق بىرىنى قوماندان قىلسا! ‐ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇيرۇق بويىچە يولغا چىقىپ، ئەبۇ بەكرىگە ئاۋۋال قوماندان ئۇسامەنىڭ سۆزلىرىنى يەتكۈزدى. خەلىپە:

ـ مەن بۇ يەردە يالغۇز قېلىپ، چىلبۆرىلەرنىڭ پارچە ـ پارچە قىلىۋېتىدىغانلىقىنى بىلسەممۇ، يەنىلا رەسۇلۇللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىمەن. ئۇنىڭ ھۆكمىنى ھەرگىز رەت قىلمايمەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەنسارلارنىڭ ئۇسامەدىن ياشتا چوڭراق بىرىنى قوماندان قىلىش ھەققىدىكى تەلىپىنى يەتكۈزگەندە، ئەبۇ بەكرى ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كېتىپ، ئۆمەرنىڭ ساقىلىنى تۇتۇپ:

ـ ھەي ئۆلگۈر! رەسۇلۇللاھ ئۇسامەنى قوماندانلىققا تەيىنلىگەن تۇرسا، سەن ماڭا ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋېتىشىمنى ئېيتىۋاتامسەن؟! ـ دېدى.

نىھايەت، ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ يولغا راۋان بولدى. ئۇسامە بۇ غازات سەپىرىدە دىندىن چىققان قۇزائە قەبىلىسىنى جازالىغاندىن سىرت، 40 ياكى 70 كۈنلۈك سەپەردىن كېيىن نۇرغۇن غەنىيمەتلەر بىلەن قايتىپ كەلدى. ئۇسامە قوشۇنىنى يولغا سېلىش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق ئىش بولغان ئىدى. چۈنكى، دىندىن چىققان ئەرەبلەر ئۆز ئارىسىدا: «ئەگەر مۇسۇلمانلار غايەت كۈچلۈك بولمىسا، بۇ قوشۇننى ئەۋەتەلمەيتتى» دېيىشىپ، يامان غەرەزدە بولۇشقا پېتىنالمىدى[1].

بۇ دۇنيا رەھىم ـ شەپقەت، كەڭچىلىك، ساخاۋەت تېپىلمايدىغان بازاردۇر. پەقەت مۇئمىنلا ئۆزى ئېھتىياجلىق تۇرۇپ باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆز مەنپەئىتىدىن ئەلا بىلىدۇ، قەرزدارغا قولايلىق يارىتىپ بېرىدۇ، مۆرتىكى كەلسە دۈشمىنىنىمۇ كەچۈرىدۇ، سېخىلىق سۈپىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئاللاھتىن ساۋاب كۈتۈپ، سەلتەنەت ۋە مال ـ مۈلكىدىنمۇ ۋاز كېچىدۇ.

923 ـ يىلى بىر ئىمانسىز پادىشاھ ھىندىستاننىڭ مالۋە شەھىرىدىكى مۇسۇلمانلار رايونىنى بېسىۋالدى. بۇ شەھەرنىڭ

[1] ئىبنى ئەسىر: «ئەلكامىل فىتتارىيخ»، 3 ـ توم، 137—138 ـ بەتلەر.

ھاكىمى مەھمۇد شاھ خىلجى شەھەرنى تاشلاپ، كوچەراتقا قېچىپ كەتمەكچى بولدى. بىراق، ئۇ شەھەردىن چىقىپ كېتىشتىن بۇرۇن، سۇلتان مۇزەففەر ھەلىم شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، پەتىھ يوللىرىنى ئېزدىدى. نىھايەت، شەھەر قەلئەسىنى مەجبۇرىي ئېلىپ، ئىشغالىيەتچىلەرنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. تىرىك قالغانلىرى (ئۆزلىرىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن) ئۆيلىرىگە كىرىۋېلىپ، ئىشىكلىرىنى تاقىۋالدى. ئاخىر ئۆيلىرىنى ئۆزلىرى ۋە بالىلىرى بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈۋالدى. ئۆيلىرىگە كىرىۋېلىپ، ئۆزلىرى ۋە ئەۋلادلىرىغا ئوت قويۇۋالغانلاردىن باشقا، ئۆلگەنلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 19 مىڭغا يەتتى.

سۇلتان مۇزەففەر ھەلىم مەھمۇد شاھنىڭ ئوردىسىغا يېتىپ كەلگەندە، مەھمۇد شاھ سۇلتانغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەش بىلەن بىرگە سەلتەنىتىنىڭ دائىم بولۇشىغا دۇئا قىلغاندىن كېيىن:

ــ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن ئوردىغا ئامان ــ ئېسەن كىرگەيلا، ــ دېدى. مەھمۇد شاھ يەنە قەلئە دەرۋازىسىدىن تا ئوردىغا كىرگۈچە سۇلتاننىڭ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ ماڭدى. (سۇلتان ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن) سۇلتانغا زىياپەت ھازىرلاپ، ئۇنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى. سۇلتانمۇ زىياپەتكە ئىجابەت قىلدى. زىياپەت ئاخىرلاشقاندا، مەھمۇد شاھ ئاتا ــ بوۋىلىرىدىن قالغان ساراي ئىچىدە سۇلتاننى ئايلاندۇردى. سۇلتان سارايىنىڭ قۇرۇلۇشىدىن تەئەججۈپلىنىپ، ئۇنىڭ ئاتا ــ بوۋىلىرى ھەققىدە دۇئا قىلدى. كېيىن ئۇلار ئوردىنىڭ بىر چېتىدە ئولتۇردى. مەھمۇد شاھ سۇلتانغا تەشەككۈر ئېيتىپ:

ــ ئاللاھقا چەكسىز ھەمدۇسانالار بولسۇن! سىزنىڭ ھىممەت ۋە ياردىمىڭىز بىلەن دۈشمەنلىرىمنى يەڭدىم. ئەمدى بۇ دۇنيادا باشقا ئارزۇيۇممۇ يوق. ئالىيلىرى! ئۆزلىرى سەلتەنەتكە مەندىنمۇ لايىق ئىكەنلا. يەنە كېلىپ ئارىمىزدا سىزنىڭ، مېنىڭ دەيدىغان ئىش يوق. شۇڭا، تەكلىپىمنى قوبۇل قىلىپ، خالىغان كىشىنى

ئوردىدا تۇرغۇزسىلا، ـ دېدى. سۇلتان مەھمۇد شاھقا قاراپ:

ـ پېقىر بىرىنچى قەدىمىمنى ئاللاھ ئۈچۈن، ئىككىنچى قەدىمىمنى سىلىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئالغان ئىدىم، ئۈچىنچىسى ئۈچۈن ... ئۇنىڭغىمۇ مۇۋەپپەق بولدۇم. ئاللاھ تائالا سىلىنىڭمۇ سەلتەنەتلىرىنى دائىم قىلسۇن، سىلىنى ياردىمىدىن مەھرۇم قىلمىسۇن! ـ دېدى. سۇلتان مەھمۇد شاھنىڭ دۆلىتىنىڭ دائىم بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇنىڭدىن دۆلەت ئەركانلىرى ھەققىدە بەزى سوئاللارنى سورىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قاراپ:

ـ مەن كەتكەندىن كېيىن قەلئەنىڭ ئىشىكىنى ھېچكىمگە ھەتتا مېنىڭ ئادەملىرىمگىمۇ ئاچمايدىغان يىگىتلەر بىلەن قوغدىسىلا! ـ دەپ (تاپىلىغاندىن كېيىن) دۆلىتىگە قايتىپ كەتتى[1].

دۇنيا دېگەن رەھىم ـ شەپقەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان، مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە شەخسىيەتسىزلىكنى تونۇمايدىغان تاش يۈرەكلەر ياشايدىغان جاي. قەلبى ئىنسانلارغا مېھىر ـ شەپقەت بىلەن سوقىدىغانلار پەقەت مۇئمىنلەردۇر. مۇئمىنلەر رەھىمدىللىك بىلەن قاتتىق قوللۇقنى، قوپاللىق بىلەن يۇمشاقلىقنى، يولۋاستەك جەسۇرلۇق بىلەن ئانىدەك مېھىر ـ شەپقەتنى مۇجەسسەملىگەن كىشىلەردۇر. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئەخلاقى بىلەن قوراللانغان، شەپقەت بىلەن ئىززەتنى، كۆزەللىك بىلەن كۈچلۈكلۈكنى مۇجەسسەملىگەن شەخسلەردۇر. ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئىبسىل ئەخلاقىنى ئۆزلەشتۈرگەن، ئۆزى ئۈچۈن غەزەپلەنمەيدىغان، ھەقىقەت ئاياغ ئاستى قىلىنغاندا، غەزىپىنى ھېچنەرسە باسالمايدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلارنى جىھاد مەيدانلىرىدا كۆرسىڭىز، گويا ئوتقۇنغا تۇتاشقان ئوت مىسالى ياكى زىرائەت ئورايدىغان ئورغاق مىسالى مېھىر ـ شەپقەتنى تونۇمايدۇ. ئۇلارنى نامازدا كۆرسىڭىز، كۆزلىرىدىن ياش قۇرۇمايدۇ، قەلبلىرى قازاندەك قاينايدۇ، ئاجىزلارغا ئىچ ئاغرىتىدۇ، تۇل خوتۇن ۋە يېتىم ـ يېسىرلارغا يۈرىكى سىرلىدۇ. دېمەك، مۇئمىن (بەزىدە)

---

[1] ئابدۇلھەي ئەلھەسەنىي: «نۇزھەتۇل خەۋاتىر»، 4 ـ توم.

ھەسەلدەك تاتلىق، (بەزىدە) ئاچچىق تاۋۇزدەك خۇسۇسىيەتكە ئىگە كىشىدۇر. قارىماسىز، بىرىنچى خۇسۇسىيەت (يەنى تاتلىق بولۇش) ئۇنىڭ خاراكتېرى ۋە تەبىئىتىدۇر؛ ئىككىنچى خۇسۇسىيەت (ئاچچىق بولۇش) ئۇنىڭ ۋاسىتىسى ۋە تەدبىرىدۇر. گويا ئۇ ئەمەلىيەتتە مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇۋاتقاندەك: «مەن ئەسلىدە تاتلىق، بىراق بەزىدە شۇنداق بىر ئاچچىقلىق پەيدا بولىدۇكى...»[1]. مۇئمىن كەڭ قورساقلىق ۋە مەردلىكنى ئەسلا تاشلىمايدۇ ھەتتا دۈشمىنىگىمۇ كەڭ قورساقلىق قىلىدۇ، جەڭ مەيدانىدىمۇ ئېسىل ئەخلاقنى تەرك ئەتمەيدۇ.

بىر قېتىم يۇرەك پارىسى بۇلاپ كېتىلگەن بىر ئانا ئاھۇپىغان چەككەن ھالدا كېلىپ، شىجائەت ۋە جەسۇرلۇق ئابىدىسى سالاھۇددىن ئەييۇبىيدىن ياردەم سورىدى. مەشھۇر «ھىتتىن غازىتى»نىڭ[2] قەھرىمانى سالاھۇددىن مەزكۇر ئايالنىڭ تاشنى ئەزگۈدەك نالە - پەريادىغا تاقەت قىلالماي، شەخسەن ئۆزى ئۇنىڭ بىلەن قەبىلىمۇقەبىلە، ئۆيمۇئۆي كېزىپ يۈرۈپ بالىنى ئىزدەشكە كىرىشتى. ئاخىر كۆيۈمچان ئانا بالىسىنى تېپىپ، باغرىغا باستى[3]. يەنە تېخى بۇ بۈيۈك قەھرىمان دەۋردىشى ۋە دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ دۈشمىنى «رىچارد» بىتاپ بولۇپ قالغاندا، ئۇنىڭغا مېۋە - چىۋە ئەۋەتىپ بەرگەن ئىدى[4].

ئىنسانلار ئادەتتە ئۆلۈمدىن قورقىدۇ، ھاياتنى بۇ دۇنيادىكى بارلىقى ۋە بىردىنبىر ئارزۇسى دەپ قاراپ، ئۆلۈمدىن بەتتەر ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىشىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى، ئۇلارغا ئۆلۈم كەلگەندە،

[1] ھەسسان ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شېئىرلىرىدىن بىر مىسرا.

[2] «ھىتتىن غازىتى»، سەلاھۇددىن ئەييۇبىي قوماندانلىقىدا مۇسۇلمانلار بىلەن ئەھلىسەلىپ قوشۇنلىرى ئارىسىدا قىلىنغان ھەل قىلغۇچ غازاتتۇر. بۇ غازات مىلادىيە 1187 - يىلى ئىيۇل ئېيىنىڭ 25 - كۈنى شەنبە، ھازىرقى پەلەستىنىنىڭ ھىتتىن دېگەن تاغلىق يېرىدە يۈز بەرگەن بولۇپ، مۇسۇلمانلار قۇددۇسنى ئەھلىسەلىپلەرنىڭ ئىشغالىدىن ئازاد قىلغان ئىدى. - ت.

[3] ئىمادۇددىن ئەلكاتىب: «ئەلفەتھۇل قەسسىي فىلفەتھىل قۇدسىي».

[4] ئىبنى سەئد: «تەبەقاتۇ ئىبنى سەئد».

دۇنيادىن ئايرىلغانلىقىغا ئاھ ئۇرۇپ، ئۆلۈمنى خالىمىغان ھالدا دۇنيادىن ئايرىلىدۇ.

مۇئمىن داۋاملىق پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشقا تەلپۈنۈپ تۇرىدۇ، ھەر ۋاقىت جەننەتكە كىرىشكە تاقەتسىزلىنىدۇ. ئۆلۈم ئۇنىڭغا كەلسۇن ياكى ئۇ ئۆلۈم تەرەپكە ماڭسۇن، پىسەنت قىلمايدۇ. ئۇ ئۆلۈمنى خۇددى تۈرمىدىن چىققاندەك ياكى ئانا ۋەتىنىگە قايتقاندەك خۇشاللىق ئىچىدە قارشى ئالىدۇ.

«مەئۇنە قۇدۇقى پاجىئەسى» يۈز بەرگەن كۈنى جەببار ئىبنى سەلما ئامىر ئىبنى فۇھەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئەجەللىك نەيزە سانجىغاندا، ئامىر: «كەئبە شىرىپنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن غەلىبە قىلدىم» دېگەن ئىدى. يەنە شۇنىڭدەك ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىبنى مۇلجەم تەرىپىدىن سۇيىقەستكە ئۇچراپ قىلىچ ئۇرۇلغاندا: «كەئبە شىرىپنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن غەلىبە قىلدىم» دېگەن ئىدى[1].

(ھازىرقى پەلەستىنىنىڭ) ئەمۋاس شەھرىدە تائۇن كېسىلى تارقالغاندا، ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەرگە: «بۇ كېسەل رەببىڭلارنىڭ رەھمىتى، پەيغەمبىرىڭلارنىڭ دۇئاسى ۋە سىلەردىن ئىلگىرىكى سالىھلارنىڭ ئۆلۈم سەۋەبىدۇر» دېگەن ۋە ئۆزىنىڭ شۇ كېسەلدىن نېسىۋىدار بولۇشىنى ئاللاھتىن تىلىگەن ئىدى. دەرۋەقە، كېيىن تائۇن كېسىلى بىلەن يۇقۇملىنىپ ۋاپات بولدى ۋە ئورنىغا مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قالدۇردى.

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ قېرىنداشلىرىغا ئوخشاشلا كىشىلەرگە خۇتبە ئوقۇپ، ئوخشاش سۆزلەرنى قىلدى ۋە ئاللاھقا دۇئا قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئوغلى ئابدۇرراھمان تائۇن بىلەن يۇقۇملىنىپ ۋاپات بولدى. ئاندىن ئۇ ئۆزى ئۇچۇنمۇ تائۇن كېسىلىنى تىلىدى. دەرۋەقە، ئۇمۇ تائۇن بىلەن يۇقۇملاندى. ئۇ بۇنىڭدىن خۇشال

[1] مەھمۇد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەلفەزل: «كىتابۇل مۇتەفەججىئىين».

بولۇپ:

ـ دۇنيادىكى ھېچ نەرسىنى سەندىكى (تائۇن كېسىلىدىكى) ئەجىر، ساۋابتىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرمەيمەن، ـ دېدى[1].

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەكراتقا چۈشكەندە ئايالى:

ـ كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم، ـ دەپ نالە قىلغاندا، بىلال:

ـ مېنىڭ كۆڭلۈم ئىنتايىن خۇشال. چۈنكى، ئەتە دوست ـ بۇرادەرلىرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەر بىلەن ئۇچرىشىمەن، ـ دېگەن ئىدى[2]. يەنە شۇنىڭدەك، ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭمۇ ئۆلۈم ئالدىدا شۇنداق دېگەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ[3].

ھەقىقىي مۇئمىن بايلىقتىن نامراتلىقنى، دۇنيادىن ئاخىرەتنى، نەق پايدىدىن نېسى پايدىنى، كۆرۈنگەن ئالەمدىن غەيبىي ئالەمنى، تارىخنىڭ ھەر دەۋرىدە ئەڭ يۈكسەك پەللىگە ئۆرلىگەن ماددىي ھاياتتىن دىنىي ھاياتنى ئارتۇق بىلەلەيدىغان يېگانە كىشىدۇر.

ھېچبىر ئىقلىمنىڭ «مەن ساڭا قوينۇمنى ئاچتىم» دەپ ئىسلامغا مىننەت قىلىش ھەققى يوق. چۈنكى، بۇ تۆھپە شېرىكسىز تەۋھىدنى ئۆگەتكەن، پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنى بىلدۈرگەن ئىسلامغا مەنسۇپتۇر. نۇرغۇن ئىقلىملار ئىسلام سايىسىدە ھاياتلىقنىڭ باشقىچە مەنىسى بارلىقىنى، ئىنسانىيەتكە بۇ دۇنيادىكىدىن تولىمۇ ئۈستۈن بىر مەرتىۋە بارلىقىنى، ياشاۋاتقان ئالەمدىن غايەت كەڭرى بىر ئالەمنىڭ بارلىقىنى بىلىپ يەتتى. يەنە ئىسلام نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ بويۇنلىرىدىكى زەنجىر ـ كىشەنلەرنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئۇلارنى

[1] ئىبنى ئەسىر: «ئەلكامىل فىتتارىخ»، 3 ـ توم، 316 ـ بەت.

[2] ئەبۇ ھامىد ئەلغەززالىي: «ئىھيائۇ ئۆلۈمىددىن»دا ئىبنى ئەبىد دۇنيادىن رىۋايەت قىلغان.

[3] «تەبەرانىي».

ئىرقچىلىق ۋە مىللەتچىلىكتىن قۇتۇلدۇردى؛ پۇل ـ مالغا، ئۆيلەرگە، دەرەخلەرگە، تاشلارغا، ھايۋانلارغا، دەريالارغا، روھلارغا ۋە ئاسمان جىسىملىرىغا چوقۇنىدىغان ئازغۇنلۇقلاردىن ھىدايەتكە چىقاردى؛ نۇرغۇن مىللەتلەرنى مەدەنىيەت ۋەيران قىلغۇچى راھىبلىقتىن، نەسىلنى ئۈزۈپ قويغۇچى بويتاقلىقتىن قۇتۇلدۇردى؛ نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن خۇراپاتلارنىڭ سېھرىي كۈچىنى بۇزۇپ، ئەقىلنى ئەسىرلىكتىن ئازاد قىلدى؛ ئىلىم ئۈستىگە قويۇلغان جاھالەت تېشىنى ئېلىپ تاشلىدى؛ دىن نامىدىن قىلىنغان ئائىلە مونوپوللۇقىنى بىكار قىلدى؛ شەخسىي ئەمەلنىڭ ۋە غەيرەتنىڭ مۇھىملىقىنى، ھەركىمنىڭ ئۆز قىلمىشىغا ئۆزى جاۋابكار ئىكەنلىكىنى بىكىتتى.

دۇنيانىڭ ئىلىم ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتىدا ئىسلامنىڭ بۈيۈك تۆھپىسىنى كىم ئىنكار قىلالايدۇ؟ ياۋروپانىڭ پوپ ۋە راھىبلارنىڭ قۇللۇقىدىن قۇتۇلۇپ، تەرەققىي قىلىشى، چېركاۋلارنىڭ ھاكىمىيەتلىك زەنجىرىنى ئۈزۈپ تاشلىشى، تەبىئىي پەن ۋە تەجرىبە ئىلىملىرىنى ئىگىلىشى، ياۋايىلىقتىن قۇتۇلۇپ، ھەقىقىي مەدەنىيەتلىك ھاياتقا قەدەم تاشلىشى قاتارلىق ئىشلارنىڭ نەچچە ئەسىرلەر مابەينىدە مەدەنىيەت مەشئىلى، ئىلىم بۇلىقى، پەن ـ تېخنىكا مەركىزى بولغان ئىسلام دىيارى ئەندەلۇس سايىسىدە بولغانلىقىنى بىلمەيدىغان كىم بار؟ (بۇرۇنقى زامانلاردا كىشىلەر بىلمەيدىغان) ئادالەت، باراۋەرلىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك دەيدىغان ئۇقۇملارنىڭ بوگۈنكى كۈندە ھىندىستاننىڭ ھەممە يېرىدە ئومۇملىششى، ئەدەبىياتچى ۋە يازغۇچىلار تەرىپىدىن كەڭ قوللىنىلىشى، ھەركىمنىڭ ئېغىزىدىن چۈشمەسلىكى قاتارلىقلارنىڭ ئىسلامنىڭ ئاشۇ ئۇقۇملارنى ھەر ئەلدە ئىنسانلارغا ئۆگىتىشى ۋە راۋاجلاندۇرۇشى نەتىجىسىدە بولغانلىقىنى قوبۇل قىلمايدىغان كىم بار؟

مۇسۇلمانلار پەقەت بىر نەسىل ياكى بىر خەلقتىنلا ئىبارەت ئەمەس. ئىسلام دىنىمۇ بالا دادىسىدىن مىراس ئالىدىغان ئادەت ۋە ئەنئەنىلەر ئەمەس. ئىسلام دەۋەت ۋە رىسالەتتۇر، ھايات ۋە

ئەقىدىدۇر. ئىسلام ماھىيەت جەھەتتە مۇسۇلماننىڭ كۆز قارىشىنى ماددىي رېئال دۇنيادىن، نەپس ۋە قورساق غېمىدىن ھالقىغان بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنە ئىسلام مۇسۇلماننىڭ ۋەتىنى پەقەت تۇغۇلغان جايلا ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ قەلبى كەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەر ئىنسانغا مۇھەببەتكە تولغان بولۇشىنى، ۋەتەن ۋە نەسەب ئۇنىڭ سۆيگۈسىگە توسالغۇ بولماسلىقىنى، ھايات كۆرىشىنىڭ تار دائىرىگە قاپسىلىپ قالماسلىقىنى خالايدۇ. يەنە بۇ دىن مۇسۇلمانلارغا قەلب ۋە روھقا، جەمئىيەت ۋە سىياسەتكە تەڭ خىتاب قىلىدىغان ئىلاھىي رىسالەتنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى يۈكلەيدۇ. (ئىسلام جەمئىيەتتە گۈزەل ئەخلاقنى چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزىدۇكى) مۇسۇلماننى كېچىدىمۇ، كۈندۈزدىمۇ، يالغۇزلۇقتىمۇ، جامائەتچىلىكتىمۇ، ئاجىز ۋە كۈچلۈك ھالەتتىمۇ، ھەر ۋاقىت كونترول قىلىپ تۇرىدىغان كۈچلۈك ئەخلاق قارىشىغا ئىگە قىلىدۇ. ھەممىگە ئايانكى، ئىسلام دىنىدا ئىلىم ۋە مەدەنىيەتنىڭ مۇستەھكەم ئاساسى ۋە روشەن ئۆرنەكلىرى بار. قارىمامسىز، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ئۆتمۈشتىكىگە ئوخشاشلا ھازىرمۇ ھەرقانداق شارائىت ۋە ھەر دەۋردە پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل ئۆرنەكتۇر. شۇ ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، ئىسلام ئىنسانلارنىڭ ھەر ۋاقىت قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىنىدا قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزىدىغان، ئىنساننىڭ ئەقلى ۋە ھەر تۈرلۈك ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي تۈزۈملىرى ھەل قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان بىردىنبىر پاناھگاھىدۇر.

كېچە قاراڭغۇلۇقىغا ئوخشاش زۇلمەت پۈتۈن يەر ـ جاھاننى قاپلىغاندا؛ ھاۋايى ـ ھەۋەس ھەر تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ، ئەخلاق ـ پەزىلەت كۈچىنى يوقاتقاندا؛ ئىنسان پۇل ياكى بىر بۇردا نان ئۈچۈن ئۆز قېرىندىشىغا پىچاق سالغاندا؛ بۈيۈك ھەم كۈچلۈك مىللەتلەر ئاچ كۆزلۈك ۋە چوڭچىلىق قىلىپ، كىچىك، ئاجىز مىللەتلەرنى يۇتۇۋېلىش كويىدا بولغاندا؛ مال ـ دۇنيا ئوچۇق ـ ئاشكارا مەبۇدقا ئايلانغاندا؛ مىڭلىغان ئىنسانلار

ئىرقچىلىق ۋە مىللەتچىلىكنىڭ قۇربانىغا ئايلانغاندا؛ بىر ئىنسان يەنە بىر ئىنساننىڭ رىزقىغا چاڭ سالغاندا؛ شەھۋەت ئوتى يالقۇنجاپ، قەلب نۇرى ئۆچكەندە؛ ئىنسان ئۆلۈمنى ئۇنتۇپ، دۇنيا تىرىكچىلىكى ئۈچۈن تۆت پۇتلۇق بولۇپ چاپقاندا؛ دۇنيا بازارلىرىدا چالما ـ كېسەك ۋە مەدەن تاشلارنىڭ قىممىتى ئاشقانسېرى، ئىنساننىڭ ئەتىۋارى يوقىلىپ، گۈللەنگەن شەھەرلەر ئاتوم بومبىسى بىلەن كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە يەر بىلەن يەكسان قىلىنىپ، مىڭلىغان ئىنسانلار قەتلىئام قىلىنغاندا؛ ياۋروپالىقلار دۇنياغا ھۆكۈمران بولۇپ، دۇنيانى بىر قىمارخانىغا ياكى قۇشخانىغا ئايلاندۇرۇپ، پۈتۈن ئىنسانىيەتنى خۇددى كىچىك بالا قەغەز پارچىسى ياكى توپ ئوينىغاندەك ئوينىغاندا؛ ئىنسانلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا بالايىئاپەت يۈز بەرگەندە، دۇنيا ھەقىقىي مۇئمىندىن ياردەم سورايدۇ. ئەنە شۇ چاغدا ئىنسانىيەت زۇلمەت كېچىدە پارلىغان تاڭ نۇرىدەك ئىنسانىيەتنى قاراڭغۇلۇقتىن چىقارغان ئىسلام نامىدىن، جانابى ئاللاھ تائالا جان تالىشىۋاتقان ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزۇش، ھاياتنى قوغداش ۋە ئۇنى جاھالەتتىن چىقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامىدىن «كېلىڭلار! مېنى قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ نىدا قىلىدۇ.

ئىسلام قۇياشى تۇنجى پارلىغان ئەرەب يېرىم ئارىلىدا، ئاسىيادا، ئافرىقىدا ۋە پۈتۈن ئىسلام ئەللىرىدە ياشاۋاتقان مۇئمىنلەر ئىنسانىيەتنىڭ نالە ـ پەريادىغا قۇلاق سېلىپ، زېرىكىشلىك دەرىجىدە ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇيقۇسىدىن ئويغىنارمۇ؟ دۈشمەنلىرىگە يولۋاستەك ئېتىلىپ، لاچىندەك پەنجىسىنى قويارمۇ؟ شۈبھىسىزكى، ئۇلار شۇنداق قىلىشقا لايىق ۋە ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە قادىردۇر. چۈنكى، ئۇلار پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ پاناھلىنىدىغان بىردىنبىر قەلئەسى، ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدى، ئاللاھنىڭ زېمىندىكى ئامانەتدار بەندىلىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىزباسارلىرىدۇر.

بىر شائىر ئېيتقىنىدەك: «نەيزىلەر قىپقىزىل بويالغاندا،

ئىنسانلار سەييارەنى چاقىرىشىدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق جەڭ كۈنى ئۇچۇن مەندەك سەييارە كېرەك!».

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

# ئىسلام تارىخىدا تەرەققىيات ۋە چېكىنىش

## ئەرەبلەرنىڭ ئىسلامدىن ئىلگىرىكى ئەھۋالى

ئەرەبلەر ئىسلامدىن ئىلگىرى دۇنيانىڭ ئەڭ چېتىدە قالغان بىر مىللەت ئىدى. ئۈچ تەرەپتىن دېڭىز، بىر تەرەپتىن چۆل - سەھرا ئۇلارنى مەدەنىي، ئاۋات دۇنيادىن ئايرىپ تۇراتتى. ئەرەبلەر پارچىلىنىش، چۈشكۈنلىشىش، خار - زەبۇنلۇق ۋە نام - نىشانسىزلىقتا شۇ دەرىجىگە يەتكەن ئىدىكى، باشقىلار بىلەن جەڭ قىلىش، قوشنا ئەللەر بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، غەلىبە قىلىش (دېگەندەك ئىشلارنى) چۈشىدىمۇ كۆرەلمەيتتى ھەتتا ھېچقاچان بۇ ھەقتە پاراڭمۇ سېلىشمايتتى.

يەنە كېلىپ ئۇ كۈنلەردە پارس ۋە رۇملۇقلار دۇنيانىڭ ئەڭ بۈيۈك دۆلەتلىرى، شەرق ۋە غەربنىڭ كاتتىباشلىرى بولۇپ، ئەرەب يېرىم ئارىلىنى گويا بىلەكتىكى بىلەيزۈكتەك كونترول چەمبىرىكىگە ئېلىۋالغان ئىدى. بىراق، ئۇلار يەر شەكلى ئېگىز - پەس، قاقاس چۆللۈك، يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى بايلىقلىرى كەمچىل ئەرەب يېرىم ئارىلىدەك بىر زېمىننى ئەسكىرىي كۈچ بىلەن ئىشغال قىلىش ئۈچۈن جان ۋە مال چىقىم قىلىشقا قىزىقمايتتى. (ھەممىگە ئايانكى، ئۇ چاغلاردا تېخى ئۇ زېمىندا نېفت بايقالمىغان ئىدى). ئەمەلىيەتتىمۇ رۇم ۋە پارسلارنىڭ قاغجىراپ كەتكەن چۆللۈكلەرگە پۇل خەجلەشكە، كەمبەغەل ئەرەبلەرنى بېقىشقا ئېھتىياجى يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇلار پەقەت ئاشۇ رايونلاردىكى سىياسىي تەسىرى ۋە ئىستراتېگىيەلىك چېگرا رايونلىرىدا قۇرغان بەگلىكلىرى بىلەنلا كۇپايىلەنگەن ئىدى.

ئۇ چاغلاردا ئەرەبلەرنىڭ دۇنيا سەھنىسىدە ئالاھىدە رولىمۇ يوق ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئىقتىدارلىق بەدەۋى مىللەت بولسىمۇ، ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنىپ كەتمەيتتى. ئۇلار ئىراق، سۈرىيە ۋە مىسىر قاتارلىق ئەللەرگە تىجارەت قىلىش ياكى ئاشلىق ئەكېلىش ئۈچۈن بارغانلىرىدىمۇ شەھەر ئاھالىسى ئۇلارغا ئانچە پەرۋا قىلمايتتى. ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە كىيىنىش ئادىتى، قىياپىتى ۋە ئوخشىمايدىغان تىل شېۋىسىلا باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتاتتى. باشقىلار ئەرەبلەرنىڭ تىلىنىڭ راۋانلىقى، ناتىقلىقى، نەسىللىك ئاتلىرى، قەھرىمانلىقلىرى ۋە ۋاپادارلىقىدىن باشقا ئالاھىدىلىكلىرىنى تىلغا ئېلىپمۇ قويمايتتى. ھەرقانداق تەرەققىي قىلغان ئەللەر سەھرالىقلاردا بۇنداق ئالاھىدىلىكلەر دېمىسىمۇ بار دەپ بىلەتتى.

### شۇ دەۋردىكى بىر قىسىم مەشھۇرلارنىڭ ئەرەبلەر ھەققىدىكى قاراشلىرى

ئەگەر سىز ئىسلامدىن ئىلگىرىكى ئەرەبلەرنىڭ دۇنيا مىقياسىدىكى ئورنىنى، شەرق ۋە شىمالدىكى قوشنىلىرىنىڭ[1] ئۇلارغا قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، شۇ دەۋرنىڭ مەشھۇرلىرى ئوتتۇرىغا قويغان (ھەتتا ئەرەبلەرنىڭ ئۆزىمۇ ئېتىراپ قىلغان) مەلۇماتلارغا نەزەر سالسىڭىز بولىدۇ. بۇ ھەقتىكى تارىخىي مەلۇماتلاردىن بىرى پارس پادىشاھىنىڭ مۇسۇلمان ئەلچىلەرگە ئېيتقان تۆۋەندىكى سۆزىدۇر.

دىمەشقلىق ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ «ئەلبىدايە ۋەننىھايە» ناملىق كىتابىدا، يەزدىجەرد بىلەن مۇسۇلمان ئەلچىلەر ئارىسىدا بولۇنغان بىر دىيالوگنى نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

يەزدىجەرد:

ـ يەر يۈزىدە سان جەھەتتە سىلەردىنمۇ ئاز، شور پېشانە

---

[1] ئەرەبلەرنىڭ شەرقتىكى قوشنىلىرى پارسلار، شىمالدىكى قوشنىلىرى رۇملۇقلار ئىدى.

ۋە چېچىلاڭغۇ بىرەر مىللەت كۆرمىدىم. (بۇرۇنقى زامانلاردا) بىز سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىپ يۈرمەيتتۇق، چېگرا رايونلىرىدىكى يۇقرالىرىمىزلا سىلەرگە تېتىيتتى. سىلەر شۇلارغىمۇ تاقابىل تۇرالمايتتىڭلار. ئەمدىلىكتە سانىڭلارنىڭ كىچىككىنە كۆپىيىپ قالغىنىدىن مەغرۇرلانماڭلار. ئەگەر ھۇزۇرىمىزغا قەھەتچىلىك سەۋەبلىك كەلگەن بولساڭلار، سىلەرگە يەتكۈچە ئاشلىق بېرىمىز، ئاقساقاللىرىڭلارنى ئوبدان كۈتۈۋالىمىز، كىيىم - كېچەك بېرىمىز، ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان بىر باشلىقنى تەيىنلەپ بېرىمىز، - دېدى. مۇسۇلمان ئەلچى مۇغىيرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن:

- ئەي پادىشاھ! سەن بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىزنى بىلمەيلا بىزگە دىياگنوز قويماقچى بولۇۋاتىسەن. ئەمەلىيەتتە بىز ئىلگىرى سېنىڭ دېگىنىڭدىنمۇ بەتتەر ئەھۋالدا ئىدۇق. دۇنيادا بىزدىنمۇ بەتتەر مىللەت يوق ئىدى. بىزنىڭ ئاچلىقىمىز ھېچكىمنىڭ ئاچلىقىغا ئوخشىمايدىغان دەرىجىدە ئىدىكى، ھاشاراتلارنى، قۇرت - قوڭغۇزلارنى، چايانلارنى ۋە يىلانلارنى يەيتتۇق؛ داق يەردە ئولتۇراتتۇق؛ تۆگە ۋە قوي يۇڭلىرىدىن توقۇلغان كىيىملەرنى كىيەتتۇق؛ بىر - بىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزئارا زۇلۇم سالاتتۇق. (ھەتتا ئارىمىزدا) «بىكار تاماق يەيدۇ» دەپ ئۆز قىزلىرىنى تىرىك پېتى كۆمۈۋېتىدىغانلارمۇ بار ئىدى. بىز ئەنە شۇنداق ھالەتتە ئىدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ بىزگە بىر كىشىنى ئەۋەتتىكى...، - دېدى[1].

يەنە شۇ كىتابتا مۇنداق نەقىل قىلىنغان:

«پارس شاھى سۆزلىشىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلاردىن بىرىنى تەلەپ قىلىۋېدى، مۇغىيرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئالدىغا چىقتى. ئۇ پارس ئوردىسىدىكى كۆزلەرنى قاماشتۇرغۇچى ئېسىل كىيىملەر، ھەيۋەتلىك سارايلار، پادىشاھنىڭ ئەرەبلەرنى ئۇزۇن زامان ئاچارچىلىق تارتقان، چەت - ياقىلاردا ياشايدىغان

[1] ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە ۋەننىھايە»، 7 - توم، 41—42 - بەت.

ئەڭ يىرگىنچلىك ئىنسانلار دەپ ھاقارەت قىلغانلىقى، يەنە تېخى ئۇنىڭ: «ئەتراپىمدىكى قوماندانلارنىڭ سىلەرگە ئوق ئاتماسلىقىنىڭ سەۋەبى سىلەرنىڭ يىرگىنچلىك تاپلىرىڭلار زېمىننى بۇلغىماسلىقى ئۈچۈندۇر. ئەگەر يولۇڭلارغا ماڭساڭلار، سىلەرگە چېقىلمايمىز؛ ئۇنىڭغا ئۇنىمساڭلار، سىلەرنى گۆرۈڭلارغا ئۆزىتىپ قويىمىز» دېگەن گەپلىرىگە بەرگەن جاۋابى ھەققىدە سۆز قىلىپ: مەن (پادىشاھنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن) ئاللاھقا قايتا شاھادەت ئېيتىپ، ھەمدۇسانا ئوقۇدۇم. ئاندىن: «توغرا، بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ئاللاھ تائالا بىزگە رەسۇلۇللاھنى ئەۋەتكەنگە قەدەر سىبنىڭ دېگىنىڭدىنمۇ بەتتەررەك ئىدى، دېدىم» »[1].

يەنە شۇ كىتابتا مۇنداق نەقىل قىلىنغان:

ۋەلىد ئىبنى مۇسلىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ماھان ئىككى قوشۇن ئارىسىدىكى ئىشلار ھەققىدە سۆھبەتلىشىپ، سۆلھىلىشىش ئۈچۈن خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى تەكلىپ قىلدى. ماھان: «بىز سىلەرنىڭ ئاچلىق ۋە قەھەتچىلىك تۈپەيلى يۇرتۇڭلاردىن چىققانلىقىڭلارنى بىلىمىز. كېلىڭلار، بىز سىلەرگە كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىشى بېشىغا ئون تىللادىن پۇل بېرەيلى. شۇلارنى ئېلىپ، يۇرتۇڭلارغا قايتىپ كېتىڭلار. ئالدىمىزدىكى يىلىمۇ يەنە شۇنداق نەرسىلەرنى ئەۋەتىپ بېرىمىز» دېدى»[2].

بۇ رىۋايەتلەر رۇملۇقلارنىڭ نەزىرىدە ئەرەبلەرنىڭ ئورنىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

### ئەرەبلەرنىڭ ئىسلام بىلەن ئۆزگىرىشى

ئىسلام مەيدانغا كېلىپ ۋەزىيەت ناھايىتى تېز ئۆزگەردى،

[1] ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە ۋەننىھايە»، 7 ـ توم، 109 ـ بەت.
[2] ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە ۋەننىھايە»، 7 ـ توم، 10 ـ بەت.

رېئاللىق ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتتى، ئىلگىرىكى تەجرىبىلەر بەربات، ئەقىللەر لال بولدى. رۇملۇقلار ۋە پارسلار كۆزگە ئىلمايدىغان بەدەۋى ئەرەبلەر چۆللىرىدىن چىقىپ، شەھەرلەرنى ئازاد قىلىشقا، دۈشمەنلەرنى تېز پۈكتۈرۈشكە باشلىدى. بۇ (قوشۇن) (ھ. 11/م. 632) ئەرەبلەرنىڭ پايتەختى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئىسلام شەھىرى «مەدىنە»دىن سەلدەك ئېقىپ چىقتى. ئالدىنى توسقان ھەركىمنى مەغلۇپ قىلىپ، بىپايان دەشت ـ چۆللەرنى كەزدى. پارس، رۇم ۋە مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ جاھاننى زىل ـ زىلىگە سالغان، ناھايىتى كۈچلۈك، يۈزمىڭلىغان قورallىق ئەسكەرلىرىمۇ شىددەتلىك سەلدەك ئېقىپ كېلىۋاتقان بۇ قوشۇننىڭ يولىنى توسۇپ، ئىلگىرىلىشىنى توختىتىش ئۈياقتا تۇرسۇن، ئۇلارنىڭ شۇنچىۋالا كۈچلۈك قوراللىق ئەسكەرلىرىنىڭمۇ ئىسلام قوشۇنى ئالدىدا ئوت ـ چۆپتىن پەرقى قالمىدى. نەتىجىدە، بۇ كەلكۈن سۈرىيە ۋە پەلەستىن يايلاقلىرىنى، ئىراق ۋە پارس تۈزلەڭلىكلىرىنى، مىسىر ۋە ماراكەش تۈپراقلىرىنى ھەتتا ھىمالايا جىلغىلىرىنى قاپلىدى. شۇنداقلا بۇ كۈچلۈك كەلكۈن قەدىمكى چاكىنا مەدەنىيەتلەرنى، كۈچلۈك دۆلەتلەرنى، شانۇشەۋكەتلىك، سەلتەنەتلىك مىللەتلەرنى تارىخ بېتىگە كۆمۈۋەتتى. گويا ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ئاللاھ تائالا قۇرئاندا مۇنۇ ئايەتتە ئېيتقاندەك بولدى:
﴿***ئۇلارنى بىز (كېيىنكىلەرگە) قىسسە قىلىپ قالدۇردۇق. ئۇلارنى تىتما ـ تىتما قىلىۋەتتۇق***﴾[1].

ئەرەبلەر يۇرتلىرىدىن چىقىپ، پارس ۋە رۇملۇقلار بىلەن توقۇنۇشتى. ئۇلار ئىلگىرى پارسلار بىلەن روبىرو تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىشنى ياقتۇرۇپ كەتمەيتتى[2]، يۇرتلىرىغا بېسىپ كىرىشتىن قورقاتتى. ئەمدى ئەرەبلەر (كۈچلۈك ئىمانى بىلەن) ئۇلارنى

[1] «سەبەئ»: 19 ـ ئايەت.

[2] تەبەرىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پارسنى ئازاد قىلماقچى بولغاندا، مۇسۇلمانلار پارسلاردىن تەپ تارتتى ھەمدە ئۇلار بىلەن قانداق جەڭ قىلىمىز دەپ ئارىسالدى بولۇشتى. چۈنكى، پارسلار كۈچلۈك ھەم باشقا مىللەتلەرنى قاتتىق ئەزگەنلىكتىن، ئۇلار بىلەن روبىرو جەڭ قىلىشنى ھېچكىم خالىمايتتى».

كۆزىگە ئىلىپمۇ قويماي، مەملىكىتىگە ھۇجۇم قىلدى. ھەتتا، ئۇلارنىڭ بوسۇغىسىنىڭ تۈۋىگە قەدەر بېرىپ، قوشۇنلىرىنى تىرپىرەن قىلىۋەتتى، تەختلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى، پادىشاھلىرىنىڭ تاجلىرىنى ئاياغ ئاستى قىلدى، خەزىنىلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى ئالدى، ماللىرىنى بۆلۈشۈپ، مۈلۈكلىرىگە ئىگە بولدى، ئەۋلادلىرىنى ئەسىر ئالدى، پەخىر ۋە كىبىر لىباسلىرىنى قايتا ئەسلىگە كەلمەيدىغان دەرىجىدە يىرتىپ تاشلىدى. قىسقىسى، ئۇلارنى قايتا باش كۆتۈرەلمەيدىغان دەرىجىدە ۋەيران قىلىۋەتتى. پارس شاھى كىسرا يەنە بىر قېتىم ئورنىغا كىسرا كەلمەيدىغان دەرىجىدە ۋەيران بولدى، رۇم پادىشاھى قەيسەرمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ھالاك بولدى.

***﴿بوزەك قىلىنغان قەۋمنى (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادىنى) بىز بەرىكەتلىك قىلغان (شام) زېمىنىنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىگە (يەنى ھەممە تەرەپكە) ۋارىس قىلدۇق﴾***[1].

ئەرەبلەر ئاددىي - ساددا، ياماق سېلىنغان كىيىملەرنى، يىرتىق ئاياغلارنى كىيىپ، غىلاپلىرى كونىراپ كەتكەن قىلىچلارنى ئېسىپ، كونا خۇرجۇنلار ئارتىلغان، ئۆزەڭگىلىرى ئۈزۈلۈپ كەتكەن ھەتتا بەزىلىرى ئېگەرسىز ئاتلارغا مىنگەن ھالدا يۇرتلىرىدىن چىققان. ئۇلار شۇ چاغدا زامانىۋى مەدەنىيەتتىن شۇنچىلىك يىراق ئىدىكى، بەزىلەر كافۇرنى تۇز دەپ ئويلاپ قېلىپ، خېمىرغا قوشۇپ سالغان ئىدى([2]). ئەمما، ئۇلار ئۆزۈن ئۆتمەي دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا ئايلىنىپ، تەرەققىي قىلغان ئەللەرنى ئىدارە قىلدى. بىلىم، مەدەنىيەت ۋە قانۇن - تۈزۈمدىن خەۋەرسىز، پادىچى، تۆگىچى ئەرەبلەر ئىلىم، مەدەنىيەت ۋە

---

[1] «ئەئراف»: 137 - بەت.

[2] ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمانلار بەزى ئۆيلەرگە كىرىپ، ئۆيلەردە لىق ئالتۇن، كۈمۈش قاچىلارنى ئۇچرىتاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە نۇرغۇن كافۇرلارنى ئۇچرىتاتتى - دە، ئۇنى تۇز دەپ ئويلاپ قالدى ھەتتا بەزىلەر ئۇنى خېمىرغا ئىشلەتتى. تاماقنىڭ ئاچچىق بولغانلىقىغا قاراپ ئۇنىڭ تۇز ئەمەسلىكىنى بىلىشكەن ئىدى». «ئەلبىدايە ۋەننىھايە»، 7 - توم، 67 - بەت.

تۈزۈمــدە ئــەڭ تەرەققىــي قىلغــان مىللەتلەرگــە ئىلىــم، ئــەدەپ ـ ئەخــلاق ۋە كۇلتــۇر يايىدىغــان مۇئەللىملەرگــە ئايلانــدى. نەتىجىــدە، ئــۇلار ئاللــاھ تائالانىــڭ مۇنــۇ ســۆزىگە لايىــق بولــدى: ﴿بىــز (مىســىر زېمىنىــدا بــوزەك قىلىنغانلارغــا مەرھەمــەت قىلىشــنى ئــىرادە قىلىمىــز، ئۇلارنــى يولباشــچىلاردىن قىلىشــنى، پىرئــەۋن ۋە ئۇنىــڭ قەۋمىنىــڭ (مۈلكىگــە) ۋارىــس قىلىشــنى ئــىرادە قىلىمىــز﴾[1].

## تارىخشۇناسلارنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرغان سىرلىق تېپىشماق

ئەنــە شــۇ ئەجەللىــك ئاجىزلىقتىــن كېيىنكــى تاقابىــل تۇرغىلــى بولمايدىغــان كــۈچ، ھەيــران قالارلىــق تۇرغۇنلۇقتىــن كېيىنكــى قالتىــس جانلىنىــش، چوڭقــۇر ئۇيقۇدىــن كېيىنكــى تېــز ئويغىنىــش تارىــخ مابەينىــدە جاۋابــى تېپىلمىغــان تېپىشــماقلاردىن بىرىــدۇر. پۈتــۈن تارىخشۇناســلار ئىنسانىيەت تارىخىــدا مەيدانغا كەلگــەن ئــەڭ ھەيــران قالارلىــق ھادىسىنىڭ مۇشــۇ ئىكەنلىكىــدە بىــردەك قاراشــتا. قېنــى، ياۋروپالىــق تارىخشۇناســلارنىڭ ســۆزلىرىگە قــۇلاق ســېلىپ بېقىــڭ!

## تارىخشۇناس جىببۇننىڭ سۆزى

تارىخشــۇناس جىببــۇن مۇنــداق دەيــدۇ: «ئەرەبلــەر رۇمنىــڭ ئوغۇســتۇس ۋە پارســنىڭ ئىســتاخر پادىشــاھلىرىغا ئىنتايىــن كۈچلــۈك ھــەم غەلىبىلىــك ھۇجــۇم قىلــدى. ئۇلارنــى رىقابەتلىشــۋاتقان ئىككــى بۈيــۈك دۆلــەت كۆزنــى يۇمــۇپ ئاچقۇچــە كۆزگــە ئىلمىغــان دۈشــمەنلىرىگە (مۇســۇلمانلارغا) يــەم بولــدى. ئۆمــەر رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇنىــڭ خەلىپىلىــك دەۋرىــدە ئەرەبلــەر 10 يىــل ئىچىــدە 36 مىــڭ شــەھەر ۋە قەلئەنــى تېررىتورىيەســىگە قوشــۇۋالدى. كاپىرلارنىــڭ 4000 دانــە چېركاۋ ۋە ئىبادەتخانىلىرىنــى يىقىــپ، مۇســۇلمانلار ئۈچــۈن 14 مىــڭ دانــە مەســجىد ســالدى. ھىجرىيــە 1 ـ ئەســىرنىڭ بېشــىدىلا

[1] «قەسەس»: 5 ـ ئايەت.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خەلىپىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ھىندىستاندىن ئاتلانتىك ئوكيانغىچە كېڭەيدى. ئىسلام بايرىقى پارس، سۈرىيە، مىسىر، ئافرىقا ۋە ئىسپانىيە قاتارلىق يىراق ئەللەردە لەپىلدىدى»[1].

## تارىخشۇناس ستۇداردنىڭ سۆزى

ئامېرىكىلىق ستۇدارد «ئىسلام دۇنياسىنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ:

«ئىسلامنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ھەيران قالارلىق، بۈيۈك ھادىسىدۇر. ئىسلام مەۋجۇتلۇقىنى ئاران ساقلاپ تۇرۇۋاتقان بىر مىللەت ئىچىدە، ھېچكىمنىڭ نەزىرى چۈشمەيدىغان بىر شەھەردە ئوتتۇرىغا چىقىپ، تولۇق بىر ئەسىر ئۆتمەي ـ ئۆتمەيلا زېمىنلىرى كەڭ، كۈچلۈك خانلىقلارنى پارچىلىدى، نەچچە ئەسىرلەر مابەينىدە داۋاملىشىپ كەلگەن قەدىمىي دىنلارنى يىقتى، نۇرغۇن مىللەت ۋە خەلقلەرنىڭ قىممەت قاراشلىرىنى ئۆزگەرتتى، قۇرۇلمىسى ئىنتايىن ساغلام ۋە مۇستەھكەم بىر ئالەم (ئىسلام ئالىمىنى) قۇرۇپ چىقتى. ھەتتا، ئىسلام يەر يۈزىنىڭ يېرىمىغىچە كېڭەيدى.

ئىسلامنىڭ بۇنچىۋالا تېز تەرەققىي قىلىپ، يۈكسىلىشىنىڭ سىرى ھەققىدە قانچىلىك چوڭقۇر ئىزدەنسەك، شۇنچىلىك ھەيرانلىقىمىز ئاشىدۇ ۋە كۆزلىرىمىز تالىدۇ. شۇنى بىلىمىزكى، باشقا بۈيۈك دىنلار زور قىيىنچىلىقلارغا يولۇقۇپ، ناھايىتى ئاستا تەرەققىي قىلغان؛ ئاللاھ تائالا ئۇ دىنلارنىڭ ھەربىرى ئۈچۈن خالىغان بىر پادىشاھنى ياردەمچى قىلغان؛ ئۇ پادىشاھمۇ ئۆزى ئېتىقاد قىلغان دىنغا يانبېسىپ، مۇداپىئە قىلغان ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇ دىن مۇستەھكەملىنىپ، ئاساسلىرى بېكىگەن ئىدى. ئالايلۇق،

[1] ئىدۋارد جىببۇن: «ئىنھىتاتۇ رۇمە ۋە سۇقۇتۇھا»، ئوكسفورد، 5 ـ توم، 474—475 ـ بەتلەر.

خرىستىيان قەھرىمانى قۇستەنتىن[1]، بۇددىزم قەھرىمانى ئاشوكا[2]، مەزدەكىي[3] قەھرىمانى قۇباد كىسرو بولۇپ، بۇلار كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئۆز دىنىنى قوللىغان دىكتاتور پادىشاھلاردۇر. ئەمما، ئىسلام دىنىنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. ئىسلام دىنى تارىخ سەھنىسىدە ئېتىبارسىز، كۆچمەن قەبىلىلەر جايلاشقان بىر چۆلدە ئوتتۇرىغا چىقتى. شۇنداقتىمۇ باشقا مىللەتلەرنىڭ ياردىمىسىز، قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىسىز شۇنچە كۆپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، مۇشەققەتلىك داۋانلاردىن ئېشىپ غايەت زور تېزلىك بىلەن كېڭىيىشكە ۋە يېيىلىشقا باشلىدى. ئىسلام ئەنە شۇنداق قىيىن شارائىتلاردىمۇ شانلىق زەپەرلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئوتتۇرىغا چىققىنىغا ئىككى ئەسىر ئۆتەر - ئۆتمەيلا، ئىسلام بايرىقى پىرانىس تاغلىرىدىن ھىمالايا تاغلىرىغىچە، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈزلەڭلىكلىرىدىن ئافرىقا چۆللىرىگىچە كەتكەن بىپايان زېمىندا لەپىلدەشكە باشلىدى»[4].

## تارىخشۇناس فىيشەرنىڭ سۆزى

ھازىرقى زامان تارىخشۇناسلىرىدىن ھ. ا. ل. فىيشەر «ياۋروپا تارىخى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ:

«ئىسلام كېلىشتىن ئىلگىرى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بىرەر ھاكىمىيەت، مۇنتىزىم ئارمىيە، بىرەر سىياسىي نىشانىنىڭ ئىزناسىمۇ يوق ئىدى. ئەرەبلەر ئۆزلۈشخۇمار، تىجارەتچى، خىيالپەرەس، شېئىرغا خۇشتار خەلق بولۇپ، سىياسەتتىن تولۇق خەۋىرى

[1] قۇستەنتىن (قُسْطَنْطِينُ، م. 271 / 337)، رۇم پادىشاھلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، خرىستىيان دىنىنى تارقىتىشقا زور كۈچ چىقارغان دىكتاتور زالىم. - ت.

[2] ئاشوكا (أشوكا، م. بۇرۇن. 304 / م. بۇرۇن. 232)، بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشىدا چوڭ رول ئوينىغان ھىند پادىشاھلىرىنىڭ بىرى. - ت.

[3] «مەزدەكىيە / المَزْدَكِيَّة»، مانىي دىنىنىڭ تۈرلىرىدىن بولۇپ، «نۇر» ۋە «قاراڭغۇلۇق»نى ئىلاھ دەپ چوقۇنىدىغان، پارس ئەللىرىدە ئوتتۇرىغا چىققان دىنىي ئېقىمدۇر. - ت.

[4] ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلغۇچى ئەجاج نۇۋەيھىز: «ھازىرقى ئالەمى ئىسلامى»، 1 - توم.

يوق ئىدى. يەنە كېلىپ ئۇلار ئۆزلىرىنى دىنلىرىغا مەھكەم يېپىشتۇرىدىغان ۋە بىرلەشتۈرىدىغان بىرەر كۈچكە ئېرىشەلمىگەن، ئەقىدىلىرى بۇزۇق، شېرىك ئېتىقادتىكى ئىنسانلار ئىدى. ئەنە شۇ ياۋايى، نام - نىشانسىز ئەرەبلەر بىر ئەسىر ئىچىدىلا دۇنيادىكى بۈيۈك كۈچكە ئىگە بولۇپ، سۈرىيە ۋە مىسىرنى ئازاد قىلدى، پارسنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلدى، غەربىي تۈركىستان ۋە پەنجاپنىڭ بىر قىسمىنى ئىگىلىدى، ئافرىقىنى رۇم ۋە بەربەرلەرنىڭ قولىدىن، ئىسپانىيەنى گوتلارنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى. غەربتە فىرانسىيەگە، شەرقتە كونىستانتىنپولغا تەھدىت سېلىپ، ئىسكەندەرىيە ۋە سۈرىيە پورتلىرىدا ياسالغان جەڭ پاراخوتلىرىنى ئوتتۇرا دېڭىزغا سالدى. يۇنانلىقلارنى جەزائىردىن قوغلاپ چىقىرىپ، رۇم ئىمپېرىيەسىنىڭ دېڭىز ئارمىيەسىگە جەڭ ئېلان قىلدى. ئۇلارغا پارسلار ۋە ئاتلاس تاغلىرىدىكى بەربەرلەردىن باشقا ھېچكىم قارشىلىق كۆرسىتىشكە پېتىنالمىدى. شۇڭا، ئۇلار ئانچە قىينالمايلا ئالغا ئىلگىرىلەپ، مىلادىيە 8 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە پەتىھلىرىنى توختىتىش مۇمكىن بولمايدىغان ھالغا يەتتى. ئوتتۇرا دېڭىزمۇ رۇملۇقلارنىڭ قولىدىن چىقىپ، تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتۈپ، ئوسمانىيلارنىڭ كۆلىگە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن ياۋروپادىكى پۈتۈن خىرىستىيان ئەللىرى ئىسلام دىنىنى ئاساس قىلغان شەرق مەدەنىيىتىدىن تەھدىت ھېس قىلىدىغان ھالەت شەكىللەندى»[1].

كوممۇنىست بىر يازغۇچى مۇنداق دەيدۇ:

«ئىنسان كىچىككىنە كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ تولۇپ - تاشقان دىنىي شىجائەت بىلەن ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئەينى چاغدىكى ئەڭ كۈچلۈك ئىككى دۆلەتنى مەغلۇپ قىلغانلىقىنى ئويلانغىنىسىرى ھەيرانلىققا چۆمىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولغىنىغا ئەللىك يىل ئۆتمەي تۇرۇپلا، ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بىر تەرەپتىن

[1] H. L. FISHER: : (A. HISTORY OF EURUPE) p, p, 138 - 137.

ھىندىستان چېگرالىرىغا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاتلانتىك ئوكياننىڭ قىرغاقلىرىغا زەپەر تۇغلىرىنى قادىدى. ئاۋۋالقى خەلىپىلەر دەممەشقتە تۇرۇپ، ئەڭ تېز سۈرئەتتە چاپىدىغان تۆگە ئاز دېگەندە بەش ئايدا يېتىپ بولىدىغان مۇساپىدىكى ئىمپېرىيەنى ئىدارە قىلاتتى. ھىجرىيە 1 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىلا خەلىپىلەر دۇنيانىڭ ئەڭ كۈچلۈك ھۆكۈمرانلىرىغا ئايلىنىپ بولغان ئىدى. ھەربىر پەيغەمبەر سۆزلىرىنىڭ ھەق ۋە راستلىقىغا دەلىل قىلىش ئۈچۈن مۆجىزىلەرنى كۆرسەتكەن. بىراق، ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ بۈيۈك پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىدىن بىرى ئىسلامنىڭ ئەنە شۇنداق تېز سۈرئەتتە كېڭىيىشى ئىدى. دەرۋەقە، ئىسلامنىڭ بۇنداق تېز سۈرئەتتە كېڭىيىشىنى ھەققەتەن ئەقىللەرنى لال قىلىدىغان ئادەتتىن تاشقىرى بۈيۈك مۆجىزىلەردىن بىرى دېيىشكە بولاتتى. رۇم قەھرىمانى تەراجان كېڭەيمىچىلىكنى باشلىغاندىن كېيىن، يەتتە ئەسىر داۋاملاشقان بۈيۈك ئىشغالىيەتلەر نەتىجىسىدە كېڭەيگەن ئوغۇستۇس رۇم ئىمپېرىيەسىنىڭ تېررىتورىيەسىمۇ بىر ئەسىرگىمۇ بارمىغان قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا قۇرۇلغان ئەرەب دۆلىتىنىڭكىگە يەتمەيدۇ. بۈيۈك ئىسكەندەر ئىمپېرىيەسىمۇ بىپايان خەلىپىلەر دۆلىتىنىڭ بىر پارچىسىغىلا توغرا كېلىدۇ. رۇملۇقلار بىلەن مىڭ يىلغا يېقىن قارشىلاشقان پارس ئىمپېراتورلۇقى ئون يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە «ئاللاھنىڭ قىلىچى» دەپ نام ئالغان خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىدا تىز پۈكتى»[1].

### بۇ سىرلىق تېپىشماق ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە

بىز ئەمدى بۇ ھادىسىنى ئىلمىي نۇقتىدىن ئىنچىكە ئانالىز قىلىپ، ھەقىقىي سەۋەبلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ باقايلى.

بۇ ماددىي قانۇنىيەت دۇنياسىدا تولا چاغلاردا سانى كۆپ، قورال ـ ياراغلىرى ئىلغار، ئەسكىرىي تۈزۈمى مۇكەممەل، ھەربىي تاكتىكىلاردا ياخشى يېتىشكەن قوشۇن ۋە دۆلەتلەر ئاجىز قوشۇن

[1] M. N. ROY: (Historical Role of Islam), p. p. 9 ,7 ,5 ,4.

ۋە دۆلەتلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. بىز بۇ يەردە قوشۇنلار ۋە دۆلەتلەرنىڭ غەلىبە قىلىشىدا ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدىغان ماددىي سەۋەبلەر ھەققىدە بىر ـ بىرلەپ توختالماقچىمىز.

## سان مەسلىسى

ھەممىگە ئايانكى، مۇسۇلمانلار بىلەن خىرىستىيانلار ۋە ئاتەشپەرەسلەر ئارىسىدا يۈز بەرگەن پۈتۈن ھالقىلىق ئۇرۇشلاردا ئىككى تەرەپنىڭ ئەسكەرلىرى سان جەھەتتىن پەۋقۇلئاددە پەرقلىق بولۇپ، نۇرغۇن ئۇرۇشلاردا رۇم ۋە پارسلار مۇسۇلمانلاردىن قاتمۇقات كۆپ ئىدى. (مىسال قىلىپ ئېيتساق) يەرمۇك غازىتىدا رۇم لەشكەرلىرىنىڭ سانى 180 مىڭ، يەنە بىر رىۋايەتتە 200 مىڭ، باشقا بىر رىۋايەتتە 240 مىڭ ئىدى. بۇ ھەقتە رىۋايەت قىلىنغان سانلارنىڭ ئەڭ ئېزىمۇ 120 مىڭدۇر. بۇ چاغدا مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئەڭ كۆپلۈك رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا، ئاران 24 مىڭ ئىدى. قادىسىيە ئۇرۇشىدىكى ئىككى تەرەپنىڭ سان پەرقىمۇ بەئەينى مۇشۇنداق. ئىراقتا يۈز بەرگەن ئۇرۇشتىمۇ ئەھۋال يەنىلا شۇنداق، ئەمما نەتىجە ھەممىگە ئايان بولۇپ، مەزكۇر ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسىدە مۇسۇلمانلار شانلىق زەپەرلەرنى قازانغان[1].

پۈتۈن تارىخشۇناسلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئازلىقىنى، ئۇلارغا سېلىشتۇرغاندا رۇم ۋە پارسلارنىڭ نەقەدەر كۆپلۈكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ئەمما تارىختا ئىنسانلارنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرغان بۈيۈك ئىسلامىي پەتىھلەرنى مۇسۇلمان مۇجاھىدلارنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكىگە باغلىمايدۇ.

مەشھۇر ئىككى تارىخشۇناس گود فرودىمونبىن ۋە بلانونوف «ئىسلام دۇنياسىنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى» ناملىق كىتابىنىڭ تۆتىنچى بابىدا مۇنداق دەيدۇ:

---

[1] «ھەلىمە كۈنىسى (يوم حليمة)» ، ئەرەبلەرنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى مەشھۇر كۈنلىرىدىن بىرى بولۇپ، ھەرقانداق مەشھۇر ئىشلاردا قوللىنىلىدىغان ماقال ـ تەمسىل بولۇپ قالغان.

«ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن يۇرۇش قىلغان ساناقلىق ئەرەب قەبىلىلىرى شەھەرلەرنى پەتىھ قىلىش ئۈچۈن مەدەنىيەتلەشكەن شەرققە يۇرۇش قىلدى. ئەرەب تارىخشۇناسلار ‹يەرمۇك غازىتىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دەسلەپكى ئەسكەر سانى 3000 ئىدى. كېيىن خەلىپە ئۇلارغا 7500 ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتتى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ سانى 34 مىڭغا يەتكەن› دەپ قەيت قىلىشىدۇ. رۇملۇقلارنىڭ شۇ چاغدىكى سانىغا كەلسەك، ئەرەب تارىخشۇناسلار ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سانىنىڭ 100 مىڭغا يېتىدىغانلىقىنى ئېيتقان. بەزى رىۋايەتلەردە 130 مىڭ ياكى 200 مىڭمۇ دېيىلگەن. رۇملۇق تارىخشۇناسلار بولسا ئۇلارنىڭ سانىنىڭ 40 مىڭدىن ئاشمايدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. قانداقلا بولمىسۇن، رۇملۇقلارنىڭ سانى ئەرەبلەرنىڭ سانىدىن خېلىلا كۆپ ئىكەنلىكى بىر رېئاللىق. پارسلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتىمۇ ئەھۋال بەئەينى شۇنداق ئىدى»[1].

مەلۇمكى، ئەرەب يېرىم ئارىلى يەر كۆلىمىگە نىسبەتەن ئاۋات جايلىرى ئىنتايىن ئاز، يەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى چۆل، قۇملۇق، قۇرغاق رايون ئىدى. مۇسۇلمانلار يۇرۇش قىلغان شەھەرلەر بولسا يەر يۈزىدىكى ئەڭ مۇنبەت، ئەڭ ئاۋات، ئاھالىسى زىچ، ھەرىلەر ئىنچىل ھەسەل چىقىرىپ تۇرىدىغان، ئارقىمۇئارقا مەھسۇلات ئېلىنىدىغان، ئەسكەرلەر سەلدەك ئېقىپ يۈرىدىغان، ھەر تەرەپتىن ئاشلىقلار ئۇزۇلمەي كېلىپ تۇرىدىغان شەھەرلەر ئىدى. يۇرتلىرىدىن ئايرىلغان، مەركەزلىرىدىن يىراقلاشقان بىر ئوچۇم ئەرەبلەر دۈشمەنلەرنىڭ لەشكەر دېڭىزى ئىچىدىكى كىچىككىنە بىر كۆپۈككىلا ئوخشايتتى. ئۇلارغا ياردەم كەلگەن تەقدىردىمۇ، بىرنەچچە ئايلاردىن كېيىن ئاران تەستە يېتىپ كېلەلەيتتى. يېمەكلىكلىرىمۇ دۈشمەنلەرنىڭ قولىدىن غەنىيمەت ئالغان نەرسىلەر ئىدى. پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ياشاۋاتقان ئەرەبلەرنىڭ ھەممىسى (بۇنداق بولۇشىغۇ مۇمكىن ئەمەس) پىدائىي

[1] تەرجىمە قىلغۇچى شەكىب ئارسلان: «ھازىرقى ئالەمى ئىسلامى»، 1 ـ توم، 39 ـ بەت.

بولۇپ جىهادقا چىققان تەقدىردىمۇ، يەر يۈزىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدىغان خىرىستىيان ۋە مەجۇسىيلارنى ھېچنېمە قىلالمايتتى. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، جىهادقا قېتىلغان مۇجاھىدلار ئەرەب يېرىم ئارىلى ئاھالىسىنىڭ يىگىرمىدىن بىرىگىمۇ يەتمىگەن ئەھۋالدا پۈتۈن خىرىستىيان ۋە مەجۇسىي دۇنياسىنى نېمىمۇ قىلالىسۇن دەيسىز؟!

## قورال – ياراغ مەسىلىسى

قورال ـ ياراغ ۋە ھەربىي ئەسلىھەلەر مەسىلىسىگە كەلسەك، ئەرەبلەر بۇ جەھەتتە ناھايىتى يوقسۇل، قورال ـ ياراغلىرىمۇ ئىنتايىن ئاز ئىدى. بۇ نۇقتىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە ئۇلاردا دۆلەت تەرىپىدىن يېتىشتۈرۈلگەن، قوراللاندۇرۇلغان، ھەرقانداق جىددىي پەيتتە قوراللىق ئاتلاندۇرۇلىدىغان، تەشكىللىك ھەم مائاشلىق دۆلەت ئەسكەرلىرى يوق ئىدى. ئۇرۇشقا قېتىلغانلار پەقەت ئۆزلىرى قوراللىنىپ، ئاللاھ يولىدا جىهاد قىلىپ، ساۋابقا ئېرىشىش قىزغىنلىقى بىلەن ئۇرۇشقا ئاتلانغان پىدائىي قوشۇن ئىدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ مىنگۈدەك ئۇلىغىمۇ يوق بولۇپ، بۇنداق كىشىلەر باشقىلاردىن ئۇلاغ ئارىيەت ئېلىپ تۇراتتى. مىنگۈدەك ئۇلاغ تاپالمىسا، ئاللاھ يولىدا جىهاد قىلىشتىن مەھرۇم قالغانلىقىغا ئىچ ـ ئىچىدىن ھەسرەت چېكەتتى. ئەنە شۇ كىشىلەر ھەققىدە ئاللاھ تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿يەنە مۇنداق كىشىلەرنىمۇ ئەيىبلەشكە يول يوقتۇركى، ئۇلار (جىهادقا چىقىش ئۈچۈن) سەندىن ئۇلاغ سوراپ كەلگەندە، (ئۇلارغا سەن) مېنىڭ سىلەرنى تەمىنلەيدىغان ئۇلاغلىرىم يوق، دېدىڭ. ئۇلار (جىهادقا چىقىشقا) سەرپ قىلىدىغان نەرسە تاپالمىغانلىقلىرى ئۈچۈن قايغۇرغان، ياش تۆككەن ھالدا قايتىشتى﴾[1].

رۇم ۋە پارسلار ئۆزلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلغىلى كەلگەن مۇسۇلمانلارنى كۆزگە ئىلىپمۇ قويمايتتى. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ

[1] «تەۋبە»: 92 ـ ئايەت.

قورالّلىرىنى، ئوقلىرىنى ۋە كىيىملىرىنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشەتتى.

قادىسىيە غازىتىغا قاتناشقانلاردىن ئەبۇ ۋائىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

پارسلار مۇسۇلمانلارغا:

ـ سىلەر كۈچسىز، تۆزۈكرەك قورالّلىرىڭلارمۇ يوق تۇرسا، نېمىشقا كەلدىڭلار؟ قايتىپ كېتىڭلار، ـ دېگەن ئىدى. بىز:

ـ قايتمايمىز، ـ دېدۇق. ئۇلار بىزنىڭ ئوقلىرىمىزنى يوڭ ئېگىرىدىغان يىكلارغا ئوخشىتىپ، قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتكەن ئىدى[1].

ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇرۇشتىن ئىلگىرى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەپداشلىرىدىن بىر قىسمىنى پارس ئىمپېراتورى كىسرانى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئۇلار كىسرانىڭ ھۇزۇرىغا كىرىش ئۈچۈن رۇخسەت سورىۋىدى، ئۇمۇ رۇخسەت قىلدى. شەھەر ئاھالىسى ئۇلارنىڭ تۇرقىغا، ئۇستىباشلىرىغا، قوللىرىدىكى قامچىلىرىغا، پۇتلىرىدىكى ئاياغلىرىغا، تىرناقلىرى ئۆزىراپ كەتكەن ئورۇق ئاتلىرىغا قارىشىپ ھەيرانلىق ئىچىدە:

ـ بۇلار سانى كۆپ، قورالّلىرى خىل قوشۇننى قانداقمۇ مەغلۇپ قىلالىسۇن؟! ـ دېيىشەتتى»[2].

ماكس مايىرھوف «ئىسلام دۇنياسى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ:

«يېتەرلىك ئەسكەر ۋە ھەربىي ئەسلىھەلىرى بولمىغان قەبىلە ئەرەبلىرىنىڭ ئۆزلىرىدىن سان ۋە قورال ـ ياراغ جەھەتتە نەچچە ھەسسە ئۇستۇن رۇم ۋە پارسلارنىڭ مۇنتىزىم تەربىيەلەنگەن

---

[1] ئىبنى كەسىر: «ئەلبىداية ۋەننىھايە»، 7 ـ توم، 40 ـ بەت.

[2] ئىبنى كەسىر: «ئەلبىداية ۋەننىھايە»، 7 ـ توم، 41 ـ بەت.

لەشكەرلىرىنى شۇنچىۋالا قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مەغلۇپ قىلىشىنى ئەقىلگە سىغدۇرۇش تولىمۇ قىيىن»[1].

## ئەرەبلەرنىڭ ھەربىي تۈزۈمدىكى ئۈستۈنلۈك مەسىلىسى

مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبە قىلىشىنىڭ سەۋەبى ھەققىدە ئىلگىرى سۈرۈلگەن بەزى قاراشلاردا ئېيتىلىشىچە، ئۇ دەۋردە ئەرەبلەر رۇم ۋە پارسلاردىن ھەربىي تۈزۈمدە ئۈستۈنمىش؛ ئەسكەرلىرى ئۆلارنىڭ ئەسكەرلىرىدىن مۇنتىزىمراق، ئەڭ ئىلغار ھەربىي تۈزۈمدە مەشىقلەندۈرۈلگەن، قوماندانلىرىغا بويسۇنىدىغان، ئىنتىزامچان قوشۇنلارمىش... رۇم ۋە پارسلارنىڭ سان جەھەتتە كۆپ تۇرۇپ مەغلۇپ بولۇشى، ئەرەبلەرنىڭ سان جەھەتتە ئاز تۇرۇپ غەلىبە قىلىشى ئەرەبلەرنىڭ تەجرىبىلىك، قورقماس، ئۇرۇشخۇمار، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا ھېرىسمەنلىكىدىنمىش؛ ئاۋۋالقى جاھىلىيەت دەۋرى ئۇلارنى گويا مۇنتىزىم ھەربىيلەردەك يېتىشتۈرگەنلىكىدىنمىش.

بۇ سەۋەبلەر قارىماققا ئىلگىرىكى سەۋەبلەرگە قارىغاندا توغرا ھەم مەنتىقىلىقراقتەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما، سىز بۇ ھەقتە بىر تارىخشۇناس ۋە تەتقىقاتچى سۈپىتىدە چوڭقۇر ھەم ئەتراپلىق ئىزدەنگىنىڭىزدە، ياۋروپالىق يازغۇچىلارنىڭ بىلىپ ـ بىلمەي چوڭ بىر خاتالىققا يول قويغانلىقىنى بايقايسىز.

ئوتتۇرا ئەسىر تارىخ كىتابلىرىدا شۇ دەۋردىكى رۇم ۋە پارسلارنىڭ ھەربىي تۈزۈمدە مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان. مىلادىيە 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا رۇم ئىمپېرىيەسى گۈللىنىپ، ھەربىي كېڭەيمىچىلىكتە يۇقىرى پەللىگە ئۆرلىگەن ئىدى. شۇ دەۋردە رۇملۇقلار پارسلارنى سۈر ـ توقاي قىلىپ، ئارقىغا چېكىندۈردى ۋە ئۇلارنىڭ يۇرت ـ ماكانلىرىنى بېسىۋالدى. ھىرەقل كورد تاغلىرى ۋە دىجلە دەريالىرىدىن غەلىبىلىك ئۆتۈپ

[1] تەرجىمە قىلغۇچى شەكىب ئارسلان: «ھازىرۇل ئالەمىل ئىسلامىي»، 1 ـ توم، 39 ـ بەت.

«ساباتى» دېگەن جايدا قانلىق ئۇرۇش قىلىپ، «نىنەۋىي» دېگەن جايدىمۇ ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلغاندىن كېيىن، دەستەجىردقا كىردى ۋە مەدائىنغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، پارسلارنىڭ پايتەختىگە رۇملۇقلارنىڭ زەپەر تۇغىنى قادىدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى مىلادىيە 625 ـ يىلى مۇسۇلمانلار سۈرىيەگە يۈرۈش قىلىشتىن 12 يىل ئىلگىرى يۈز بەرگەن ئىدى.

رۇملۇقلار بىلەن پارسلار ئارىسىدا مىلادىيە 603 ـ يىلى باشلانغان دەھشەتلىك ئۇرۇشلار ھەر ئىككى تەرەپنى نۇرغۇن جەڭ بىلىملىرىگە ۋە مول تەجرىبىگە ئىگە قىلدى. ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىردىن يېڭى ـ يېڭى جەڭ تاكتىكىلىرىنى ئۆگىنىپ، تاكتىكا ۋە جەڭ ماھارىتى جەھەتتە خېلىلا تەرەققىي قىلدى. ئوتتۇرا ئەسىر ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشلىرىدىمۇ ئەھۋال بەئەينى شۇنداق بولغان ئىدى.

رۇملۇق مەشھۇر تارىخشۇناس جىبۇن كىتابىنىڭ 5 ـ تومىنىڭ 478 ـ بېتىدە رۇملۇقلارنىڭ ھەربىي تۈزۈمدە ئەرەبلەردىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«مەن بۇ يەردە شۇنى تەكىتلىمەكچىمەنكى، ئەرەبلەرنىڭ ھۇجۇم ۋە جەڭ قىلىش ئۇسۇللىرى كۈچلۈك ھەم مۇنتىزىم پىيادە قىسىملارغا ئىگە رۇم ۋە يۇنانلىقلارنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. ئەرەبلەرنىڭ ئەسكەرلىرى ئاز بىر قىسىم ئاتلىق ۋە ئوقياچىلاردىنلا تەشكىل تاپاتتى. ئۇلارنىڭ ئۇرۇشلىرى يەكمۇيەك ئېلىشىش ۋە ئۆزئارا كۈچ سىنىشىشتىنلا ئىبارەت بولۇپ، بەزىدە ھېچقانداق نەتىجە چىقمايلا جەڭ نەچچە كۈنگە سوزۇلۇپ كېتەتتى».

«ئەرەبلەر ئۆزۈنغا سوزۇلغان قەبىلە ئۇرۇشلىرى نەتىجىسىدە مول جەڭ تەجرىبىسىگە ئىگە بولغان ۋە پىشىپ يېتىلگەن بولۇپ، مۇشۇ ئارقىلىق رۇم ۋە پارسلارنى يېڭىۋالغان» دېگەن گەپكە كەلسەك، بۇنداق ئۇششاق توقۇنۇش ۋە قەبىلە ئۇرۇشلىرىنىڭ ئەرەبلەرنى رۇم ۋە پارسلاردىن ئىبارەت ئىككى بۈيۈك ئىمپېرىيەنى بويسۇندۇرالايدىغان كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە

قىلالىشى ناتايىن. دېمىسىمۇ، ئۇلار شۇ ھالى بىلەنمۇ ئىسلامدىن ئىلگىرى ھەبەشىستانلىقلارغا ۋە ئەرەبلەرنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان پارسلارغا باش ئېگىپ ياشايتتى. ئەينى چاغدا مەككىگە باستۇرۇپ كەلگەن ئەبرەھە قوشۇنى ئالدىدىمۇ ئارقىغا چېكىنگەن ئىدى. ئاللاھ تائالا كەئبە شېرىپنى قوغدىغان، ئەبرەھەنىڭ قوشۇنىنى ئابابىل قۇشلىرىنى ئەۋەتىش ئارقىلىق چاينىۋېتىلگەن سامانغا ئوخشاش قىلىۋەتكەن ئىدى. ئەرەبلەر نام ـ نىشانسىز ياشىغان نەچچە ئەسىر جەريانىدا نېمىشقا ئاشۇ كىچىككىنە ئارالدىن چىقىپ ئۇرۇش قىلىشقا، شەھەرلەرنى پەتىھ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى؟ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىدىن كېيىن رۇم ۋە پارسقا ھۇجۇم قىلغاندەك، نېمىشقا بۇرۇنلا ھۇجۇم قىلالمىدى؟ نېمىشقا ئۇلار نەچچە ئەسىر رۇم ۋە پارستىن ئىبارەت ئىككى يولۋاس ئارىسىدا قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ يۈردى؟ تابىئىنلارنىڭ پېشۋالىرىدىن قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئەھۋالنى شۇنداق بايان قىلىپ بەرگەن[1].

«ئەرەبلەر ئەڭ ياخشى جەڭ تۈزۈملىرىگە ئىگە ئىدى» دېگەن گەپكە كەلسەك، بىز ئەرەبلەرنىڭ جەڭ تۈزۈمىنىڭ ياخشىلىقى، ئەسكەرلەر ئىچىدىكى يۈكسەك ھەمكارلىق ۋە پىداكارلىق روھى، قوماندانلىرىغا ئىتائەت قىلىش، بويسۇنۇش، ئاللاھ يولىدا شېھىد بولۇش ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆلۈمگە ئېتىش، ئۆزىنى قۇربان قىلىش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىنكار قىلمايمىز. بىراق، ھەربىي ئىلىمدىن مەلۇماتى بار ھەرقانداق ئادەمگە مەلۇمكى، ھەربىي تۈزۈم، ئەسكىرىي ئىنتىزام، ھەربىي تاكتىكا دېگەنلەر ماتېماتىكىلىق قائىدىلەر بىلەنلا ھاسىل بولىدىغان سۇنئىي، مېخانىك نەرسە ئەمەس. ناۋادا تاشلار قىر چىقىرىلماي رەتلىك تىزىلسا ياكى تۆۋرۈكلەر ئىنچىكە ماتېماتىكىلىق فورمۇلا بىلەن تىكلەپلا قويۇلسا، ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. تارىخ كىتابلىرىدا رۇم ۋە پارس لەشكەرلىرىنىڭ جەڭدىن قاچماسلىق ئۈچۈن جەڭ

[1] تەبەرىي: «جامىئۇل بەيان»، 4 ـ توم، 33 ـ بەت.

مەيدانلىرىدا ئورەك قازغانلىقىنى ھەتتا ئۆزلىرىنى زەنجىرلەر بىلەن باغلىغانلىقىنى، بىراق بۇ ئۇسۇللارنىڭمۇ ئانچە ئەسقاتمىغانلىقىنى ئوقۇغان ئىدىم.

دېمەك، جەڭدىكى مۇھىم نۇقتا تۈزۈملا ئەمەس، بەلكى روھ، پرىنسىپچانلىق ۋە ئەسكەرلەر جېنىنى پىدا قىلالايدىغان يۈكسەك غايىدۇر. مانا بۇلار ئادەتتىن تاشقىرى كۈچنىڭ مەنبەسى، ئەقىللەرنى لال قىلغان قەھرىمانلىقنىڭ، مەشھۇر تارىخشۇناس ۋە پەيلاسوپلارنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرغان بۈيۈك پەتىھلەرنىڭ تۈپ سەۋەبىدۇر.

### ئەرەب مۇسۇلمانلىرىدىكى كۈچ – قۇدرەتنىڭ ھەقىقي مەنبەسى

بۇ مەنبەنى دۇنيانى پەتىھ قىلىش ئۈچۈن ئاتلىنىپ، يېرىم ئەسىر ئىچىدە يەر يۈزىنىڭ يېرىمىنى پەتىھ قىلغان دەسلەپكى ئەرەبلەردىن ئىزدىشىمىز كېرەك.

تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن بۇ بۈيۈك ئىنقىلاب ۋە كۈچ - قۇدرەتنىڭ مەنبەسى ئەرەبلەرنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشى نەتىجىسىدە «دىن» ۋە ئىلاھىي رىسالەت ساھىبلىرىغا ئايلىنىپ، يېڭى بىر نەسىل، يېڭى بىر ئەۋلاد سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىشىدۇر. ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى ئۆزگەرگەنلىكى ئۈچۈن، دۇنيا ئۇلارغا نىسبەتەن باشقا بىر دۇنياغا، ئۇلارمۇ باشقا ئىنسانلارغا ئايلانغان ئىدى. ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىدە ھەيرانلىق ۋە ئەجەبلىنىش ئىچىدە باقىدىغان ئەتراپى ئالەمگە قايتىدىن نەزەر تاشلاپ، ھەممە ياقتا پىتنە - پاسات ئەۋج ئالغانلىقىنى، زۇلۇمنىڭ ئۇچىغا چىققانلىقىنى، قارا زۇلمەتنىڭ پۈتۈن جاھاننى قاپلىغانلىقىنى ۋە ھەر ئىشنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق نەپرەتلەندى. بۇرۇندىن ئالاھىدە ھۆرمەت، ئىززەت ۋە ھەۋەس بىلەن قاراپ كەلگەن ئەللەرگە قارىغىنىدا بولسا، ئۇلار بەئەينى ئىنسان سۈرىتىدىكى ھايۋاندەك كۆرۈندى.

*﴿كاپىرلار (ھاياتىي دۇنيادا ئۇنىڭ لەززەتلىرىدىن) بەھرىمەن بولىدۇ ۋە چاھارپايلاردەك يەپ ـ ئىچىدۇ، (ئاخىرەتتە) ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ﴾*[1].

ئۇلار ئىنسان لىباسى كىيدۈرۈلگەن ھەيكەل ۋە مودىل كۆرۈندىكى، مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ باياشات، ھەشەمەتلىك تۇرمۇشىنى مەنسىتمىدى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئوقۇشتى:

*﴿بىز (كۇففارلاردىن) تۈرلۈك جامائەنى بەھرىمەن قىلغان دۇنيانىڭ نېمەتلىرى ۋە زىبۇزىننەتلىرىگە كۆز سالمىغىن، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى سىنايمىز، پەرۋەردىگارىڭنىڭ رىزقى (يەنى ساۋابى بۇ پانىي نېمەتتىن) ياخشىدۇر ۋە ئەڭ باقىيدۇر﴾*[2]؛ *﴿ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە ئەۋلادلىرى سېنى ئەجەبلەندۈرمىسۇن، ئاللاھ ئۇلارنى بۇ دۇنيادا شۇ نەرسىلەر بىلەن ئازابلاشنى ۋە ئۇلارنىڭ كاپىر پېتى جان ئۈزۈشىنى ئىرادە قىلىدۇ﴾*[3].

ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزلىرىنى ئىنسانلارنى زۇلمەتتىن نۇرغا، مەخلۇققا چوقۇنۇشتىن ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا، دۇنيانىڭ تارلىقىدىن ئاخىرەتنىڭ كەڭچىلىكىگە، دىنلارنىڭ زۇلمىدىن ئىسلامنىڭ ئادالىتىگە چىقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتكەنلىكىنى؛ باشقىلارنىڭ زېمىنلىرىغا، يۇرت ـ ماكانلىرىغا، مال ـ مۈلۈكلىرىگە ھەتتا ئاياغ بېسىپ باقمىغان زېمىنلارغا ۋارىس قىلىدىغانلىقىنى؛ زېمىندا خەلىپە قىلىپ، كۈچ ـ قۇدرەت ئاتا قىلىدىغانلىقىنى بىلدى ۋە ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئوقۇدى:

*﴿بىز لەۋھۇلمەھفۇزدا (ئەزەلدە) يازغاندىن كېيىن، (داۋۇدقا نازىل قىلىنغان) زەبۇردا زېمىنغا ھەقىقەتەن مېنىڭ ياخشى (يەنى ۋارىسلىق قىلىشقا لاياقەتلىك) بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ دەپ يازدۇق﴾*[4]؛ *﴿ئاللاھ ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى*

[1] «مۇھەممەد»: 12 ـ ئايەت.

[2] «تاھا»: 131 ـ ئايەت.

[3] «تەۋبە»: 55 ـ ئايەت.

[4] «ئەنبىيا»: 105 ـ ئايەت.

*ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى. ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ. شۇ ۋەدىدىن كېيىن كاپىر بولغانلار ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر﴾*[1].

يەنە ئۇلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنۇ ھەدىسلىرىنىڭ روھىغا چىڭ ئېسىلدى:

«ئاللاھ تائالا ماڭا زېمىننى كىچىكلىتىپ كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن زېمىننىڭ مەشرىق ۋە مەغرىبلىرىنى كۆردۈم. مېنىڭ ئۈممىتىم مەن كۆرگەن جايلارنىڭ ھەممىسىگە ئىگە بولىدۇ. ماڭا قىزىل ۋە ئاق ئالتۇن (كىسرا ۋە قەيسەرنىڭ) خەزىنىلىرى بېرىلدى»[2].

«كىسرا ھالاك بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە كىسرا كەلمەيدۇ؛ قەيسەر ھالاك بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ قەيسەر كەلمەيدۇ. جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ ئىككىسىنىڭ خەزىنىلىرى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىنىدۇ»[3].

ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزلىرىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈشكە كېپىل بولغانلىقىنى، پەتھلەرنى ۋەدە قىلغانلىقىنى چۈشەندى ـ دە، ئاللاھ ئەززە ۋەجەللەنىڭ ياردەم بېرىدىغانلىقىغا ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋەدىسىگە چىن دىلىدىن ئىشىنىپ، ئازلىق ـ كۆپلۈك مەسىلىسىنى ئۇنچىۋالا چوڭ بىلىپ كەتمىدى، خەۋپ ـ خەتەرلەرگە پىسەنت قىلمىدى ۋە ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئېسىگە ئالدى:

*﴿ئەگەر ئاللاھ ياردەم بەرسە، سىلەرنى ھېچ كىشى يېڭەلمەيدۇ. ئەگەر ئاللاھ ياردىمىنى تەرك ئەتسە، ئاللاھتىن باشقا سىلەرگە كىم ياردەم بېرىدۇ؟ مۆئمىنلەر يالغۇز ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلسۇن! (يەنى ھەممە ئىشنى ئاللاھقا تاپشۇرسۇن)﴾*[4]؛ *﴿ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائە كۆپ جامائە*

---

[1] «نۇر»: 55 ـ ئايەت.

[2] «تىرمىزىي»، 2176 ـ ھەدىس.

[3] «تىرمىزىي»، 2216 ـ ھەدىس.

[4] «ئىمران»: 160 ـ ئايەت.

***ئۇستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. ئاللاھ بەرداشلىق بەرگۈچىلەر بىلەن بىللىدۇر﴾***[1].

ئاقىللارنىڭ ئەرەبلەرنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنىڭ سىرىنى ھېس قىلىشى ۋە رۇم پادىشاھى ھىرەقلىنىڭ بۇ ھەقتە قىلغان سۆزى

مۇسۇلمانلارنىڭ بەزى دەۋرداشلىرى، دۈشمەنلىرى ۋە ئەينى دەۋردىكى رۇم ۋە پارسلارنىڭ پەم - پاراسەتلىك، يىراقنى كۆرەر كىشىلىرى بۇ ھەقىقەتنى تونۇپ يەتكەن. ئۇلارنىڭ بىرى ھىرەقلدۇر. ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ھىرەقل مۇسۇلمانلارنىڭ باستۇرۇپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ شام ئەھلىگە مۇنداق دېگەن:

«ئۇلار يېڭى بىر دىنىنى قوبۇل قىلغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ. شۇڭا، سىلەر سۆزۈمگە قۇلاق سېلىپ، ئۇلار بىلەن پۈتۈن شام زېمىنىنىڭ كىرىمىنىڭ يېرىمىنى بېرىدىغانغا كېلىشىم تۈزۈڭلار. شۇنداق قىلساڭلار، رۇم تاغلىرى سىلەرگە قالىدۇ. ئەگەر بۇنىڭغا قوشۇلمىساڭلار، ئۇلار سىلەردىن پۈتۈن شام زېمىنىنى تارتىۋېلىپ، رۇم تاغلىرىنى سىلەرگە تار قىلىدۇ»[2].

مۇسۇلمانلارنىڭ پۈتۈن خەلقلەرنى ئىنسانلارغا قۇل بولۇشتىن ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىشقا چىقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنلىكى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى چوقۇم غالىب قىلىدىغانلىقى ئۇلارنىڭ تەۋرەنمەس ئەقىدىسىدۇر. سىز ئۇلارنىڭ ھەربىر سۆزىدىن، قىلغان ھەر ئىشىدىن، قەلبلىرىدىكى ئىشەنچ ۋە خاتىرجەملىكىدىن ئاشۇ يېڭىلمەس روھنى كۆرەلەيسىز.

### ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ سۆزلىرى

تۆۋەندىكى ھادىسە شۇنىڭ ياخشى بىر مىسالىدۇر. يەرمۇك غازىتىدا قوماندانلار سانى ئىنتايىن كۆپ قوشۇن بىلەن

[1] «بەقەرە»: 249 - ئايەت.
[2] ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە ۋەننىھايە»، 7 - توم، 5 - بەت.

ئۇچراشقانلىقى، خەۋپ - خەتەرنىڭ بۈيۈكلۈكى ۋە ئەھۋالنىڭ ناھايىتى قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكى ھەققىدە ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا مەكتۇپ يوللىدى. بۇنىڭغا جاۋابەن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «توپلىنىڭلار! بىر قوشۇن بولۇڭلار، ئاندىن دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىغا چىقىڭلار. سىلەر ئاللاھنىڭ (دىنىنىڭ) ياردەمچىلىرى، ئاللاھ ئۆزىگە (يەنى دىنىغا) ياردەم بەرگۈچىلەرگە ياردەم بېرىدۇ. كاپىر بولغانلارنى خار قىلىدۇ. سىلەردەك بىر قوشۇن سانىنىڭ ئازلىقىدىن ئەمەس، بەلكى قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن مەغلۇپ بولىدۇ. گۇناھلاردىن ساقلىنىڭلار» دېدى[1].

## ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزى

نەھاۋەند جېڭىدە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىراقتا ئەسكەر چىقىرىش ھەققىدە ساھابىلەرگە مەسلىھەت سالدى. بۇلاردىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: «ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! بۇ ئىشنىڭ غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشى ئازلىق ياكى كۆپلۈككە باغلىق ئەمەس. بۇ دىن ئاللاھ تائالانىڭ غالىب دىنىدۇر، بۇ قوشۇن بولسا ئاللاھ ئەززە ۋەجەللەنىڭ پەرىشتىلەرنى ياردەمگە ئەۋەتىپ غەلىبىگە مۇۋەپپەق قىلغان قوشۇنىدۇر. بىزگە ئاللاھ تەرىپىدىن غەلىبە ۋەدە قىلىنغان. ھەقىقەتەن ئاللاھ ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى، قوشۇنغا ياردەم بەرگۈچى زاتتۇر»[2].

## سەئىد ۋە سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ سۆزلىرى

ئۇلار ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ۋە ياردىمىگە چىن قەلبىدىن ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن، نۇرغۇن خەتەرلەرگە تەۋەككۇل قىلدى، پەۋقۇلئاددە ئىشلارنى روياپقا چىقاردى ھەتتا ئۇلار دىجلە دەرياسىغا ئات سېلىپ، گويا قۇرۇقلۇقتا يۈرۈۋاتقاندەك ئۈزۈپ ئارا

[1] ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە ۋەننىھايە»، 7 - توم، 5 - بەت.
[2] ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە ۋەننىھايە»، 7 - توم، 107 - بەت.

پاراڭلىشىپ، خاتىرجەم هالدا دەريانى كېچىپ ئۆتتى. بۇ ئاجايىپ مەنزىرىنى كۆرگەن پارسلار ئۇلارنى «دىۋان ئامەدەند (جىن ـ شەيتانلار)»، «دىۋانەلەر (مەجنۇنلار)» دېيىشكەن ئىدى. سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەريادىن ئۆتكەچ يېنىدىكى هەمراهى سەلمان فارىسىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «بىزگە ئاللاھ كۇپايە، ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى هامىي! قەسەم قىلىمەنكى، ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە يېقىن بەندىلىرىگە ياردەم قىلىدۇ. دىنىنى غالىب قىلىپ، دۈشمەنلىرىنى مەغلۇپ قىلىدۇ. ئەگەر قوشۇن ئىچىدە ئىسيان ياكى گۇناھلار بولمىسا، ساۋابلار چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ» دېدى.

سەلمان فارىسىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «شۈبهىسىزكى، ئىسلام يېڭى كەلگەن دىندۇر. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا (مېڭىش ئۈچۈن) قۇرۇقلۇقنى قولاي قىلغىنىدەك، دېڭىزنىمۇ قولاي قىلىپ بەردى. جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مۇسۇلمانلار توپ ـ توپ بولۇپ سۇغا قانداق كىرگەن بولسا، (هېچبىرى سۇدا غەرق بولماي) يەنە شۇنداق چىقىدۇ». ئاخىر ئۇلار سەلمان فارىسىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دېگىنىدەك دەريا كېچىپ ئۆتتى، هېچكىم سۇدا غەرق بولمىدى، هېچنەرسىسىنىمۇ يوقاتمىدى[1].

### ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزى

بۇ يۈكسەك ئەقىدە ۋە ئىمان ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىگە خاتىرجەملىك، دىللىرىغا هۇزۇر ۋە ئاجايىپ جاسارەت ئاتا قىلدى. ئۇلار ئەنە شۇنداق يۈكسەك ئىمانىي روھ بىلەن سان ۋە قورال ـ ياراغلارنى ئانچە چوڭ بىلىپ كەتمىدى، ماددىغا چوقۇنمىدى، سەۋەبنى ئىلاھ قىلىۋالمىدى، دىنىنىڭ روھىي كۈچى بىلەن غازات قىلىپ، ئىسلامنىڭ بەرىكىتى بىلەن غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك مۇهاپىزەت

[1] ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە ۋەننىهايە»، 7 ـ توم، 65 ـ بەت.

قىلىدىغىنى ۋە ئەڭ كۆپ ئويلايدىغىنى «دىن» ئىدى. بۇ ئەھۋال ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىدە تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ: يۇنۇس، ئىبنى ئىسھاقتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

«ھىرەقلىنىڭ (مەئاب) دېگەن جايغا 100 مىڭ نەپەرى رۇملۇق، 100 مىڭ نەپەرى ناسارا ئەرەبلىرىدىن تەشكىللەنگەن جەمئىي 200 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن كەلگەنلىك خەۋىرى مۇسۇلمانلارغا يەتتى. بۇ چاغدا مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئۈچ مىڭدىن ئاشمايتتى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىش ئۈچۈن (مەئان) دېگەن جايدا ئىككى كېچە قونۇپ قالدى. ئاندىن ئۇلار: (پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مەكتۇپ يوللاپ، دۈشمەننىڭ سانىنى خەۋەر قىلايلى. رەسۇلۇللاھ بىزگە يا ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتەر، يا بىرەر يوليورۇق بەرسە، شۇ بويىچە ئىش كۆرەرمىز) » دېيىشتى.

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ:

ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمانلارغا ئىلھام بېرىپ مۇنداق دېگەن: «ئەي قەۋمىم! سىلەر خالىمايۋاتقان بۇ جەڭ سىلەر ئىزدەپ يولغا چىققان شېھىدلىك شۇ. بىز دۈشمەن بىلەن سان، كۈچ ياكى كۆپلۈك دېگەندەك نەرسىلەرگە تايىنىپ جەڭ قىلمايمىز، ئەكسىچە ئاللاھ بىزنى ئەزىز قىلغان ئۇلۇغ دىنغا تايىنىپ ئۇرۇش قىلىمىز. ئالغا ئىلگىرىلەڭلار! چوقۇم مۇنداق ئىككى ياخشىلىقنىڭ بىرىگە ئېرىشىسىلەر: يا غەلىبە، يا شاھادەت».

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىشىپ، يوللىرىغا راۋان بولۇشتى»[1].

[1] ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە ۋەننىھايە»، 4 ـ توم، 243 ـ بەت.

## ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزى

ساھابىلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۈيۈك پەتىھلەر ھەققىدە بەرگەن ۋەدىسىگە تامامەن ئىشەنگەن ئىدى. قاچانكى، ئۇلار شۇنداق بىر ئەھۋالغا يولۇقسا، مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇشاتتى:

﴿*مۇئمىنلەر ئىتتىپاقداش قوشۇننى كۆرگەن چاغدا: بۇ (يەنى قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش) ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە ۋەدە قىلغان ئىشتۇر. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى راست ئېيتتى، دېيىشتى. (بۇ ئىش) ئۇلارنىڭ (ئاللاھقا بولغان) ئىمانىنى ۋە (ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا) بويسۇنۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى*﴾[1].

يەرمۇك غازىتىدا بىر كىشى ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ مەن ئىشىمغا (يەنى ئۆلۈمگە) تەييار بولدۇم. رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتكۈزىدىغان بىرەر گېپىڭ بارمۇ؟ ـ دېدى. ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ بار، ئۇنىڭغا سالامىمنى يەتكۈزۈپ قويغىن ۋە ئى رەسۇلۇللاھ! بىز پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ۋەدىسىنىڭ راستلىقىنى بىلدۇق، دېگىن! ـ دېدى[2].

## خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزى

ساھابىلەر سانىنى بەك چوڭ بىلىپ كەتمەيتتى، دۈشمەنلىنىڭ كۈچى ۋە كۆپلۈكىگىمۇ ئانچە پىسەنت قىلىپ كەتمەيتتى. ئۇلار گويا تۆمۈردەك، دۈشمەن لاي ۋە ساپال تېشىدەك ياكى ئۇلار ئورغاق بولسا، دۈشمەن ئوراش ۋاقتى كەلگەن زىرائەت ۋە ئېتىزلاردەك ئىدى.

---

[1] «ئەھزاب»: 22 ـ ئايەت.

[2] ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە ۋەننىھايە»، 7 ـ توم، 12 ـ بەت.

تارىخشۇناسلار مۇنداق دەيدۇ:

خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىراقتىن يېنىپ كەلگەندە، خىرىستىيان ئەرەبلەردىن بىرى ئۇنىڭغا:

ـ رۇملۇقلار نېمىدېگەن كۆپ، مۇسۇلمانلار نېمىدېگەن ئاز ھە!
ـ دېۋىدى، خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ سەن مېنى رۇملۇقلاردىن قورقۇتۇۋاتامسەن؟ ئەسكەرلەر سان بىلەن ئەمەس، بەلكى قازانغان غەلىبە بىلەن كۆپ، مەغلۇبىيەت بىلەن ئاز بولىدۇ. قەسەم قىلىمەنكى، قىزىل ئېتىمنىڭ تۇياقلىرىنىڭ تېزراق ساقىيىشىنى، دۈشمەن سانىنىڭ قاتمۇقات ئېشىشىنى ئارزۇ قىلىۋاتىمەن! ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ ئېتى ئىراقتىن قايتىپ كەلگۈچە تۇياقلىرى ئۇپراپ، ئاقساپ قالغان ئىدى[1].

## رىبئىي ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يەزدىجەردنىڭ ھۇزۇرىدا ئېيتقانلىرى

ساھابىلەرنىڭ ھىممىتى بارغانسېرى ئېشىپ، ئېتىكلىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە دىن، ھەقىقەت ۋە ئەخلاق قانچىلىك مۇقەددەس بولسا، دۇنيا ۋە ئۇنىڭ زىبۇزىننەتلىرى شۇنچىلىك قەدىرسىز ئىدى. پادىشاھلارنىڭ سەلتەنىتى، ھەشەمەتلىك تۇرمۇشى، بايلارنىڭ راھەت ـ پاراغەتلىك ھاياتى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە باللارنىڭ ئويۇنلىرىدىن، رەخت ياكى قەغەزدىن ياسالغان قونچاق ۋە ھەيكەللەردىن، قونچاقلارغا تىكىلگەن گۈللەردىن پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. ئۇلارنى ھېچ نەرسە قورقۇتالمايتتى. ھېچ نەرسىنى چوڭ بىلىپ كەتمەيتتى.

قادىسىيە غازىتىدىن ئىلگىرى مۇسۇلمان قوشۇنىنىڭ قوماندانى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پارس قوشۇنىنىڭ قوماندانى رۇستەمگە رىبئىي ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەلچىلىككە ئەۋەتتى.

---

[1] ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە ۋەننىھايە»، 7 ـ توم، 4 ـ بەت.

پارسلار رۇستەمنىڭ ئالتۇن ھەل بېرىلگەن ئوردىسىنى مامۇق ياستۇقلار، ئېسىل پاياندازلار ۋە قىممەت باھالىق ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار بىلەن بېزىگەن ئىدى. رۇستەم ئالتۇن تەخت ئۈستىدە بېشىغا قىممەت باھالىق، ئېسىل ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار بىلەن بېزەلگەن تاج، ئۈستىبېشىغا كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىغان ماخمال كىيىملەرنى كىيىپ ئولتۇراتتى. دەل شۇ چاغدا قوپال توقۇلغان كىيىملەرنى كىيگەن، قىلىچ ئاسقان، بېشىغا دۇبۇلغا كىيىۋالغان رىبئىي ئىبنى ئامىر پاكار ئېتىغا مىنىپ كىرىپ كەلدى. ئۇ ئېتى پاياندازنىڭ بىر بۇرجىكىگە دەسسىگەندىلا ئاتتىن چۈشۈپ، ئېتىنى شۇ جايغا باغلاپ قويۇپ، قىلىچ ۋە ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلىرى بىلەن رۇستەمنىڭ ئالدىغا ماڭدى. قاراۋۇللار:

ـ قىلىچىڭنى قوي! ـ دېگەندە، ئۇ:

ـ مەن سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا ئۆزۈم خالاپ كەلمىدىم، بەلكى تەكلىپ بىلەن كەلدىم. مۇشۇ ھالىتىمدە قوبۇل قىلساڭلار، مەيلى. بولمىسا قايتىپ كېتىمەن، ـ دېدى. رۇستەم:

ـ قويۇڭلار، كەلسۇن، ـ دېدى. رىبئىي ئىبنى ئامىر قولىدىكى نەيزىسىنى ئېسىل بىساتلارغا سانجىغاچ يۇرۇپ كەتتى. رۇستەم:

ـ بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭلار؟ ـ دەپ سورىۋىدى، رىبئىي مۇنداق جاۋاب بەردى:

ـ ئاللاھ تائالا بىزنى ئۆزى خالىغان كىشىنى بەندىلەرگە قۇل بولۇشتىن ئاللاھقا قۇل بولۇشقا، دۇنيانىڭ قىستاڭچىلىقىدىن ئازادىچىلىككە، دىنلارنىڭ زۇلمىدىن ئىسلامنىڭ ئادالىتىگە چىقىرىش ئۈچۈن تاللىدى. بىزنى ئىنسانلارنى دىنىغا دەۋەت قىلىشىمىز ئۈچۈن ئەۋەتتى. كىمكى ئىسلامنى قوبۇل قىلسا، بىز ئۇنى ئۆزىمىزدىن كۆرۈپ، ئۇرۇشمايلا قايتىپ كېتىمىز؛ رەت قىلغانلار بىلەن ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە ئېرىشكەنگە قەدەر جىھاد قىلىمىز.

ـ ئاللاھنىڭ ۋەدىسى نېمە؟

ـ ئىسلامنى قوبۇل قىلمىغانلار بىلەن جىھاد قىلىپ شېھىد بولغانلار ئۈچۈن جەننەت، غازىيلار ئۈچۈن زەپەر.

ـ دېگەنلىرىڭنى ئاڭلىدىم. بىزگە بىرئاز ۋاقىت بېرىڭلار. ھەر ئىككى تەرەپ ئويدانراق ئويلىنىۋالايلى.

ـ بولىدۇ، قانچىلىك ۋاقىت بېرىشىمىزنى خالايسىلەر، بىر كۈنمۇ يا ئىككى كۈنمۇ؟

ـ بىزگە خەلقىمىزنىڭ ئاقساقال، دانالىرى بىلەن خەت ـ ئالاقە قىلىشالىغۇدەك ۋاقىت كېرەك.

ـ پەيغەمبىرىمىز رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە دۈشمەنلەر بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۈچ كۈندىن ئارتۇق مۆھلەت بەرمەسلىكنى سۈننەت قىلغان. سەن ئۆزۈڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە ئويلانغىن، ۋاقىت توشقاندىن كېيىن ئۈچ تەكلىپتىن بىرىنى تاللىغىن!

ـ سەن ئۇلارنىڭ (مۇسۇلمانلارنىڭ) باشلىقىمۇ؟

ـ ياق، مەن ئۇلار ئىچىدىكى ئاددىي بىر ئەسكەرمەن. مۇسۇلمانلار بىر تەندۇر. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مەرتىۋىسىز بىرىمۇ كاپىرلارنىڭ ئەڭ چوڭىغا ئامانلىق بېرەلەيدۇ.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان رۇستەم قول ئاستىدىكى ئاقساقاللارغا:

ـ سىلەر بۇ ئادەمنىڭ سۆزىدىنمۇ تەسىرلىك، كەسكىن بىرەر سۆز ئاڭلاپ باققانمۇ؟ ـ دېدى. ئۇلار:

ـ ئەزىبرايى خۇدا، سەن دىنىڭنى تاشلاپ، مۇشۇ ئىتقا ۋە ئۇنىڭ سۆزىگە مايىل بولماقچىمۇ؟ ئۇنىڭ كىيىۋالغان كىيىملىرىگە قارىمامسەن؟ ـ دېيىشتى. رۇستەم بۇنىڭغا جاۋابەن:

ـ ئىست سىلەرگە. ئۇنىڭ كىيىمگە قارىماي، پىكرىگە، سۆزىگە ۋە تۇتقان يولىغا قاراڭلار. ئەرەبلەر يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەككە ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىگەن بىلەن،

شان ـ شەرىپىنى قاتتىق قوغدايدۇ، ـ دېدى[1].

### مۇغىيرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رۇستەمنىڭ تەختىدە

مۇغىيرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رۇستەمنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن تەختىدە بىللە ئولتۇردى. رۇستەمنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، غەلۋە قىلىپ غوتۇلداشقا باشلىدى.

مۇغىيرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا:

ـ بۇ تەختتە ئولتۇرۇش مېنىڭ ھۆرمىتىمنى ئاشۇرۇپ، قوماندانىڭلارنىڭ ھۆرمىتىنى تۆۋەنلىتىۋەتمەيدۇ، ـ دېدى. رۇستەم:

ـ توغرا دەيدۇ، ـ دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى[2].

### ساھابىلەرنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەن ئېسىل ئەخلاق ۋە شانلىق ئىزلار

مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ چوڭ تايانچى ئۇلارنىڭ ئېسىل ئەخلاقى ۋە پەرىشتە سۈپەت ئىش ـ ئىزلىرى ئىدى. ئۇلار قەيەرگە بارسا، ئېسىل ئەخلاقى بىلەن تونۇلاتتى ۋە باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. مانا بۇ يۈكسەك ئەخلاق ئۇلارنىڭ قىلىچلىرى، نەيزىلىرى ۋە ئوقلىرىدىن بۇرۇن كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىنى ۋە كۆڭۈللىرىنى پەتھ قىلىدىغان ئاۋانگارت قوشۇنلار ئىدى. بۇ ئېسىل ئەخلاققا شاھىت بولغان ۋە ئۇنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلەر مۇسۇلمانلارنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە غەلىبە قىلىپ، دۇنيانىڭ غوجىسى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى ھەمدە ئۆزلىرى بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى پەرقنى گويا ھايۋان بىلەن پەرىشتە ئارىسىدىكى پەرققە ئوخشىتاتتى.

ئەھمەد ئىبنى مەرۋان مالىكىي «مۇجالەسە» ناملىق كىتابىدا ئەبۇ ئىسھاقتىن ئۆز سەنەدى بىلەن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

[1] ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە ۋەننىھايە»، 7 ـ توم، 39—40 ـ بەتلەر.

[2] ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە ۋەننىھايە»، 7 ـ توم، 40 ـ بەت.

ئەبۇ ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: «دۈشمەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى بىلەن جەڭگە كىرسە، بىر تۆگىنى سىغىپ بولغۇچىلىك ۋاقىتمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيتتى.

رۇملۇقلار جەڭدە ئېغىر مەغلۇپ بولۇپ قايتقاندا، ئەنتاكىيە شەھىرىدىكى ھىرەقل دەرغەزەپ بولۇپ ئۇلارغا كايىدى:

ــ ئىست سەنلەرگە! قېنى ئېيتىشە، سەنلەر بىلەن ئۇرۇشقانلار سەنلەرگە ئوخشاش ئىنسان ئەمەسمىكەن؟

ــ شۇنداق.

ــ (سان جەھەتتە) سەنلەر كۆپمۇ، ئۇلارمۇ؟

ــ بىز ھەممە جايدا مۇسۇلمانلاردىن نەچچە ھەسسە كۆپ ئىدۇق.

ــ ھەەە، ئەمىسە نېمىشقا مەغلۇپ بولدۇڭلار؟

ئۇلارنىڭ پېشقەدەملىرى ئارىسىدىن بىر بوۋاي جاۋابەن مۇنداق دېدى:

ــ ئۇلار كېچىلىرى قىيامدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇيدىكەن، كۈندۈزى روزا تۇتىدىكەن، ئەھدىگە ۋاپا قىلىدىكەن، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىكەن، ئۆزئارا ئىنساپ بىلەن مۇئامىلە قىلىدىكەن. بىز بولساق ھاراق ئىچىمىز، زىنا ـ پاھىشە قىلىمىز، ھارام ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىمىز، ئەھدىگە ۋاپا قىلمايمىز، بۇلاڭچىلىق قىلىمىز، زۇلۇم قىلىمىز، يامانلىققا بۇيرۇپ، ياخشىلىقتىن توسىمىز، زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار غەلىبە قىلدى، بىز مەغلۇپ بولدۇق. ھىرەقل بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ:

ــ توغرا، ھەق گەپ قىلدىڭ، ــ دېدى[1].

ھىرەقل بۇ ئەھۋالنى تېخىمۇ ئېنىق بىلىپ بېقىش ئۈچۈن،

---

[1] ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە ۋەننىھايە»، 7 ـ توم، 15 ـ بەت.

مۇسۇلمانلارغا ئەسىرگە چۈشكەن بىر ئادەمدىن مۇسۇلمانلار ھەققىدە سورىدى. ئۇ:

ـ سىزگە ئۇلارنى گويا ھازىر كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك تەسۋىرلەپ بېرەي: ئۇلار كۈندۈزلىرى جەڭ قىلىپ، كېچىلىرى ئىبادەت قىلىدىغان، ئەسلا ھارام يېمەيدىغان، سالامسىز ئۆيگە كىرمەيدىغان، دۈشمەنلەر بىلەن جەڭ قىلىپ، غەلىبە قىلمىغۇچە تۇرمايدىغان كىشىلەردۇر، ـ دېدى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ھىرەقل:

ـ دېگەنلىرىڭ راست بولسا، ئۇلار مەن دەسسەپ تۇرغان مۇشۇ زېمىنغىمۇ غوجا بولىدۇ، ـ دېدى[1].

رۇملۇقلاردىن بىر كىشى قوماندانىغا مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ:

ـ مەن ئېسىل ئارغىماقلارغا مىنگەن، قاۋۇل چەۋەندازلارنىڭ يېنىدىن كەلدىم. ئۇلار كېچىلىرى ئۇخلىماي ئىبادەت قىلىدىغان، كۈندۈزلىرى ئات مىنىپ جەڭ قىلىدىغان، ئىنتايىن ئۇستا مەرگەن، ماھىر نەيزىۋازلاردۇر. ئۇلارنىڭ «قۇرئان» ئوقۇغان ۋە زىكرى ئېيتقان جاراڭلىق ئاۋازىدىن يېنىڭىزدىكى كىشىگە گەپ قىلسىڭىزمۇ ئاڭلىيالمايدۇ، ـ دېدى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان قوماندان ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە قاراپ:

ـ بۇ ئادەم ئۇلار ھەققىدە سىلەر تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان سۈپەتلەرنى بايان قىلدى، ـ دېدى[2].

بۇ يۈكسەك ئەخلاقنى كۆرۈپ مۇسۇلمانلار بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان دۈشمەنلەرمۇ ئۇلارنى ياقتۇرۇپ قالدى ھەتتا ئۇلارنى رەڭلىرى، تىللىرى بىر بولغان مىللەتداشلىرىدىنمۇ ئەلا بىلدى. مۇسۇلمانلارنىڭ زەپەر قازىنىشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇلارنى دۈشمەنلىرىدىن مۇداپىئە قىلدى ۋە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن

---

[1] ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە ۋەننىھايە»، 7 ـ توم، 52 ـ بەت.

[2] ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە ۋەننىھايە»، 7 ـ توم، 16 ـ بەت.

ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدىدى.

بەلازۇرىي «فۇتۇھۇل بۇلدان» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ماڭا دەمەشقلىق ئەبۇ ھەفس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېدى: بىزگە سەئىد ئىبنى ئابدۇلئەزىز مۇنداق سۆزلەپ بەردى:

(يەرمۇك غازىتىدا) ھىرەقلىنىڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ يەرمۇكقا كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان مۇسۇلمانلار ھىمس خەلقىگە:

ـ بىز سىلەرنى قوغداپ، ھىمايە قىلىمىز دەپ باج ئالغان ئىدۇق. ئەمدىلىكتە دۈشمەنلىرىمىز بىلەن مەشغۇل بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، سىلەرگە ياردەم قىلالمايمىز، سىلەرنى قوغدىيالمايمىز، شۇڭا ئۆز ئىشىڭلارنى ئۆزۈڭلار ھەل قىلىڭلار، ـ دەپ ئۇلاردىن ئالغان باجلارنى قايتۇرۇپ بەردى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ھىمسلىقلار:

ـ سىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىڭلار ۋە ئادالىتىڭلار بىزنىڭ زۇلۇم ۋە خارلىقتا قالغىنىمىزدىن كۆپ ياخشى. بىز ۋالىيىڭلار بىلەن بىرلىكتە شەھەرنى ھىرەقلىنىڭ ئەسكەرلىرىدىن مۇداپىئە قىلىمىز، ـ دېيىشتى. ئارقىدىنلا يەھۇدىيلارمۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

ـ تەۋرات بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، ھىرەقلىنىڭ ۋالىيسى بىزنى مەغلۇپ قىلماي تۇرۇپ ھىمس شەھىرىگە كىرەلمەيدۇ، ـ دېيىشىپ، شەھەر دەرۋازىلىرىنى تاقاپ، قوغدىغۇچىلارنى قويۇشتى. مۇسۇلمانلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكەن باشقا يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارمۇ شۇنداق قىلىشتى. ئۇلارمۇ ئەگەر رۇملۇقلار ۋە ئۇلارنىڭ شايكىلىرى مۇسۇلمانلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلسا، بىز بۇرۇنقىدەكلا زۇلۇم ۋە ناھەقچىلىك كۆرىمىز. ناۋادا مۇسۇلمانلار غەلىبە قىلسا، خالىساق ئىززىتىمىزنى ساقلاپ قالالايمىز، ـ دېيىشتى. ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە كاپىرلارنى مەغلۇپ قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى غالىب قىلىۋىدى، ئۇلار شەھەر دەرۋازىلىرىنى ئېچىپ، مۇسۇلمانلارنى داپ چېلىپ قارشى ئېلىشتى ۋە باج -

سېلىقلارنى ئۆزلۈكىدىن تۆلەشتى[1].

### ئۇلۇغ دىننى ئۇنتۇغان مۇسۇلمانلار نېمە كۈنگە قالدى؟

مۇسۇلمانلار ۋاقىت ئۆزىرىغانسېرى قەلبلىرى قېتىپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزلىرىنى پۈتۈن ئىنسانلار ئىچىدىن تاللاپ، مۇنۇ ئايەتتە بايان قىلىنغان بۈيۈك نىشان ئۈچۈن ئەۋەتكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىشتى: ﴿***(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر. ئەگەر ئەھلى كىتاب (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) ئىمان ئېيتسا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسساللامغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە ئىشەنسە)، ئۇلار ئۈچۈن (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) ئەلۋەتتە ياخشى بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۆئمىنلەرمۇ بار، ئۇلارنىڭ تولىسى پاسىقلاردۇر***﴾[2].

مۇسۇلمانلار پۈتۈن ئىنسانلارنى بەندىلەرگە قۇللۇق قىلىشتىن ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىش ئۈچۈن ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن چىققانلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىشتى. باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان، پەيغەمبەرنى تونۇمايدىغان، ۋەھيىگە ۋە ئىلاھىي رىسالەتكە ئىشەنمەيدىغان، ئاخىرەتكە قايتىپ ھېساب بېرىشنى ئويلىمايدىغان، گويا ئويۇن ـ تاماشا ئىچىدە تىزگىنسىز ياشايدىغان ئىنسانلار كەبى ياشايدىغان بولدى. مۇشۇ سەۋەبتىن، ئۇلار ئۆتمۈشتە ئۆزلىرى ئۇرۇش ئېلان قىلغان جاھىلىيەت قەۋملىرىگە ئوخشاپ قالدى. بۇنىڭلىق بىلەنلا قالماي، ئۇلار ئاللاھ تائالا غەزەپ قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلاردا؛ مەدەنىيەت، جەمئىيەت، ئەخلاق، سىياسەت ۋە ياشاش ئۇسۇلى قاتارلىقلاردا كاپىرلارغا تەقلىد قىلىشقا باشلىدى. نەتىجىدە، ئۇلار يېمەك ـ ئىچمەك ۋە جىنسىي تۇرمۇشتىن باشقا غېمى يوق، قوللىرىدا ھەق ـ ناھەقنى ئايرىپ بېرىدىغان مۇقەددەس كىتابى يوق، يولىنى يورۇتىدىغان

---

[1] ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە ۋەننىھايە»، 7 ـ توم، 10 ـ بەت.

[2] «ئال ئىمران»: 110 ـ ئايەت.

مەشئەلدىن مەھرۇم، ئادەتتىكى ئىنسانلارغا ئايلىنىپ قالدى؛ پادىشاھلىرى ۋە ئەمىرلىرى جاھىلىيەتتىكى زالىم پىرئەۋنلەرگە ئوخشاپ قالدى؛ بايلىرى جاھىلىيەت قەۋملىرىنىڭ گۇناھكارلىرى ۋە هارامزادىلىرىدىن پەرقسىز بولۇپ قالدى. ھەتتا، ئۇلار بىر - بىرىگە ھەسەت قىلىش، ئۆچ - ئاداۋەت ساقلاش، ئەمەل - مەنسەپ ئۈچۈن رىقابەتلىشىش، ئەرزىمەس دۇنيا ئۈچۈن تالاش - تارتىش قىلىش، راھەت - پاراغەتكە بېرىلىش، ئاخىرەتتىن يۈز ئۆرۈش، ناھەق قان تۆكۈش، ئىززەت - ئابرۇيغا تاجاۋۇز قىلىش، باشقىلارنىڭ ھەقلىرىنى يەۋېلىش، ئەھدىگە خىيانەت قىلىش، ئاللاھنىڭ سىزىقلىرىدىن بۆسۈپ ئۆتۈش، زالىمغا يانتاياق بولۇش، زالىم ھۆكۈمەتلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈش، ئاللاھنىڭ ماللىرىنى ئىسراپ قىلىش، پاھىشە ۋە قەبىھ جىنايەتلەرگە يول ئېچىش، يېگى - يېگى جىنايەت ۋە خىيانەتلەرنى سادىر قىلىش قاتارلىقلاردا جاھىلىيەت دەۋرىدىكى زالىم پادىشاھلاردىن ئېشىپ كېتەي دەپ قالدى. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى بىر - بىرلەپ سانايدىغان بولساق، توم - توم كىتابلارغىمۇ سىغمايدۇ. شۇ ئىشلار تۈپەيلى ئۇلار پەقەت نامدا مۇسۇلمان بولۇپ، ئىچىدە ئاز - تولا سالىھلار بولسىمۇ، شەھەرلىرىدە بەزى دىنىي پائالىيەتلەر، شەرئىي پەرزلەر ئادا قىلىنسىمۇ، يەنىلا ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىن چۈشتى. ئۇلار ھەرقانچە چوڭ دۆلەتكە، ساناقسىز ئەسكەرگە، ھېسابسىز بايلىقلارغا ئىگە بولۇپ، مەدەنىيەت جەھەتتە شۇنچىۋالا تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، دۈشمەنلىرى ئالدىدا ھەيۋىتىنى يوقاتتى. باشقىلار ئۇلارنى ئانچە كۆزگە ئىلىپ كەتمەيدىغان، تەپ تارتىپ قالمايدىغان، خالىغانچە ئىززەت - ئابرۇيلىرىنى چەيلەيدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى.

رۇخەج ۋە سىجىستان پادىشاھى رۇتبىيل باج يىغقىلى كەلگەن يەزىد ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ ئەلچىلىرىگە:

- ئاچلىقتىن قورساقلىرى چاپلىشىپ قالغان، كۆپ ناماز ئوقۇغانلىقتىن چىرايلىرى سارغىيىپ كەتكەن، ئاياغلىرى خورما ياپراقلىرىدىن تىكىلگەن قەۋملەر قېنى؟ ئۇلارغا نېمە بولدى؟ -

دېـدى. ئەلچىلــەر:

ــ ئۇلار ئاللىبۇرۇن تۇگــدى، ــ دېيىشتى. رۇتبىيل:

ــ سـىلەرنىڭ تۇرقـۇڭلار ئۇلاردىــن ھەرقانچـە سـالاپەتلىك بولسـىمۇ، ئـۇلار سـىلەردىن تولىمـۇ جەگگىـۋار، ۋاپـادار ئىنسـانلار ئىـدى، ــ دېـدى.

شـۇنىڭدىن كېيىــن رۇتبىيـل سىجىسـتانغا ئەۋەتىلگـەن ئۇمەييـە ئەمەلدارلىرىغىمۇ، ئەبۇ مۇسـلىمنىڭ ئەمەلدارلىرىغىمۇ بـاج نامىدىــن ھېچقانـداق نەرسـە بەرمىـدى[1].

ھىجرىيـە 2 ــ ئەسـىردىكى ئەھـۋال شـۇنداق تۇرسـا، كېيىنكـى ئەسـىرلەرنى ئۆزىڭىـز تەسـەۋۋۇر قىلىـپ بېقىـڭ! ئاخىـر پىچـاق سـۆڭەككە يەتتـى، مۇسـۇلمانلار دىنىدىــن تېخىمـۇ يىراقلاشـتى، ئىلگـىرى دۇنيانـى ئىسـلاھ قىلغـان مۇسـۇلمانلارنىڭ ئەۋلادلىـرى ئەمدىلىكتـە يەر يۈزىـدە بۇزغۇنچىلىـق قىلىشقا باشـلىدى. نىھايەت، ئالـلاھ تائـالا ئۇلارنـى جازالاش ئۈچـۈن ئـەڭ كۈچلـۈك بەندىلىرىنـى ئەۋەتتـى يەنـى ئۇلارغـا ئـەڭ جاھىـل، ئـەڭ قـارا قورسـاق، ئـەڭ ۋەھشىي موڭغۇللارنـى مۇسـەللەت قىلـدى. موڭغۇلـلار ئۇلارنـى قىرغىن قىلىـپ، قانلىرىنـى سـەلدەك ئېقىتتـى، بـاش سـۆڭەكلىرىدىن ئېگىـز مۇنارلارنــى ياسـىدى، ئۇلارغـا تۈرلـۈك چىدىغۇسـىز زۇلۇملارنــى سـالدى. ئۇلارنـى شـۇنچىۋالا دەھشـەتلىك قورقۇنـچ قاپلىدىكـى، موڭغۇللارنىـڭ مەغلـۇپ بولۇشـىغا ئىشـەنمەيدىغان ھالغـا يەتتـى.

ئىبنۇلئەسـىر ئۇلارنىـڭ ئاقسـاقاللىرىدىن بىرىنىـڭ: «بىـرى سـاڭا موڭغۇلـلار مەغلـۇپ بوپتـۇ دېسـە، زىنھـار ئىشـەنمە!» دېگەنلىكىنـى ئاڭلىغانلىقىنـى نەقىـل قىلىـدۇ.

ئىبنۇلئەسـىر يەنـە مۇنـداق نەقىـل قىلىـدۇ: «ئۇلار موڭغۇللاردىــن شـۇ دەرىجىـدە قورقـۇپ كەتكـەن ئىدىكـى، بىـر موڭغـۇل بىـر تـوپ ئادەمنـى بىـر ـ بىرلـەپ ئۆلتۈرەلەيتتـى. ھەتتـا، بىـر قېتىـم بىـر موڭغـۇل ئايـال بىـر ئۆيگـە باسـتۇرۇپ كىرگەنـدە، ئۆيدىكىلـەر

[1] بەلازۇرىي: «فۇتۇھۇل بۇلدان»، 401 ــ بەت.

ئۇنى ئەر كىشى دەپ ئويلاپ قالغان ۋە مەزكۇر موڭغۇل ئايال ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. يەنە بىر قېتىم بىر موڭغۇل 100 مۇسۇلمان بار بىر كوچىغا كىرىپ، ئۇلارنى بىر - بىرلەپ ئۆلتۈرۈپ تۈگەتكەن، ئەمما مۇسۇلمانلاردىن ھېچكىم ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسىتىشكە پېتىنالمىغان. دېمەك، مۇسۇلمانلار شۇنچىلىك خار بولغان ئىدىكى، ئاز بولسۇن، كۆپ بولسۇن ئۆزلىرىنى قوغداشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان ھالغا كېلىپ قالغان ئىدى. ئۇنداق رەسۋالىقتىن ئاللاھ ساقلىسۇن!

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، موڭغۇللاردىن بىرى بىر كىشىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرىدىغان بىر نەرسە تاپالماي، ئۇنىڭغا: «بېشىڭنى تاش ئۈستىگە قويۇپ، مىدىرلىماي تۇر!» دېسە، ئۇ كىشى بېشىنى تاش ئۈستىگە قويۇپ، ھېلىقى موڭغۇل قىلىچىنى ئېلىپ كېلىپ، كاللىسىنى ئالغۇچە ساقلاپ تۇرىدىكەنتۇق.

بۇ بالايىئاپەتنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە توختىلىشتىن بۇرۇن، ئىبنۇلئەسىرنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى نەقىل قىلىپ ئۆتمەكچىمەن:

«مەن بۇ بالايىئاپەتنىڭ دەھشىتى ۋە ئۇ تىراگېدىيەلەرنى قايتا ئەسلەپ ئولتۇرۇشنى خالىمىغانلىقىم ئۈچۈن، بىرقانچە يىل ئۇ ئىشلارنى تىلغا ئېلىشتىن ئۆزۈمنى تارتىپ، ئۇ ھەقتە قەلەم تەۋرىتىشتە تولىمۇ ئىككىلەندىم. ئىسلامنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ماتەم خەۋىرىنى يازماق كىمگە ئوڭاي دەيسىز؟ بۇنداق ئىشلارنى كىممۇ ئوڭايلىقچە تىلغا ئالالىسۇن؟ ئىنسان ‹كاشكى، ئانام مېنى تۇغمىغان بولسىچۇ؟ بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بولسام، كىشىلەر مېنى ئۇنتۇپلا كەتكەن بولسىچۇ؟...› دەپ ئويلاپ قالىدۇ. مەن تۆۋەندە بايان قىلماقچى بولغان ئىشلار تارىختا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ، جۈملىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئەڭ دەھشەتلىك ھادىسە ۋە بۈيۈك بالايىئاپەتتۇر. ئەگەر بىرى: ‹ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتقاندىن باشلاپ تا ھازىرغىچە پۈتۈن دۇنيادا ھېچبىر خەلق بۇنداق بالايىئاپەتكە مۇپتىلا بولۇپ باقمىغان› دېسە، راست

ئېيتقان بولىدۇ. چۈنكى، تارىخ كىتابلىرىدا بۇنچىلىك ياكى بۇنىڭغا يېقىن كېلىدىغان بىرەر بالايىئاپەت خاتىرىلەنگەن ئەمەس. تا زامان ئاخىرىغا قەدەر ھېچكىم بۇنداق دەھشەتلىك ھادىسىنى كۆرمىگەي، ئىلاھىم!...»».

ئەپسۇسكى، شۇنچىۋالا ئېچىنىشلىق ھادىسىمۇ مۇسۇلمانلارنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتالمىدى. ئۇلار مەستخۇشلۇقىدىن ھوشىنى تاپماي، تاكى ئاللاھ تائالا ئۇلارغا بەرگەن نېمەت ۋە خاتىرجەملىكنى تارتىۋالمىغۇچە ئۆزلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ ئۆزگەرتمىدى. ئەنە شۇنداق كىشىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ ئايەتلىرى نەق كېلىدۇ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سېنىڭ ھاياتىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئەلۋەتتە گۇمراھلىقلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرۈشىدۇ﴾[1]؛ ﴿ئۇلارغا بىزنىڭ ئازابىمىز چۈشكەن چاغدا نېمىشقا يېلىنمىدى؟ ئۇلارنىڭ دىللىرى قاساۋەتلەشتى (ئىمانغا يۇمشىمىدى)، شەيتان ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى چىرايلىق كۆرسەتتى﴾[2]؛ ﴿ئۇلارنى بىز ھەقىقەتەن ئازاب (يەنى قەھەتچىلىك) بىلەن جازالىدۇق، ئۇلار پەرۋەردىگارىغا بويسۇنمىدى، ئىلتىجا قىلىپ دۇئامۇ قىلمىدى﴾[3].

مۇسۇلمانلار شۇنچىۋالا زۇلۇم ئاستىدا تۇرۇپمۇ غەپلەتكە پېتىپ، ئويۇن ـ تاماشاغا بېرىلىپ، ئۆزلىرىگە ئىزچىل زۇلۇم قىلدى.

بۇ ھەقتە ئىبنۇلئەسىر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا ياردەم بېرىدۇ. بىراق، بىز ئىسلام پادىشاھلىرىدىن دىنغا ياردەم بېرىدىغان، جىھاد قىلىشقا رىغبىتى بارلارنى كۆرەلمەيمىز. ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئويۇن ـ تاماشا، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىش، پۇقرالىرىغا زۇلۇم سېلىش بىلەن مەشغۇلدۇر. بۇ مېنىڭ نەزىرىمدە دۈشمەندىنمۇ خەتەرلىكتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاراڭلاردىكى زۇلۇم قىلغانلارنىڭ بېشىغا كېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغان بالا ـ قازادىن

[1] «ھىجر»: 72 ـ ئايەت.
[2] «ئەنئام»: 43 ـ ئايەت.
[3] «مۇئمىنۇن»: 76 ـ ئايەت.

ساقلىنغۇلار﴾»[1].

ھەربىر ئوقۇرمەن دىققەت قىلىشقا ۋە ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك ئىش شۇكى، دەھشەتلىك زۇلۇم ۋە خارلىق ئىچىدە قالغان مۇسۇلمانلار ئاخىر غەپلەتتىن ئويغىنىپ، ئۆزلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، كېسەللىرىنى داۋالاپ، دۈشمەن ئالدىدا تىك تۇرۇپ، ئىلاھىي ياردەمنىڭ چۈشۈشىنى كۈتكەن چاغدىلا، ھېچكىم مەغلۇپ بولۇشىغا ئىشەنمەيدىغان، ئۆزلىرىمۇ مەغلۇبىيەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان موڭغۇللارنى يەڭدى. جۈملىدىن، جالالۇددىن خارەزىمشاھ ئۈچ قېتىم، زاھىر بىيبەرس بىرقانچە قېتىم موڭغۇللارنى مەغلۇپ قىلغان. ھەتتا، مىسىر پادىشاھى مەلىك ناسىرمۇ «مەرجى سۇپپەر» دېگەن جايدا ئۇلارنى يېڭىۋالغان.

ئىمام سۇيۇتىي رەھىمەھۇللاھ «ئەينى جالۇت» ۋەقەسىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: «موڭغۇللار ‹ئەينى جالۇت› تا ئېچىنىشلىق مەغلۇپ بولۇپ، مۇسۇلمانلار غەلىبە قىلدى. ئاللاھ تائالاغا چەكسىز شۈكۈرلەر بولسۇنكى، موڭغۇللارنىڭ كۆپ قىسمى جەڭدە ئۆلتۈرۈلدى. ئاز بىر قىسمى ئارقىسىغا قاراپ قاچتى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ، ھەممىنى قولغا چۈشۈردى»[2].

## مۇسۇلمانلارنىڭ كېيىنكى ئەھۋالى

مۇسۇلمانلار كۈنسېرى ئاجىزلاشتى، ئەخلاقى كۈندىن - كۈنگە چىرىكلەشتى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئەھۋالىمۇ بارغانسېرى ناچارلاشتى. بارا - بارا ئۇلار ھىجرىيە 14 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە روھسىز، جانسىز، ئىچى قۇرۇق گەۋدىگە ئايلاندى. گويا ئۇلار ھېلىھەم ئىچىدە باشقىلار ئولتۇرۇۋاتقان، يىراقتىن قارىماققا ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدىغان، ئەمما ئىچى چىرىپ كەتكەن ھەشەمەتلىك ياغاچ سارايغا ياكى يىلتىزى چىرىپ، پورلىشىپ

[1] «ئەنفال»: 25 - ئايەت.

[2] جەلالۇددىن سۇيۇتىي: «تارىيخۇل خۇلەفائ» ، 335 - بەت.

كەتكەن بولسىمۇ، تېخىچە يۇلۇپ تاشلانمىغان پور كۆتەككە، شەھەرلىرى ئىگە ـ چاقىسىز چارۋىلارغا، دۆلەتلىرى ئوۋچىلارنىڭ ئولجىسىغا، ھەركىمنىڭ ئالدىدىكى تەييار لوقمىغا ئايلىنىپ قالدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنىڭ ھەقلىقى ئىسپاتلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇز ۋاقتىدا: «ئىنسانلار يېمەك قاچىسىغا دۇم چۈشكىنىدەك، باشقا مىللەتلەر ئۈزۈڭىغا قالماي سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلارغا تەرەپ ـ تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلايدۇ دېگەندە، ساھابىلەر:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ چاغدا بىزنىڭ سانىمىزنىڭ ئازلىقىدىن شۇنداق بولامدۇ؟ ـ دەپ سوراشقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ياق، ئۇ چاغدا سىلەرنىڭ سانىڭلار ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. لېكىن، سىلەر كەلكۈننىڭ يۈزىدە لەيلىگەن كۆپۈككە ئوخشاش ئېتىبارسىز، ئاجىزلارغا ئايلىنىسىلەر. ئاللاھ تائالا دۈشمىنىڭلارنىڭ قەلبىدىن سىلەرنىڭ ھەيۋىتىڭلارنى تارتىۋېتىپ، قەلبىڭلارغا «ۋەھەن» سېلىپ قويىدۇ، ـ دېگەن. ئۇلاردىن بىرى:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! «ۋەھەن» دېگەن نېمە؟ ـ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ دۇنيا ھاياتىنى زىيادە ياخشى كۆرۈپ، ئۆلۈمنى يامان كۆرۈشتۇر» ـ دەپ جاۋاب بەرگەن[1].

مۇسۇلمانلار خېلى ئۇزۇنغىچە مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق ھالەتتە تۇردى. مىلادىيە 18 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ياۋروپادىكى جاھىلىيەتكە پاتقان خىرىستىيانلار، مەدەنىي ياۋايىلار، كىيىملىك يالىڭاچلار[2] مۇسۇلمانلارغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ

[1] «ئەبۇ داۋۇد»، 4287 ـ ھەدىس.

[2] بۇ مىللەتلەرنىڭ تارىخىي ئەھۋالى ۋە خاراكتېرىدىن خەۋەردار ھەرقانداق كىشى يۇقىرىدىكى بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى سۈپەتلەرنى توغرا شەكىلدە چۈشىنەلەيدۇ.

بىلەن مۇسۇلمانلار ھاكىمىيەت تىزگىنىنى خىرىستىيانلارغا تارتقۇزۇپ قويۇپ، دۇنياغا رەھبەرلىك قىلىشتىن ۋاز كەچتى.

مۇسۇلمانلار ئەخلاقتا چىرىكلىشىپ شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆز مىللىتىگە خىيانەت قىلىدىغان، ۋەتىنىنى ئەرزىمەس ماتاغا ساتىدىغان، ئەجنەبىي دۈشمەنلەرنىڭ ۋەتىنىنى ئىشغال قىلىشى ئۈچۈن پىدائىي بولۇپ بېرىدىغان پەسكەشلەرمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى.

بىراق، غەربنىڭ ھۇجۇمى شەرق (موڭغۇللار) نىڭ ھۇجۇمىغا قارىغاندا تېخىمۇ شىددەتلىك، تەسىرى كۈچلۈك ئىدى. بۇ ھۇجۇم ئەسىرلەر مابەينىدە بوران ـ چاپقۇنلار ئۈچۈرەلمىگەن، گاھ يېنىپ، گاھ ئۆچۈپ كېلىۋاتقان كۆل ئاستىدىكى چوغنى پۈتۈنلەي ئۆچۈرۈپ تاشلاشقا تاس قالدى.

### مۇسۇلمانلارنىڭ شەك ۋە روھىي چۈشكۈنلۈككە مۇپتىلا بولۇشى

دۈشمەنلەرنىڭ ئاقىللىرى مۇسۇلمانلارنىڭ روھىدىكى يوشۇرۇن كۈچنىڭ مەنبەسىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ كۈچنىڭ ۋە تېتىكلىكنىڭ مەنبەسىنىڭ ئىمان ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئۇلار ئىماننىڭ ئۆتمۈشتە نېمىلەرنى قىلغانلىقىنى، ئىنسانلارنىڭ ئەقىللىرىنى لال قىلىدىغان مۆجىزىۋى ئىشلارنى روياپقا چىقارغانلىقىنى ۋە كەلگۈسىدە نېمىلەرنى قىلالايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەر مۇسۇلمانلارغا موڭغۇللاردىنمۇ ۋەھشىي ھەم زىيانلىق، يۇقۇملۇق ۋابادىنمۇ خەتەرلىك مۇنداق ئىككى دۈشمەننى مۇسەللەت قىلدى: بىرىنچىسى، شەك ۋە ئىشەنچنىڭ ئاجىزلىششى بولۇپ، قورقۇنچاقلىق ۋە ئاجىزلىقنىڭ بۇنىڭدىنمۇ چوڭ سەۋەبى بولمىسا كېرەك. ئىككىنچىسى، روھىي چۈشكۈنلۈك بولۇپ، مۇسۇلمانلار قەلبلىرىنىڭ بىر يەرلىرىدە ئۆزلىرىنى تۆۋەن كۆرىدىغان، ئۆزىنىڭ دىنى، ئەخلاقى ۋە مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ھەر شەيئىنى كەمسىتىدىغان، ئۆز ـ ئۆزىدىن نومۇس قىلىدىغان، ياۋروپالىقلارنى ھەر جەھەتتىن

ئۈستۈن ۋە ئىلغار چاغلايدىغان بولۇپ قالدى. ھەتتا، ئۇلار ياۋروپالىقلارنىڭ ھاياتىنىڭ ھەرقانداق بىر ساھەسىدە ئەيىب - نۇقسانلىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيدىغان، ئۇلارنىڭمۇ كۆنلەرنىڭ بىرىدە مەغلۇپ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالغان ئىدى. روھىي چۈشكۈنلۈك قەلبىگە چوڭقۇر ئورناپ كەتكەن ئۇممەت گەرچە يەپ - ئىچىپ، ئۇياق - بۇياقنى كېزىپ يۈرگەندەك قىلسىمۇ، ئاللىبۇرۇن ئۆلگەن ئۇممەتتۇر.

## مۇسۇلمانلارنىڭ ماددىغا چوقۇنۇپ، دۇنيانىڭ مۇھەببىتىگە مۇپتىلا بولۇشى

نۆۋەتتە مۇسۇلمانلار غەرب مەدەنىيىتى ۋە پەلسەپىسىنىڭ تەسىرىدە، جاھىلىيەت كونتروللۇقىدىكى ياۋروپا ئەللىرىگە ئوخشاش ماددىغا چوقۇنۇش، دۇنيانى ياخشى كۆرۈش، دۇنيالىق مەنپەئەتنىڭ ئارقىسىدىنلا چېپىش، شەخسىي ۋە ماددىي مەنپەئەتنى پىرىنسىپ ۋە ئەخلاقتىن يۇقىرى ئورۇنغا قويۇش قاتارلىق ئىللەتلەرگە مۇپتىلا بولدى. بۇ خىل ئەخلاق، بۇ خىل پسىخىكا ۋە بۇ خىل تەربىيە ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش يولىدا جىھاد قىلىشتىن؛ يۈكسەك ئەقىدە ۋە ساغلام پىرىنسىپ ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك ماددىي زىيانلارغا ۋە خەتەرلەرگە تەۋەككۇل قىلالايدىغان، ئاچچىق ئەلەملەرنى يۇتالايدىغان، مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئالىي روھتىن مەھرۇم قىلىپ قويىدى.

## ئىسلام تارىخىدىكى ئەڭ ناچار ئەۋلاد

مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلى بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار ئىچىدە زېھنى ئوچۇق، ئەمما روھىيىتى قاراڭغۇ، قەلبى قۇرۇق، ئىمانى ئاجىز، دىيانەتسىز، ئىرادىسى زەئىپ، سەۋرسىز، چاكىنا، ئەخلاقسىز، دۇنيا ئۈچۈن دىنىنى ساتىدىغان، ئاخىرەتلىكىنى دۇنياغا تېگىشىدىغان، شەخسىي مەنپەئەتى، ساختا ئىززەت - ئابرۇيى ئۈچۈن مىللىتىنى ۋە ۋەتىنىنى ساتىدىغان، ئۆزىگە ۋە

مىللىتىگە ئىشەنچىسى ئاجىز، ياتلارغا بېقىنىدىغان، ياتلارغا ئىشىنىدىغان بىر ئەۋلاد مەيدانغا كەلدى.

*﴿ئۇلارغا قارايدىغان بولساڭ، بەدەن قۇرۇلۇشى (سالاپەتلىكلىكى) سېنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلار سۆزلىسە، (سۆزىنىڭ پاساھەتىدىن) سۆزىگە قۇلاق سالىسەن. (ئىلىمسىز، ئەقىلسىز، پاراسەتسىزلىكتە) گويا ئۇلار تامغا يۆلەپ قويۇلغان (چىرىپ قالغان) ياغاچلاردۇر. ئۇلار (قورقۇنچتىن) ھەرقانداق ئاۋازنى ئۆزلىرىگە قارىتىلغان دەپ گۇمانلىنىدۇ. ئۇلار (ساڭا ۋە مۆئمىنلەرگە) دۈشمەندۇر. ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلىگىن. ئاللاھ ئۇلارنى ھالاك قىلسۇن! ئۇلار قانداقمۇ (ھىدايەتتىن گۇمراھلىققا) بۇرۇلۇپ كېتىدۇ؟﴾*[1].

مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئاجىزلىق ۋە قورقۇنچاقلىق پەيدا قىلىدىغان؛ مۇسۇلمانلارنى ئاۋۋال ئاللاھ تائالاغا، ئاندىن ئۆزلىرىگە تايىنىشتىن ياتلارغا تايىنىشقا، ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىچارىلەرچە يالۋۇرۇش، ھالقىلىق پەيتلەردە شۇلارغا سىغىنىش يوللىرىغا باشلىغان؛ مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبلىرىدىكى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ، دىنىنى ھىمايە قىلىش ئوتىنى ئۆچۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا زەيپانە مىللەتچىلىك، بىخۇدلاشتۇرغۇچى ئىرقچىلىق ئوتىنى ياققان؛ ھېكمەتنى ئۆيقۇسىدىن ئويغىتىپ، ئەقىلنى ئەسىرلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئەقىل ۋە ئىلىم مىڭلارچە يىللار مابەينىدىمۇ رويايقا چىقىرالمىغان ئىشلارنى رويايقا چىقارغان قەھرىمانلىق روھىنىڭ ئورنىغا توسالغۇلاردىن باشقىنى چۈشەنمەيدىغان، ئاجىز، كېسەل ئەقىلنى قويغانلار ئەنە شۇ ئىنسانلاردۇر.

ئەقىدە ۋە پىسخىكىدىكى بۇ چوڭ ئۆزگىرىش، روھىيەت ۋە ئىماندىكى نامراتلىق پەلەستىن ئۇرۇشىدا ئىنتايىن گەۋدىلىك نامايان بولدى. ھىجرىيە 8 ـ ئەسىردە مۇسۇلمانلار موڭغۇللارنىڭ ھۇجۇمىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، يەر بىلەن يەكسان بولۇپ، خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋا بولغاندەك، ھىجرىيە 14 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئەرەب دۇنياسى يەنە بىر قېتىم رەسۋا بولدى. يەتتە ئەرەب دۆلىتى ئىسلامنىڭ تۇنجى قىبلىسى ۋە مۇسۇلمانلار زىيارەت

---

[1] «مۇنافىقۇن»: 4 ـ ئايەت.

قىلىدىغان ئۈچىنچى مۇقەددەس مەسجىدنى، يەھۇدىيلارنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغان ئەرەب يېرىم ئارىلى ۋە باشقا ئەرەب دۆلەتلىرىنى قوغداش يولىدا يەھۇدىيلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن بىر يەرگە جەم بولدى. پەلەستىن ئۇرۇشى ھايات، شان ـ شەرەپ، دىن ۋە ئەقىدىنى قوغداش ئۇرۇشى ئىدى. پۈتۈن ئەرەبلەر تېخى قۇرۇلۇپ بولالمىغان كىچىك يەھۇدىي دۆلىتىگە قارشى ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلدى. ھەممەيلەن پەلەستىنگە كۆزلىرىنى تىكىشتى. ئىنسانلار يەرمۇك غازىتىغا ياكى ھىتتىن ئۇرۇشىغا ئوخشاش چوڭ بىر جەڭنى كۈتكەن ئىدى. قانداقمۇ شۇنى كۈتمىسۇن دەيسىز؟ ئۈممەت ئەينى ئۈممەت، ئەقىدە ئەينى ئەقىدە تۇرسا، يەنە كېلىپ ئۇلار سان ۋە تەييارلىق جەھەتتە يەرمۇك ۋە ھىتتىن جېڭىدىكى مۇسۇلمانلاردىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق تۇرسا، دۇنيانىڭ بۆيۈك قىسمىغا ئىگە بولغان ئەرەبلەر نېمىشقا غەلىبە قىلالمىغۇدەك؟! ھەر يەردىن پالانغان بىر ئوچۇم دۈشمەننى نېمىشقا يوقىتالمىغۇدەك؟!

بىراق، ئۇلار دەۋرنىڭ، تەربىيەنىڭ، دۆلەت ۋە سىياسىي رەھبەرلەرنىڭ، ماتېرىيالىزمنىڭ ئەرەب مىللىتىگە كەلتۈرگەن سەلبىي تەسىرلىرىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇشقان ئىدى. دەرۋەقە، ئەرەبلەر يەرمۇك غازىتىدەك چوڭ بىر جەڭگە ئاتلانغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىمانى يەرمۇك غازىتىغا ئاتلانغان ئەجدادلىرىنىڭ ئىمانىدىن پەرقلىنەتتى. ئەرەبلەر گەرچە ھىتتىن جېڭىگە ئوخشاش ھەل قىلغۇچ بىر جەڭگە ئاتلانغان بولسىمۇ، ئۇلار سەلاھىددىن ئەييۇبىي ۋە ئۇنىڭ ئىمانلىق مۇجاھىدلىرىنىڭ روھىدىن باشقا بىر روھ بىلەن جەڭگە كىردى يەنى ئۇلار ئۆلۈمنى يامان كۆرۈپ، ھاياتنى سۆيىدىغان، تۈرلۈك ھاۋايى ـ ھەۋەس ۋە ھەر خىل پىكىرلەرگە تولغان قورۇق قەلبلەر بىلەن جەڭگە كىردى، (ناۋادا ئەرەبلەر بۇ جەڭدە غەلىبە قىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ تەقدىرى ھىتتىن جېڭىدىكىگە ئوخشاش بولاتتى). ئۇلار ھېچقانداق چىقىم تارتمايلا غەلىبە قىلىشنى، قۇربانلىق بەرمەيلا شان ـ شەرىپىنى قوغداشنى ئۈمىد قىلاتتى. ھەركىم جەڭدىكى

غەلىبە ۋە مەغلۇبىيەتكە باشقىلارنى جاۋابكار دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ تىزگىنىنى باشقىلارنىڭ قولىدا بولۇپ، تىزگىنىنى ئازراق قويۇپ بەرسە، ئالغا ئىلگىرىلەيتتى؛ ئازراقلا تارتىپ قويسا، ئارقىغا چېكىنەتتى. باشقىلار «ئۇرۇشۇڭلار» دېسە، ئۇرۇشاتتى؛ «سۈلھىگە كېلىڭلار» دېسە، سۈلھىگە كېلەتتى. مەلۇمكى، بۇنداق ھالەتتە غەلىبە قىلغىلى ۋە دۈشمەننى يەڭگىلى بولمايدۇ.

بىر شائىر ئېيتقانىدەك: سەئد ئىسىملىك بىرەيلەن تۆگىسىنى قۇدۇق بېشىغا ئاپىرىپ، چېلەكتە سۇ تارتىپ سۇغارماي، ھورۇنلۇق قىلىپ، تۆگىنى قۇدۇق بېشىغا باغلاپ قويۇپ، يۆگىنىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تۆگە ئۇسسۇز قاپتۇ. باشقىلار ئۇنىڭغا: «ھەي سەئد! تۆگە بۇنداق سۇغىرىلمايدۇ» دەپتۇ. كېيىنچە بۇ گەپ ئەرەبلەر ئارىسىدا ئەجىر سىڭدۈرمەي، جاپا تارتماي، مەقسەتكە يېتىشنى ئويلىغۇچىلار ئۈچۈن، خۇددى «ئۈژمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دېگەنىدەك ماقال ـ تەمسىلگە ئايلانغان ئىكەن.

پەلەستىن ئۇرۇشىدا پۈتۈن دۇنيا ئىسلام جىھاد تارىخىدا ئوقۇغان ئاجايىپ ئىمان، قالتىس باتۇرلۇق، مەتانەت، ھاياتنى مەنسىتمەسلىك، قەھرىمانلىق، ئۆلۈمگە ئۆزىنى ئېتىپ، شېھىدلىكنى ئارزۇ قىلىش، يۈكسەك ئىنتىزامچانلىق، ئىتائەت ۋە پىداكارلىق روھىغا كۆز تىكىپ تۇرغان ئىدى. ئەپسۇسكى، دۇنيا ئىمان ۋە ئىسلامنى قوغداش ئۈچۈن پىدائىي بولۇپ جەڭگە قېتىلغان ئاۋانگارت مۇجاھىدلاردا ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىرىدا كۆرۈلگەن پىداكارلىق ۋە قەھرىمانلىق روھىدىن باشقا، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان سۈپەتلەردىن ھېچبىرىنى كۆرەلمىدى. ئۇلار ئىمانلىرىدىن ئالغان كۈچ ۋە دىنىغا بولغان ھاياجانلىق روھى بىلەن ئىسلامنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن خەتەرلەرگە كۆكرەك كېرىپ، ئىختىيارىي ھالدا جەڭ مەيدانلىرىغا چۈشۈپ دىنىنىڭ شان ـ شەرىپىنى قوغدىدى. دۈشمەنلەرنىڭ قەلبلىرىگە قورقۇنچ سېلىپ، ئۆتمۈشتىكى شانلىق تارىخنى تەكرارلىدى. ئۇلار ھەقىقىي ئىماننىڭ ھېلىھەم كۈچ ـ قۇۋۋەت

ۋە ئىنتىزامچانلىقىنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى، مۇنتىزىم ئەسكىرىي كۈچكە ئىگە چوڭ دۆلەتلەردىمۇ تېپىلمايدىغان ئىنتىزامچانلىق، قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە جىھاد روھىغا ئىگە قىلىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى.

بۇ ماقالىمىزدە تىلغا ئالغان مىساللار، خەۋەرلەر ۋە تارىخىي ئىسپاتلاردىن بولۇپمۇ دەۋرىمىزدىكى ھادىسىلەردىن (پەلەستىن ئۇرۇشىمۇ يېقىنقى مىساللاردىن بىرى) مەلۇمكى، ئىسلام تارىخىدا ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىدا يۈز بېرىدىغان «تەرەققىيات ۋە چېكىنىش» ئىماندىكى «تەرەققىيات ۋە چېكىنىش»كە باغلىق. مۇسۇلمانلارنىڭ مەنىۋى كۈچى ئىماندىن ئېتىلىپ چىقىدۇ. بۇ ئۇممەتنىڭ كۈچ - قۇۋۋەت مەنبەسى قەلبى ۋە روھىدۇر. ئەگەر قەلب ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ئاخىرەت كۈنىگە بولغان ئىمان بىلەن تولۇپ تاشسا، روھ دىنىي تەربىيە ۋە ئىسلامىي ئەخلاق بىلەن پاكلانسا، كۆڭۈل دىنغا بولغان ھاياجانلىق روھى بىلەن قازاندەك قاينىسا، مۇسۇلمانلار دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن تەييارلىقلارنى قىلسا، دۇنيادىكى زۇلۇم، ناھەقچىلىك، جاھالەت ۋە ئازغۇنلۇقلارنى بايقاپ، ئۆز دەۋرىنىڭ بەئەينى ئىسلام كەلگەن چاغدىكى دەۋرگە، دۇنيانىڭمۇ مۇنۇ ئايەتتە: ﴿*ئىنسانلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئاپەت يۈز بەردى، ئاللاھ ئۇلارنى تەۋبە قىلسۇن دەپ قىلمىشلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ (جازاسىنى) ئۇلارغا تېتىتتى*﴾[1] دېيىلگەندەك ئاۋۋالقى جاھىلىيەت دەۋرىگە قايتقانلىقىنى بىلىپ يەتسە، ئاندىن ئۇلار دۇنياغا قاراپ، دۇنيانىڭ يانغىن ئىچىدە قالغانلىقىنى ۋە بۇ يانغىننى ئۆچۈرىدىغان سۇنىڭ ئۆزلىرىدە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتەلەيدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دۇنيانى قاپلىغان يانغىننى ئۆچۈرۈشكە ئاتلىنىپ، بۇ شەرەپلىك يولدا ھۇزۇر - ھالاۋەتنى ئۇنتۇپلا كېتىدۇ؛ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشى بۇزۇلۇپ، كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ قاچىدۇ؛ باشلىرىدىن ئەقىللىرى ئۇچىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا ئۇلار

[1] «رۇم»: 41 - ئايەت.

پۈتۈن دۇنيا ئەللىرى، ئەسكەرلىرى ۋە دۆلەتلىرى بىلەن كەلسىمۇ يېڭەلمەيدىغان قالتىس كۈچكە ئايلىنىدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ قازا ۋە قەدەرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ، كەلىمىسىنى ئالىي قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿***بىزنىڭ پەيغەمبەر بەندىلىرىمىز ھەققىدىكى سۆزلىرىمىز ئالدىنئالا ئېيتىلغان. ئۇلار چوقۇم نۇسرەت تاپقۇچىلاردۇر. بىزنىڭ قوشۇنىمىز چوقۇم غەلىبە قىلغۇچىلاردۇر***﴾[1]؛ ﴿***(جىھادتىن) بوشاشماڭلار، قايغۇرماڭلار، ئەگەر مۆئمىن بولساڭلار، چوقۇم ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر***﴾[2].

---

[1] «سافقات»: 171 — 173 ـ ئايەتلەر.

[2] «ئال ئىمران»: 139 ـ ئايەت.

# شەكىل ۋە ھەقىقەت[1]

ھەر نەرسىنىڭ شەكلى ۋە ھەقىقىتى بولىدۇ. ئىككىسى كۆپ جەھەتتىن ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، يەنە نۇرغۇن جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشۇڭلاردا ئىككىسىنىڭ پەرقىنى ئوڭايلا ئايرىيالايسىلەر ۋە ھەقىقەتكە شەكىلدىن پەرقلىق مۇئامىلە قىلىسىلەر. بۇنىڭغا ئىككى مىسال ئېلىپ ئۆتىمەن. فارفۇر بۇيۇملاردىن ياسالغان مېۋە شەكىللىرى قارىماققا رەڭ ۋە شەكىل جەھەتتىن ھەقىقىي ئالما، ئانار، ئاپېلسىن، ئۈزۈم ۋە بانانىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇنى ھەرگىز ھەقىقىي مېۋىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. شەكلى مېۋىلەردە ھەقىقىي مېۋىدىكى تاتلىق تەم، خۇشپۇراق نېمە قىلسۇن؟! ئۇلار پەقەت زىننەت ياكى تەقلىد ئۈچۈنلا ياسالغان شەكىللەردۇر، خالاس.

مۇزېيلاردا يولۋاس، بۆرە، ئېيىق، پىل قاتارلىق ھەر خىل يىرتقۇچ ھايۋانلارنى، ھەر تۈرلۈك يىرتقۇچ قۇشلارنى ۋە چىرايلىق، ئۇماق قۇشقاچلارنى كۆرىسىز. بىراق، ئۇلار ھەرىكەتسىز، ئىچى قۇرۇق ۋە پاختا بىلەن تولدۇرۇلغان جانسىز ھەيكەللەر بولۇپ، ئۇلاردا نە ھاياتلىق، نە ھۇجۇم قىلالايدىغان كۈچ ـ قۇۋۋەت بولسۇن دەيسىز. ھەتتا، ئۇلاردىن پەسرەك بىر ئاۋازنىمۇ ئاڭلىيالمايسىز.

شۈبھىسىزكى، شەكىل ھەقىقەتنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ،

[1] بۇ ماقالە ئاپتورنىڭ 1949 ـ يىلى ھىندىستاننىڭ لۇكنوۋ شەھرىدە تەبلىغ جامائىتى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان ۋە مىڭلىغان مۇسۇلمانلار قاتناشقان بىر يىغىندا سۆزلىگەن لېكسىيەسىدۇر. بۇ ماقالىنى ئاپتورنىڭ جىيەنى مۇھەممەد ئەلھەسەنىي ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلغان.

ھاياتتا ئۇنىڭ رولىنى ئۆتىيەلمەيدۇ، ئۇنىڭ قىلغان ئىش - پائالىيەتلىرىنى قىلالمايدۇ، ھەقىقەت ئالدىدا پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. ئىككىسى ئارىسىدا كۈرەش بولۇپلا قالسا، شەكىل شۇ ھامان يوقىلىدۇ. مەلۇمكى، شەكىل ھەقىقەتنىڭ يۈكىنى ئۈستىگە ئالالىشى مۇمكىن ئەمەس. ناۋادا بىر كىشى شەكىلگە ھەقىقەتنىڭ ۋەزىپىسىنى تاپشۇرسا ياكى مۇھىم بىر ئىشتا ئۇنىڭغا ئىشەنسە، شەكىل ئەڭ ئېھتىياجلىق ۋاقىتتا ئۇنىڭغا خىيانەت قىلىپ، ياردەمسىز تاشلاپ قويىدۇ.

ھەقىقەت ھەرقانچە كۈچسىز، ئاجىز بولغان تەقدىردىمۇ، سۈرلۈك ۋە ھەيۋەتلىك شەكىلنى مەغلۇپ قىلىدۇ. چۈنكى، ئاجىز ھەقىقەتمۇ ھەيۋەتلىك، چوڭ شەكىلدىن كۈچلۈكتۇر. قارىماسىز، كىچىك بىر بالا ئىنچىكە، نازۇك قوللىرى بىلەن ئىچى قوۋزاق ۋە پاختىلار بىلەن تولدۇرۇلغان يولۋاسنى يىقىتالايدۇ. چۈنكى، بالا كىچىك بولسىمۇ، جانلىق ھەقىقەتتۇر. شەكىل ھەرقانچە ھەيۋەتلىك بولسىمۇ، يەنىلا جانسىز نەرسىدۇر.

بىز ياشاۋاتقان دۇنيا ھەقىقەت ۋە رېئاللىق دۇنياسى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ھەممە نەرسىنى ئۆزىگە خاس بىر ھەقىقەت بىلەن ياراتقان. قارىماسىز، مال - دۇنيانىڭمۇ بىر ھەقىقىتى بار. ئۇنى ياخشى كۆرۈش تۇغما تەبىئەتتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىش ۋە جەلپ قىلىش كۈچى ئاتا قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، مال - دۇنيا ھەققىدە نۇرغۇن ھۆكۈملەر بايان قىلىنغان.

بالىلارنىڭمۇ ئۆزىگە خاس بىر ھەقىقىتى بار. ئۇلارنى سۆيۈش، مېھىر - شەپقەت ئىزھار قىلىش تۇغما تەبىئەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، شەرىئەتتە ئۇلارغا تەلىم - تەربىيە بېرىش ھەققىدە ھۆكۈملەر بايان قىلىنغان. يەنە شۇنىڭدەك، تەبىئىي ئېھتىياج ۋە تۇغما ئىستەكلەرنىڭمۇ ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان ھەقىقىتى بار. بۇ ھەقىقەتلەرنى پەقەت ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بىر ھەقىقەت ياكى تېخىمۇ بۈيۈك بىر ئىستەكلا يېڭەلەيدۇ. شۇڭا، بىزمۇ دۇنيادىكى ھەر تۈرلۈك ھەقىقەتلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىشىمىز

ئۈچۈن ئىسلام ۋە ئىمان ھەقىقىتىگە موھتاجمىز. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھەقىقەتلەر گەرچە ساختا بولغان تەقدىردىمۇ، شەكلىي ئىسلامنىڭ ئۆزىلا ئۇلارنى يېڭەلمەيدۇ. چۈنكى، گاڭ شەكىل ھېچبىر ھەقىقەتنى يېڭەلىگەن ئەمەس.

بىز ھازىر شەكلىي ئىسلامنىڭ ئەرزىمەس ماددىي ھەقىقەتلەرنى يېڭەلمەس ھالغا كېلىپ قالغانلىقىغا؛ نامىزىمىز ۋە كەلىمە شاھادىتىمىزنىڭ كۆنۈككەن ئادەتلىرىمىزنى بويسۇندۇرۇشقا، ئەرزىمەس شەھۋەتلىرىمىزنى كونترول قىلىشقا، بىزنى ئىمتىھان - سىناقلاردا ھەق يولدا تەۋرەنمەي تۇرغۇزۇشقا كۈچى يەتمەيۋاتقانلىقىغا شاھىت بولماقتىمىز. چۈنكى، شەكىل قارىماققا ھەرقانچە بەھەيۋەت، كۆركەم بولسىمۇ، كۈچ ۋە تەسىردىن خالىيدۇر.

دەسلەپكى دەۋرلەردە كەلىمە شاھادەت قەلب ۋە روھلارغا ئاجايىپ تەسىر كۆرسەتتى. شۇڭا، ئۇ چاغدىكى مۇسۇلمانلارغا كۆنۈككەن ئادەتلىرىنى تاشلاش، شەھۋەتلىرىنى كونترول قىلىش، ئاللاھ يولىدا شېھىد بولۇپ، ئەزىز جانلىرىنى ئاللاھ ئۈچۈن پىدا قىلىش، ئاللاھ يولىدا جاپا - مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىش، ئاچچىق ئەلەملەرنى يۇتۇش تولىمۇ ئوڭاي ئىدى. ئەمما، ھازىر بىز ئېيتقان شاھادەت كەلىمىسى ئىنسانلارنى تاتلىق ئۇيقۇلىرىدىن ئويغىتىپ، ئىسسىق كۆرپىلىرىنى تاشلاشقا، بامدات نامىزىغا ۋاقتىدا تۇرۇشقا تۈرتكە بولالمايۋاتىدۇ. ئادەتتە ھاراق خۇمارىنى يېڭەلىگەن كەلىمە شاھادەت ئىنسان بىلەن قولىدىكى رومكا ئارىسىدا توسالغۇ بولالايدۇ - دە، ئۇ كىشى ھاراق ئىچمەيدۇ. چۈنكى، «دىن» ئۇنى ئىچىشتىن توسىدۇ، كەلىمە شاھادەتمۇ ھارام ئىچىملىكنى ئىچىشكە يول قويمايدۇ. بىراق، ھازىر كەلىمە شاھادەت «ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش» تەسىرىگە ئىگە ئەمەس.

كۆزىڭىزنى يوغان ئېچىپ ئىسلام تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولسىڭىز، ساھابە ۋە دەسلەپكى ئەسىردىكى مۇسۇلمانلار ئېيتقان

شاھادەت كەلىمىسىنىڭ كۈچلۈك بىر ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى؛ يىلتىزى يەرنىڭ ئاستىدا، شېخى ئاسمانغا تاقاشقان، پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن ۋاقتى - ۋاقتىدا مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل دەرەخكە ئوخشايدىغانلىقىنى كۆرىسىز.

بىز ئېيتقان شاھادەت كەلىمىسى پەقەت تەلەپپۇز ۋە قۇرۇق گەپتىنلا ئىبارەت، خالاس. شۇ سەۋەبتىن، ھازىر ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ھاياتىدا بۇ كەلىمىنىڭ تەسىرىنى كۆرەلمەيسىز. ئەھۋالىمىز شۇنداق تۇرۇپ، بىز تېخى ھاياتىمىزنى ساھابىلەرنىڭ ھاياتىغا سېلىشتۇرۇشقا ئۇرۇنىمىز. بۇ كەلىمىنىڭ ھەر ۋاقىت مېۋە بېرىپ تۇرۇشىنى، ئۆتمۈشتە يۈز بەرگەن ئاجايىپ ئىشلارنىڭ ھازىرمۇ يۈز بېرىشىنى ئارزۇ قىلىمىز. ئەگەر بۇ كەلىمە مېۋە بەرمەي، ئۆتمۈشتىكى ئاجايىپ تەسىرىنى كۆرسەتمەي قالسا، ئۆز - ئۆزىمىزگە سوئال قويۇپ: «بىزمۇ مۇسۇلمان ئەمەسمۇ؟! بىزمۇ ناماز ئوقۇيمىز، روزا تۇتىمىز ئەمەسمۇ؟! ئەتىگەن - ئاخشامدا شاھادەت كەلىمىسىنى تەكرار - تەكرار ئوقۇيمىز ئەمەسمۇ؟! شۇنداق تۇرۇپ نېمىشقا بىز ياشاۋاتقان دەۋر بىلەن تۆت خەلىپە دەۋرى ئارىسىدا، بىزنىڭ نىسبىتىمىز بىلەن ئۇلارنىڭ نىسبىتى ئارىسىدا بۇنچىۋالا زور پەرق بولىدۇ؟ ئىمان دەرىخىنىڭ مېۋىلىرى قېنى؟ ناماز ۋە روزىنىڭ نەتىجىلىرىچۇ؟ ئاللاھ تائالا ۋەدە قىلغان شانلىق غەلىبە، زېمىندا خەلىپە قىلىش ۋە كۈچ - قۇدرەت ئاتا قىلىشلار قەيەردە؟» دەپ كېتىمىز.

ئۆزىمىزنى ئالدىمايلى! شۇنى بىلەيلىكى، ئۇلار ئىرادىلىك، ھەقىقىي دىندار كىشىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئېيتقان شاھادەت كەلىمىسى، ئوقۇغان نامازلىرى (پەقەت شەكىللا ئەمەس) ھەقىقەت ئىدى. ئەپسۇسكى، بىز بۇ ھەقىقەتلەردىن ئايرىلىپ قالدۇق. شۇڭا، ھەقىقەتنىڭ مېۋىسى ۋە نەتىجىسىنى شەكىلدىن كۈتۈش ئەمەلگە ئاشمايدىغان خام خىيالدۇر.

خۇبەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تارىخىنى ئوقۇپ باقمىدىڭىزمۇ؟ مۇشرىكلار ئۇنى دارغا ئېسىپ قويۇپ، نەيزە سانجىشتى. ئۇ

پۈتۈن بەدىنى تىتما ـ تىتما بولۇپ كەتسىمۇ، نالە ـ پەرياد قىلماستىن، تىك تۇردى. مۇشرىكلار ئۇنىڭغا:

ـ سېنىڭ ئورنۇڭدا، مۇھەممەدنىڭ بولۇشىنى خالامسەن؟ ـ دەپ سورىۋىدى، ئۇ بۇنىڭدىن قاتتىق بىئارام بولۇپ:

ـ ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۆزۈمنىڭ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇشى بەدىلىگە رەسۇلۇللاھنىڭ پۇتىغا بىر تال تىكەن كىرىشىنىمۇ خالىمايمەن، ـ دېدى.

ئەي ئىسلام ئوغلانلىرى! خۇبەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى دار ئالدىدىمۇ تىز پۈكمەس قىلغان، رەسۇلۇللاھنىڭ سۆيگۈسىگە تويۇنغان بۇ شاھانە سۆزنى قىلىشىغا تۈرتكە بولغان نەرسە ئىسلامنىڭ شەكلىمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا جەننەتنى كەلتۈرەلىگەن؛ بەدىنىگە نەيزىلەر سانجىلىپ تىتما ـ تىتما قىلىۋاتقاندا: «سەۋر قىل، ئەي خۇبەيب! بىرقانچە مىنۇتلۇق ۋاقتىڭ قالدى، جەننەت سېنى كۈتمەكتە، ئاللاھنىڭ رەھمىتى سېنى كۈتمەكتە، سەن پانىي بەدەننىڭ، ۋاقىتلىق ھاياتنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىگە بەرداشلىق بەرسەڭ، مەڭگۈلۈك بەختكە، ئەبەدىي ھاياتقا ئېرىشىسەن» دەپ پىچىرلاۋاتقان نەرسە دەل ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىدۇر.

دېمەك، خۇبەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى رەسۇلۇللاھنىڭ پۇتىغا بىر تال تىكەن كىرىشكە چاغلىق ئەزىيەت بەدىلىگە ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇشنى رەت قىلغۇزالىغان نەرسە ھەقىقىي ئىمان، ھەقىقىي سۆيگۈ ۋە ھەقىقىي روھىي لەززەتتۇر. ئەمما، شەكىل كىشىلەرنى بۇنچىلىك سەممىيەتكە، پىداكارلىققا، ئەقىدىسى ئۈچۈن جان بېرەلەيدىغان روھقا ئىگە قىلالامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق قىلالمايدۇ. شەكلىي ئىمان قىيىن ـ قىستاق ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە بەرداشلىق بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، خىيال ۋە ۋەسۋەسىلەر ئالدىدىمۇ پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. بىز بۇنى ھىندىستاندىكى ئىچكى توقۇنۇشلاردا ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق. ئىسلامغا ھەقىقىي مەنىدە ئەمەس، شەكلەن ئېتىقاد قىلغان مۇسۇلمانلار ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان

قورقۇنچ، ئۆلۈم ئەندىشىسى ۋە خىيالىي ئۈرۈشلاردىن قورقۇپ شەكلىي ئىسلامنى ئۆزگەرتىپلا، كاپىر سىياقىغا كىرىۋالغان ئىدى. (بۇنداق ئىنسانلار ماھىيەتتە ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىدىنغۇ يىراق، شەكلىگىمۇ ساداقەتسىز كىشىلەردۇر).

سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ ماڭغاندا، بىر توپ مەككە مۇشرىكلىرى يولىنى توسۇپ ئۇنىڭغا:

ـ سەن بىزنىڭ يېنىمىزغا بىچارە، يوقسۇل ھالەتتە كەلگەن ئىدىڭ. باي بولۇپ، بۇگۈنگە ئېرىشتىڭ. ئەمدىلىكتە مال ـ مۈلكۈڭنى ئېلىپ كەتمەكچى بولۇۋاتامسەن؟ ئەزىبرايى خۇدا، بۇنداق قىلىشىڭغا ھەرگىز يول قويمايمىز، ـ دېيىشتى. دەل شۇ پەيتتە سۇھەيبنىڭ قەلبىدە ئىسلام ھەقىقىتى بىلەن مال ھەقىقىتى ئارىسىدا شىددەتلىك بىر مەيدان جەڭ باشلاندى. نەتىجىدە، سۇھەيبنىڭ قەلبىدىكى ئىسلام ھەقىقىتى رەقىبىنى مەغلۇپ قىلدى. سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ مال ـ مۈلكۈمنى سىلەرگە بەرسەم، مېنى ماڭغىلى قويامسىلەر؟ ـ دېدى. ئۇلار:

ـ شۇنداق، ـ دېيىشتى. سۇھەيب:

ـ ئەمىسە، مال ـ مۈلكۈمنى سىلەرگە بەردىم، ـ دېدى.

شۇنداق قىلىپ سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مال ـ مۈلكىنى تاشلاپ، گويا ھېچ نەرسىسىنى يوقاتمىغاندەك، ھېچ نەرسىنى زىيان تارتمىغاندەك، خۇشاللىق ئىچىدە سۆيۈملۈك دىنى بىلەن ھىجرەت يولىغا راۋان بولدى.

ئەبۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئايالى ۋە ئوغلىنى ئېلىپ مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن بەنى مۇغىرە قەبىلىسىدىن بىر ئوچۇم كىشىلەر دەرھال ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

ـ سەن ئۆزۈڭ كېتىمەن دېسەڭ، ئۇنىڭغا گېپىمىز يوق. ئايالىڭغا كەلسەك، ھەمشىرىمىزنى شەھەرمۇشەھەر ئايلاندۇرۇپ

يۈرۈشۈڭگە يول قويمايمىز، ـ دەپ تۆگىنىڭ چۇلۋۇرىنى ئۆزىنىڭ قولىدىن تارتىپلا، ئايالىنى ئېلىپ قالدى. بەنى ئابدۇلئەسەد قەبىلىسى ئۆزىنىڭ كىچىك بالىسى سەلەمەنىمۇ تارتىۋالدى. دەل شۇ چاغدا ئەبۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەلبىدە ئىسلام بىلەن ئايال ۋە بالا سۆيگۈسى ئارىسىدا توقۇنۇش يۈز بەردى. لېكىن، ئىسلام غەلىبە قىلدى. ئەبۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئايالى ۋە بالىسىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ، يالغۇز ھىجرەت قىلىپ كەتتى.

مانا مۇشۇنداق چاغلاردا شەكلي ئىسلام ئاشۇ ئىشلارنى قىلالامدۇ؟ شەكلي مۇسۇلمانلار ئەقىدە ۋە دىن يولىدا ئاياللىرىدىن ۋە بالىلىرىدىن ۋاز كېچەلەمدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق قىلالمايدۇ. بىز نۇرغۇن ئىنسانلارنىڭ مال ـ مۈلۈك، ئائىلە، بالىچاقا ۋە باشقا دۇنيالىق مەنپەئەتلەر ئۈچۈن ئىسلامدىن يانغانلىقىنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمىز.

ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نامازنى باشلىۋىدى، بىر قۇش بېغىغا كىرىپ، چىقىدىغان تۆشۈك تاپالماي قالدى. شۇ ئەسنادا ئەبۇ تەلھەنىڭ كۆڭلى قۇشقا كېتىپ قالدى. ئۇ نامازنى تۈگىتىپلا باغنى سەدىقە قىلىۋەتتى. چۈنكى، ئۇ نامازنىڭ ھەقىقىتىدىن مەشغۇل قىلىدىغان، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ناماز ئوقۇشتىن توسىدىغان ھەرقانداق نەرسىنى خالىمايتتى.

شۈبھىسىزكى، باغ، مېۋە ـ چىۋە ۋە ئۇنى يېيىشنىڭمۇ ھەقىقىتى بار. بۇ ھەقىقەتلەرنى پەقەت ئىسلام ھەقىقىتىلا يېڭەلەيدۇ. ھازىر نامازلىرىمىز ھەقىقىتىدىن خالىي بولۇپ قالغاچقا، ئەڭ ئاجىز ماددىي ھەقىقەتلەر ئالدىدىمۇ پۇت تىرەپ تۇرالمايۋاتىدۇ.

يەرمۇك ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلار بىرنەچچە مىڭ كىشىلا ئىدى. رۇملۇقلارنىڭ سانى 200 مىڭدىن ئاشاتتى. شۇ سەۋەبتىن، مۇسۇلمانلارنىڭ بايرىقى ئاستىدا جەڭ قىلىۋاتقان بىر خىرىستىيان:

ـ رۇملۇقلار نېمانچە كۆپ، مۇسۇلمانلار نېمانچە ئاز، ـ دېگەندە، خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، تۇرۇق ئېتىمنىڭ تۇياقلىرىنىڭ تېزراق ساقىيىشىنى، دۈشمەننىڭ سانىنىڭ تېخىمۇ كۆپىيىشىنى ئارزۇ قىلىۋاتىمەن، ـ دېگەن ئىدى[1].

خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نېمىشقا بۇنچىۋالا خاتىرجەم تۇرالىغان؟ رۇملۇقلارنىڭ غايەت زور سانى نېمىشقا ئۇنى ئەندىشىگە سالالمىغان؟ ئۇ نېمىشقا ئۇلارنىڭ ساناقسىز ئەسكەرلىرىگە پىسەنت قىلىپ كەتمىگەن؟ چۈنكى، ئۇ ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان، ئاللاھنىڭ ياردىمىگە چىن قەلبىدىن ئىشەنگەن ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقەت ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى، قارشى سەپتىكى رۇملۇقلارنىڭ بولسا ھەقىقەتتىن خالىي شەكىل ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شەكىل ھەرقانچە بەھەيۋەت بولسىمۇ، ئىسلام ھەقىقىتى ئالدىدا پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

شۈبھىسىزكى، بىز شاھادەت كەلىمىسىنى تەلەپپۇز قىلىۋاتىمىز. بۇ كەلىمىنى تەلەپپۇز قىلغان چاغدا، ئارىمىزدا ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلىدىغانلار مۇ بار. بىراق، ھەقىقەت باشقا، شەكىل باشقا نەرسىدۇر. ساھابىلەر ۋە راستچىل مۇسۇلمانلار كەلىمە شاھادەتنىڭ ھەقىقىتىگە ئىگە ئىدى. ئۇلار «لا اله الا الله» دېگەندە، «ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ ۋە پەرۋەردىگار يوق، ئۇنىڭدىن باشقا رىزىق بەرگۈچى يوق، ئۇنىڭدىن باشقا پايدا ـ زىيان يەتكۈزگۈچى يوق، پادىشاھلىق ۋە ھۆكۈم چىقىرىش، يارىتىش ۋە بۇيرۇش ئۇنىڭغىلا خاس، ھەممە نەرسىنىڭ پادىشاھلىقى ئۇنىڭ قولىدا، ئۇ ئىلتىجا قىلغانلارغا پاناھ بولىدىغان ۋە ئۇنىڭغا قارشى ھېچ نەرسە پاناھ بولالمايدىغان يېگانە زاتتۇر» دەپ ئەقىدە قىلاتتى. شۇ ۋەجىدىن، ئۇلار ئاللاھ تائالانى چىن قەلبىدىن ياخشى كۆردى، ئۇنىڭدىن ھەقىقىي قورقتى، ھاجەتلىرىنى يېگانە ئاللاھتىنلا تىلىدى ۋە ئۈمىدلىرىنى ئۇنىڭغىلا باغلىدى. خالىس نىيەت بىلەن ئىبادەت قىلىپ، ئۇنىڭغىلا دۇئا قىلدى. بۇ ئارقىلىق ئۇلار ئاللاھ تائالاغا خالىس ئىبادەت قىلىدىغان،

[1] ئىبنى كەسىر: « ئەلبىدايە ۋەننىھايە »، 8 ـ توم، 9 ـ بەت.

دۈشمەندىن قورقمايدىغان، ئۆلۈمدىن يانمايدىغان، ھېچكىمنىڭ مالامىتىگە پىسەنت قىلمايدىغان، جاسارەتلىك، قەھرىمان بەندىلەرگە ئايلاندى.

يۈرىكىمىزگە قولىمىزنى سېلىپ تۇرۇپ قايتىدىن ئويلىنىپ باقايلى! ئەجەبا، بۇ ھەقىقەتلەر ئىچىمىزگە سىڭىپ كىردىمۇ؟ تومۇرلىرىمىزدا ۋە قانلىرىمىزدا ئاقتىمۇ؟ ھاياتلىق كۆچىتىمىز بۇ ھەقىقەت سۈيى بىلەن سۇغىرىلدىمۇ؟

كەچۈرۈڭلار قېرىنداشلار! بىز ئەھۋالنىڭ ئۇنداق بولالماسلىقىدىن، ھاياتىمىزدا شەكلىي ئىسلامنىڭ تەسىرىنىڭ ھەقىقىي ئىسلامدىن كۈچلۈكرەك بولۇپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلماقتىمىز. مانا بۇ بىزنىڭ ئاجىزلىق نۇقتىمىز، مۇسىبەت ۋە بەختسىزلىكىمىزنىڭ سىرىدۇر. بىز ھەممىمىز ئاخىرەتنىڭ، جەننەت ۋە دوزاخنىڭ، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز. لېكىن، بىز ساھابىلەر ۋە تابىئىنلاردەك ھەقىقىي ئىمانغا ئىگە بولالىدۇقمۇ؟ ساھابىلەردىن بىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كەڭلىكى ئاسمان ـ زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار!» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ:

ـ مەن بۇ خورمىلارنى يەپ بولغۇچە ياشىسام، بەك ئۇزۇن ياشاپ كەتكەن بولىمەن، ـ دەپلا قولىدىكى خورمىنى تاشلىۋېتىپ (جىھادقا ئاتلىنىپ)، جەڭ قىلىپ شېھىد بولغانلىقىنى ھەممىمىز ئاڭلىدۇق. چۈنكى، جەننەت ئۇنىڭغا نىسبەتەن شەكسىز بىر ھەقىقەت ئىدى. ھەقىقىي ئىشەنگەن ئادەم ئەنەس ئىبنى نەزر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدەك: «مەن ئۇھۇد تېغى تەرىپىدىن جەننەتنىڭ ھىدىنى پۇراۋاتىمەن» دېيەلەيدۇ.

يەرمۇك غازىتىدا مۇسۇلمانلاردىن بىرى قوماندانىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ مەن سەپەرگە ھازىرلاندىم، رەسۇلۇللاھقا دەيدىغان بىرەر سۆزۈڭلار بارمۇ؟ ـ دېدى. قوماندان:

ـ بار، ئۇنىڭغا مەندىن سالام ئېيتقىن ۋە: ئى رەسۇلۇللاھ! پەرۋەردىگارىمىزنىڭ بىزگە ۋەدە قىلغان نەرسىلىرىگە ئېرىشتۇق دېگىن! ــ دېدى.

بۇ سۆزلەرنى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا شېھىد بولىدىغانلىقىغا، رەسۇلۇللاھ بىلەن جەننەتتە ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىدىغانلىقىغا ھەقىقىي ئىشەنگەن كىشىلا ئېيتالايدۇ. بۇنداق قەتئىي ئىمانغا ئىگە بولغان كىشىنى ئۆلۈمگە جەڭ ئېلان قىلىشتىن نېمىمۇ توسۇپ قالالىسۇن؟! شېھىدلىك بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا نېمىمۇ توسالغۇ بولالىسۇن؟!

ئىسلام تارىخىدا يۈز بەرگەن ئەڭ چوڭ ئۆزگىرىش شەكىل ھەقىقەتنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، ئۇممەتنىڭ ھاياتىنى كونترول قىلىۋالغانلىقىدۇر. بۇ ئىش يېڭىدا ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان ئىش بولماستىن، ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرىلا باشلانغان ئىشتۇر. دەسلەپتە، ئىنسانلار شەكىلنى يىراقتىن كۆرۈپ، ھەقىقەت دەپ ئويلىشىپ، ئۇنىڭغا يېقىن بېرىشتىن قورققان ئىدى. نەتىجىدە، شەكلىي ئىسلام گويا بىر دېھقان ئېتىزغا تىكلەپ قويغان قارانچۇققىلا ئوخشاپ قالغان ئىدى. ئۇچار قۇشلار ۋە ياۋايى ھايۋانلار قارانچۇقنى ئىنسان ياكى كۆزەتچى دەپ ئويلاپ ئېتىزغا بىر مەزگىل يېقىن كەلمەيدۇ. بىراق، زېرەك بىر قارغا ياكى جۈرئەتلىك بىر ھايۋان ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ ئىنسان ئەمەسلىكىنى بايقايدۇ ـ دە، باشقا قۇشلار ۋە ياۋايى ھايۋانلارمۇ ئېتىزغا كىرىشكە باشلايدۇ. ئارقىدىن ئېتىزلارنى بۇزۇپ، زىرائەتلەرنى ۋەيران قىلىدۇ.

ئەينەن مۇشۇ ئەھۋال مۇسۇلمانلارنىڭمۇ بېشىغا كەلدى. شەكلىي ئىسلام ئۇلارنى خېلى ئۇزۇنغىچە مۇھاپىزەت قىلدى. بۇ مەزگىلدە پۈتۈن خەلقئالەم ئۇلارغا چېقىلىشقا پېتىنالمىدى ھەتتا بۇ ھەيۋەتلىك شەكىلگە چېقىلىپ بېقىش ۋە سىناپ كۆرۈش ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمىدى.

لېكىن، بۇ ئەھۋال قاچانغىچە داۋاملاشتى؟ موڭغۇللار باغدادقا

ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە، مۇسۇلمانلارنىڭ روھىي ۋە مەنىۋى كۈچ - قۇۋۋەتتە ئاجىزلاشقانلىقى ئاشكارا بولۇپ، دۈشمەن ئالدىدا رەسۋا بولدى. شۇنىڭدىن تارتىپ شەكلىي ئىسلام مۇسۇلمانلارنى مۇھاپىزەت قىلالمىدى، باشلىرىغا كېلىدىغان بالايىئاپەتلەرنى دەپئى قىلالمىدى، باشقا مىللەتلەرنىڭ ھۇجۇملىرىنى چېكىندۈرەلمىدى. چۈنكى، شەكىل دېگەن جاھالەت ۋە مەغرۇرلۇق ئۈستىدە مەۋجۇت بولۇپ، جىددىي پەيتتە ئەسقاتمايدۇ؛ پەردىلەر ئېچىلىپ، توسۇقلار يوقالسىلا، ھەممە نەرسە تاگىدەك ئاشكارا بولىدۇ.

بىز ئىسلام تارىخىدا مۇسۇلمانلارنىڭ جەڭ مەيدانلىرىدا مەغلۇپ بولغانلىقى، شان - شۆھرىتىنىڭ پايخان قىلىنغانلىقى ھەققىدە كۆرگەن ۋە ئوقۇغان خەۋەرلەرنىڭ ھەممىسى شەكىل (شەكلىي مۇسۇلمانلىق) نىڭ كارغا كەلمىگەنلىكى ۋە رەسۋا بولغانلىقىنىڭ خەۋەرلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شەكىل بىزنى ھەربىر جەڭ ۋە توقۇنۇشلاردا رەسۋا قىلدى. گۇناھ يەنىلا ئۆزىمىزدە. چۈنكى، بىز ھەقىقەتنى شەكىلنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ قويدۇق. شەكىل ھەقىقەتنى كۆتۈرەلمىدى، تۇتۇپ تۇرالمىدى. بىز كۈچسىز شەكىلدىن چوڭ ئۈمىد كۈتتۇق. نەتىجىدە، ئۇ ئۈمىدىمىزنى كۆپۈككە ئايلاندۇردى، جەڭ مەيدانلىرىدا تاشلىۋەتتى.

شەكلىي ئىسلام بىلەن دۇنيا ئەللىرى ئارىسىدا كۆپ قېتىم ئۇرۇشلار يۈز بەردى. ھەر قېتىمدا شەكىل مەغلۇپ بولدى. ئىنسانلار بۇنى ئىسلامنىڭ مەغلۇبىيىتى دەپ ئويلاشتى. شۇ سەۋەبتىن، ئىنسانلار ئىسلامنى مەنسىتمىدى. ئۇنىڭ ھەيۋىتى قەلبلەردىن يوقالدى. ئىنسانلار ئۇزۇندىن بېرى ئىسلام ھەقىقىتىنىڭ جەڭ مەيدانىغا كىرىپ باقمىغانلىقىنى، باشقىلار بىلەن يۈزمۇيۈز تۇتۇشۇپ باقمىغانلىقىنى، مەيدانغا چىققىنى ئىسلامنىڭ ھەقىقىتى ئەمەس، بەلكى شەكلى ئىكەنلىكىنى، شەكىلنىڭ ئەسلىدىلا مەغلۇبىيەتكە مەھكۇم ئىكەنلىكىنى، رېئاللىقتا، جىددىي پەيتلەردە كارغا كەلمەيدىغانلىقىنى بىلمىدى.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا بىر قىسىم ياۋروپا ئەللىرى بىرلىشىپ

پۈتـۈن ياۋروپانـى تىترىتىـپ، ئارقـا ـ ئارقىدىــن مەغلـۇپ قىلغـان ئوسـمانلى خەلىپىلىكىگـە ھۇجـۇم قىلـدى. ئىسـلامنىڭ سـۈلگۈن شـەكلىنى كۆتـۈرۈپ يۈرگـەن، ھەقىقىـي ئىسـلامنىڭ بىـر قىسـمىنى يوقاتقـان ئوسـمانلى خەلىپىلىكـى بـۇ قېتىملىــق ئۇرۇشـتا مەغلـۇپ بولـۇپ، نۇرغـۇن شـەھەرلىرىنى قولدىــن بېرىــپ قويـدى.

يەتتـە ئـەرەب دۆلىتـى يەھۇدىـيلار بىلـەن ئـۇرۇش قىلىـش ئۈچـۈن پەلەستىنگە يىغىلـدى. لېكىـن، بـۇ دۆلەتلەرنىـڭ روھىيىتىنى كېسـەل چىرمىۋالغـان ئىـدى. ياۋروپـا ماتېرىيالىـزم پەلسەپىسـى ئۇلارنىـڭ قەلبلىرىــدە يالقۇنجاۋاتقـان ئاللاھ يولىــدا جىھـاد قىلىــش ئوتىنـى ئۆچـۈرۈپ تاشـلاپ، ئۇلارغـا ئەيش ـ ئىشـرەتلىك تۇرمۇشـنى چىرايلىق كۆرسـەتكەن ئىـدى. ئۇنىـڭ ئۈسـتىگە ئـۇلار ئـۇرۇش ئەسـلىھەلىرى ۋە زامانىـۋى تېخنىكىلاردىمـۇ خېلىـلا ئارقىـدا قالغـان ئىـدى. ئـەرەب مۇسـۇلمانلىرى بىلـەن يەھۇدىـيلار ئارىسىــدا پارتلىغـان بـۇ جـەڭ ئىسـلامنىڭ شـەكلى بىلـەن كـۈچ، تـۈزۈم ۋە قەھرىمانلىـق ئارىسىــدا پارتلىغـان ئىـدى. شـۇڭا، بـۇ جەڭنىـڭ نەتىجىسـىمۇ شـەكىل بىلـەن كـۈچ ئارىسـىدىكى جەڭلەرنىـڭ نەتىجىسـىگە ئوخشـاش بولـدى.

شۈبھىسـىزكى، شـەكىلنىڭمۇ ئاللاھ تائالانىـڭ ھۇزۇرىـدا بەلگىلىك دەرىجىـدە مەرتىۋىسـى ۋە ئورنـى بـار. چۈنكـى، ھەقىقـەت ئەسـىرلەر مابەينىـدە شـەكىل ئىچىـدە ياشـاپ كەلـدى. ئاللاھ بـۇ شـەكىلنىمۇ ياخشـى كۆرىـدۇ. چۈنكـى، ئـۇ ئاللاھنىـڭ دوسـتلىرىنىڭ ۋە ياخشـى كۆرگـەن بەندىلىرىنىـڭ تاشـقى قىياپىتىـدۇر. شـۇنىڭدەك، بىزمـۇ ئۇنىـڭ ئـازدۇر ـ كۆپتـۇر ئارتۇقچىلىقى بارلىقىنـى ئېتىـراپ قىلىمىـز. چۈنكـى، ئىسـلامنىڭ شـەكلىدىن ھەقىقىـي ئىمانغـا يۆتكىلىــش كۇفرىدىــن ياكـى ئۇنىـڭ شـەكلىدىن يۆتكىلىشـكە قارىغانـدا تېخىمـۇ قـولاي. شـۇنىڭ ئۈچـۈن، بىـز شـەكىلنىمۇ مۇھاپىـزەت قىلىـپ، چىـڭ تۇتـۇش بىلـەن بىرگـە، شـەكىل بىلەنـلا كۇپايىلىنىــپ، ھەقىقـەت ۋە روھقـا سـەل قارىماسـلىقىمىز لازىـم.

ئـەي ئىسـلام ئوغلانلىـرى! ئاللاھ تائالانىـڭ دۇنيـادا غەلىبـە ۋە پەتىھلـەر ئاتـا قىلىشـى، ئاخىرەتتـە مەغپىـرەت ۋە نىجاتلىـق بېرىشـى

ھەقىقىي ئىسلامغا باغلىقتۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(جىھادتىن) بوشاشماڭلار، شېھىد بولغانلار ئۈچۈن قايغۇرماڭلار، ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار، چوقۇم ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر﴾[1].

ھەقىقەتەن، بۇ ئايەتتىكى خىتاب مۇسۇلمانلار ئۈچۈندۇر. شۇنداق تۇرۇپ، ئاللاھ تائالا زېمىندا ئىززەت، كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە شانۇشەۋكەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىماننى شەرت قىلدى.

ئاللاھ تائالا يەنە ئىككى ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبىرىمىزگە ۋە مۇئمىنلەرگە ھاياتىي دۇنيادا ۋە (پەرىشتە، پەيغەمبەر ۋە مۇئمىنلەردىن بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھ بولىدىغان) گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز﴾[2].

﴿ئاللاھ ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە سالىھ ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى. ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ، ئاشۇ ۋەدىدىن كېيىن كاپىر بولغانلار ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر﴾[3].

بۇ ۋەدىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ۋە سالىھ ئەمەللەرگە باغلانغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا يەنىلا مۇسۇلمانلاردا ھەقىقىي ئىمان ۋە تەۋھىدنىڭ تېپىلىشىنى شەرت قىلغان.

دەۋرىمىزدىكى ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئەڭ چوڭ دىنىي ۋەزىپىسى، ئەڭ ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك خىزمىتى مۇسۇلمان ئاممىسىنى شەكلىي ئىسلامدىن ھەقىقىي ئىسلامغا يۆتكىلىشكە ئىزچىل دەۋەت قىلىشتۇر. خىزمەت قىلغۇچىلار مانا مۇشۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلسۇن،

[1] «ئال ئىمران»: 139 ـ ئايەت.

[2] «غافىر»: 51 ـ ئايەت.

[3] «نۇر»: 55 ـ ئايەت.

پۈتۈن كۆچى ۋە تىرىشچانلىقىنى ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئۆلۈك جىسمىغا ئىسلام روھىنى پۈۋلەشكە سەرپ قىلسۇن! بۇ ئارقىلىق ئۈممەتنىڭ ۋە پۈتۈن دۇنيانىڭ ۋەزىيىتى ئۆزگىرىدۇ. چۈنكى، دۇنيا ۋەزىيىتى ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئەھۋالىغا، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئەھۋالى ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىگە باغلىقتۇر. مۇسۇلمانلاردىن ئىسلامنىڭ ھەقىقىتى يوقالسا، دۇنيانى ھەقىقىي ئىسلامغا كىم دەۋەت قىلىدۇ؟ كىم ئۇنىڭغا ئىسلام روھىنى پۈۋلەيدۇ؟ ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەۋارىيلارغا مۇنداق دېگەن ئىكەن: «سىلەر زېمىننىڭ تۇزىغا ئوخشايسىلەر. تۇزنىڭ تۇزلۇق سۈپىتى يوقالسا، تاماقنىڭ تۇزىنى نېمە تەڭشەيدۇ؟».

ھازىر بىزنىڭ ھاياتىمىز جانسىز تەنگىلا ئوخشاپ قالدى. چۈنكى، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ كۆپ قىسمى روھتىن خالىي، ھەقىقەتتىن يىراقتۇر. روھ ۋە ھەقىقەت ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتىغا ئىككىنچى قېتىم قانداق قايتىپ كېلىدۇ؟

دۇنيادا قەدىمدىن ھازىرغىچە ھەقىقىتى ۋە روھىنى يوقىتىپ، ھېلىھەم مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان، روھتىن خالىي بەزى شەكلىي ئەقىدىلەر ۋە قىسمەن ئادەتلەر ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ھەقىقىي مەنىدىكى دىنىي ھايات ۋە روھتىن ئايرىلغان نۇرغۇن مىللەتلەر بار.

يېڭىدىن بىر ئۈممەت يېتىشتۈرۈش بۇنداق مىللەتلەرنى ئىسلاھ قىلىشتىن، ئۇلارنىڭ دىنىي ۋە ئەخلاقىي ھاياتلىرىنى يېڭىلاشتىن قولايراق. ئۇلارنى ئىسلاھ قىلىمىز دېگەنلەر بۇ يولدا دەۋرىمىزدىكى مەتبەچىلىك، نەشرىيات، يېزىقچىلىق، رادىيو، مائارىپ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇنلىغان تەشۋىقات ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ، پۈتۈن تىرىشچانلىقىنى سەرپ قىلغان بولسىمۇ، كۆزلىگەن نىشانىغا يېتەلمىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ دىنىنىڭ تۇتقۇسى دىنىي ھاياتتىن، ئەخلاقتىن ۋە روھ مەنبەسىدىن پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەن ئىدى.

ئىسلام ئۈممىتى ئاجىزلىقىغا قارىماي، ھېلىھەم دىنىنىڭ

تۇتقۇسىغا يەنى ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە، ئاخىرەت كۈنىگە، ھېسابقا ئىمان ئېيتىشقا مۇستەھكەم ئېسىلىپ، تۇتقۇنى قەتئىي قويۇۋەتمىدى، باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ كەتمىدى. ئاۋام مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئىمانى باشقا ئەللەردىكى يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىنىڭ ئىمانىدىن خېلىلا ساغلام، مۇستەھكەم ۋە كۈچلۈكرەكتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلام ئۈممىتىنىڭ كىتابى «قۇرئان» ھېچقانداق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماستىن، ھېلىھەم شۇلارنىڭ قولىدا. بۇرۇنقى ساماۋى كىتابلارنى ئۆزگەرتىپ، بۇزغانلارمۇ قۇرئان كەرىمگە ئەسلا چېقىلالمىدى. يەنە كېلىپ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھاياتى، ئۆلگىلىك ئىش - ئىزلىرى شۇلارنىڭ قوللىرىدا. شۇنداق بولغان ئىكەن، دىنغا دەۋەت قىلىش قولاي، يېڭىلاش تامامەن مۇمكىن؛ قەلبلەر يېڭىلاشنى قوبۇل قىلىشقا تەييار، ئىمان چوغىنىڭ يالقۇنجىشى تېز. شەكىل ۋە ھەقىقەت ئارىسىدىكى يوچۇق ئىنتايىن كىچىكتۇر. ئۇ ئىككىسى ئارىسىدىكى كۆۋرۈك بولسا يېڭىدىن ئىمانغا دەۋەت قىلىش، دىنغا قايتىش، ئىمان روھىغا تويۇنۇپ، ھەقىقىي ئىمان لىباسىنى كىيىشتۇر.

مەن مۇشۇ دەۋردىمۇ ئىسلام ھەقىقىتىنىڭ قايتا پارلىشىدىن قەتئىي ئۈمىد ئۈزمەيمەن. «دەۋر ئۆزگەردى، مۇسۇلمانلار ئىسلام روھىدىن تولىمۇ يىراقلاشتى، ئىسلام ھەقىقىتىنىڭ قايتىدىن نامايان بولۇشىدىن، قايتا غەلىبە قىلىشىدىن ئۈمىد يوق» دېگەنلەرگە زىنھار ئىشەنمەيمەن. ئۆتمۈشۈڭلارغا نەزەر تاشلاپ بېقىڭلار! ئىسلام ھەقىقىتىنىڭ يىلتىزى ئىسلامنىڭ سۈبھى دەۋرلىرىگە قەدەر تۇتىشىدۇ. قاراڭلار! ھەقىقەت ھەر قېتىم چۆككەندە، قايتىدىن سۇ يۈزىگە چىقماقتا؛ ھەر قېتىم غايىب بولغاندا، يېڭىدىن پارلىماقتا. بۇ ھەقىقەت ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەرقانداق رايونىدا ياكى ئىسلام تارىخىنىڭ ھەر دەۋرىدە نامايان بولىدىكەن، شۇ ھامان غەلىبە قىلىدۇ، زەپەر قۇچىدۇ، ئىنسانلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى، ئۆلچەم ۋە تەخمىنلىرىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ. ئىشلار شانلىق ئۆتمۈشتىكى ھالىتىگە قايتىشقا، ھىجرىيە بىرىنچى ئەسىرنىڭ خۇشپۇراقلىرى

دىماغلارغا ئۇرۇلۇشقا باشلايدۇ.

ناۋادا مۇشۇ دەۋردە ئىسلام ھەقىقىتى يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىقىپ، بىر ەر جامائەتتە ئۆزىنى نامايان قىلسىلا، بۇ جامائەت ھەرقانداق داۋاندىن ئاشالايدۇ، ھەرقانداق كۈچنى يېڭەلەيدۇ، ھەقىقىي ئىمان، قەھرىمانلىق ۋە پىداكارلىقتا پەۋقۇلئاددە ئۈلگە يارىتالايدۇ. ئۇ چاغدا ئىنسانلار ھىجرىيە بىرىنچى ئەسىردىكى ئىسلام پەتىھلىرىنى ماددىي سەۋەبلەرگە باغلىيالمىغىنىدەك، بۇ زەپەرلەرنىمۇ ماددىي سەۋەبلەرگە باغلىيالمايدۇ.

# پىكىر ئىنقىلابى[1]

بىز مۇسۇلمانلار پىكىر ئىنقىلابىغا موھتاجمىز.

بىرقانچە ئەسىر مابەينىدە بىز ئۆزىمىزگە پەرقلىق تىل ۋە يەرلىك مەدەنىيەتلەرگە ئىگە خىلمۇخىل مىللەتلەردىن تەشكىل تاپقان، ئۆزگىچە مۇھىت ۋە شارائىتتا ياشايدىغان، ئىمكانىيەتلىرى چەكلىك، دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىگە تارالغان ئىنسانىيەت گەۋدىسى سۈپىتىدە قاراپ كەلمەكتىمىز. بۇ گەۋدىنىڭ ھەممە تارماقلىرى چوقۇم ئىككى ئورتاق نۇقتىدا كېسىشىدۇ. ئۇ ئىككى نۇقتا: «ئەقىدە» ۋە «غەربكە بېقىندىلىق، تۇرمۇش ۋە سىياسەتتە شۇلارنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناش»تىن ئىبارەت.

ئۇزۇندىن بېرى بىز قەدىر - قىممىتىمىزنى ۋە دۇنيا خەرىتىسىدىكى ئورنىمىزنى ئۆزىمىز ئىگە بولغان كۈچ ۋە ئىمكانىيەتلەر، ۋاسىتىلەر، خام ماددىلار، يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى بايلىقلار، ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلار، نوپۇس سانى ۋە ھەربىي كۈچ بىلەن ئۆلچەپ كەلمەكتىمىز. بىراق، تارازىمىزنىڭ پەللىسى بىر رايوندا ئېغىر كەلسە، يەنە بىرىدە يېنىك كەلگەنلىكىنى؛ بەزىدە ئېغىر باسسا، بەزىدە يەڭگىل كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋاتىمىز.

ئۇزۇندىن بېرى غەربنىڭ خوجىلىقى ۋە رەھبەرلىكىگە، بۇ ئەھۋالدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقىغا ۋە بۇنداق ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگەرمەي، تەرەققىي قىلماي، شۇ پېتى داۋاملىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ كەلدۇق. بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئېڭىدا:

[1] ئاپتور جەنۋەدە ئېلان قىلىنغان «ئەلمۇسلىمۇن» ژۇرنىلىغا مۇشۇ باش ماقالىنى يازغان.

«بىرى ساڭا موڭغۇللار مەغلۇپ بوپتۇ دېسە، زىنھار ئىشەنمە!»[1] دەيدىغان كونا ماقال ـ تەمسىل يېڭىدىن جانلىنىپ، ئومۇملاشقان بىر ئەقىدىگە ئايلاندى. غەربنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا شۇنچىلىك كۆنۈپ كەتتۇقكى، غەربكە قارشى تۇرۇشقا ھەتتا ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق سالاھىيتى ھەققىدە ئويلىنىشقىمۇ پېتىنالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدۇق. بەزىدە ئۆزىمىزمۇ تۇيماي، ئىنچىكە نۇقتىلارنى ئويلاشمايلا، شۇ ھەقتە ئويلىنىپ قالساق، دەرھاللا نۆۋەتتىكى كۈچىمىز، ئىمكانىيەتلىرىمىز، دۆلىتىمىزنىڭ ھەربىي كۈچى، ھەربىي سانائەت ۋە ئاتوم ئېنېرگىيەسىدە ئېرىشكەن نەتىجىلىرىمىز كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ ـ دە، شۇ ھامان ئۈمىدسىزلىك قاپلاپ، روھىمىز چۈشۈپ، پەقەت باشقىلارغا بېقىندى بولۇپ، باش ئېگىپ، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا غەربكە موھتاج بولۇپ، رىقابەتلىشىۋاتقان ئىككى كۈچنىڭ بىرىگە كۈكۈلىمىزنى تۇتقۇزۇپ ياشاش ئۈچۈنلا يارىتىلغانلىقىمىزغا يەنە بىر قېتىم ئىشەنمەي تۇرالمايمىز.

ئەرەب ئەللىرى، پاكىستان، ھىندونېزىيە ۋە تۈركىيەدىكى مۇسۇلمانلارمۇ شۇنداق ئويلايدۇ؛ يەنە ياپونىيە، خىتاي، ھىندىستان، سىيام ۋە بىرمىدىكى كىشىلەرمۇ شۇنداق ئويلايدۇ. ئىنسانلار بۇنى ساغلام چۈشەنچە، توغرا مەنتىقە، تەتقىقات، سەۋەبلەرنىڭ كۈچى ۋە ئەشيالارنىڭ تەبىئىتىگە ئىشىنىشنى ئاساس قىلغان ئىلمىي نەتىجە دەپ قارايدۇ.

يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر بۇ چۈشەنچىنى قوبۇل قىلمايدۇ ۋە بۇ مەنتىقىگە ئىشەنمەيدۇ. ئەكسىچە، بۇنداق پىكىر ئۇسلۇبىغا كەسكىن قارشى چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس يولى بار. تارىختا پارتىلىغان ئەڭ كۈچلۈك ئىنقىلابلار ۋە دۇنيا ۋەزىيىتىدىكى قالتىس ئۆزگىرىشلەر دەل شۇ يول ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن. ئىنسانىيەتنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك بەختسىزلىكتىن كېيىن بەخت ـ سائادەتكە ئېرىششىدە، ئىنسانلار جەمئىيىتى ئومۇميۈزلۈك

[1] ھىجرىيە 7 ـ ئەسىردە موڭغۇللار ئىسلام دۇنياسىغا ئۇرۇش ئېچىپ، كۆپ قىسمىنى ئىشغال قىلىۋالغاندا، بۇ بىر جۈملە سۆز كىشىلەر ئارىسىدا ماقال ـ تەمسىلگە ئايلانغان.

بۇزۇلغاندىن كېيىن قايتا ئىسلاھ قىلىنىشىدا يەنىلا شۇ يولنىڭ تۆھپىسى زور. ئاجىز مىللەتلەرنىڭ ئۈمىدى پەقەت مۇشۇ يولدا؛ پىرىنسىپلارغا ئىشىنىدىغان، چاقىرىقلارنى قارشى ئالىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئىستىقبالى پەقەت ئاشۇ يولدا. بىز بۇ يولنىڭ كۈچىنى، ئارتۇقچىلىقىنى ۋە ئەقىللەرنى لال قىلىدىغان شانلىق نەتىجىلىرىنى چۈشىنىشىمىز ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئازراق ئۆتمۈشكە قايتىپ، «توغرا تارىخ بەتلىرى»دىن ئىلھام ئېلىشىمىز لازىم.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ بېشىغا كەلگۈلۈكنىڭ ھەممىسى كېلىۋاتقان، ھېچقانداق چىقىش يولى قالمىغان، ھۆرلۈكى تامامەن بوغۇلغان، بۈگۈنى بەختسىز، كەلگۈسى قاراڭغۇ، سانى ئاز، ماددىي جەھەتتە يوقسۇل، روھى چۈشكۈن، دۈشمىنى رەھىمسىز، ھاشار ئېغىر، مۇداپىئە قىلىدىغان كۈچى، ھىمايە قىلىدىغان ھېرمۇ دۆلىتى يوق، بېشىدا تەلەيسىزلىك ۋە ھالاكەتنىڭ قارا بۇلۇتلىرى ئۈچۈپ يۈرگەن، ئاقىۋەتتى ئېنىق بىر مىللەت ئىچىدە، ئىنتايىن ناچار شارائىتتا دۇنياغا كەلدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام تۇغۇلدى. ۋاھالەنكى، ئۇنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە پۈتۈن ھاياتى ماددىي سەۋەب پەلسەپىسىگە ۋە شەيئىلەرنىڭ تەبىئىي مەنتىقىسىگە جەڭ ئېلان قىلغانلىق ئىدى. چۈنكى، پىرئەۋن ئۇنى تۇغۇلمىسىكەن دەيتتى، ئەمما ئۇ تۇغۇلدى؛ پىرئەۋن ئۇنى ياشىمىسىكەن دەيتتى، ئەمما ئۇ ئېغىزى مەھكەم ئېتىۋېتىلگەن ساندۇق ئىچىدە، دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان نىل دەرياسىدا ياشىدى؛ ئاندىن دۈشمەننىڭ قۇچىقىدا، قاتىلنىڭ غەمخورلۇقى ئاستىدا ئۆسۈپ يېتىلدى؛ كۈچلۈك دۈشمەن ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن، كېچە ـ كۈندۈز ھەر تەرەپتىن جىددىي ھالەتتە ئىزدىدى، ئەمما ئۇ قېچىپ قۇتۇلدى؛ سەپەردە غۇربەتچىلىك بېسىپ، كۆڭلى يېرىم ھالدا بىر دەرەخنىڭ سايىسىغا سىغىندى؛ ئارقىدىنلا ئېسىل زىياپەت، كۆيۈمچان بىر ئائىلىگە ئېرىشتى. كېيىن ئائىلىسى بىلەن قايتتى. قاراڭغۇ كېچە، ئادەمزات ئايىغى باسمىغان مۇدھىش يول ئۇنى يوتقانىدەك ئوراپ تۇراتتى. يولدا ئائىلىنىڭ تولغىقى تۇتۇپ قېلىپ، ئىسسىنىشى ئۈچۈن ئوت ئىزدەپ ماڭدى.

ئاندىن ئىسرائىل ئەۋلادىنى بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان، پۈتۈن جاھاننى توغرا يولغا باشلايدىغان بىر نۇرغا يولۇقتى. يەقەت ئاياللىنىلا قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئامالىنى ئىزدەپ بېرىپ، پۈتۈن ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزىدىغان پەيغەمبەرلىك ۋە ئەلچىلىك نېمىتىگە نائىل بولدى.

تېخى تۈنۈگۈنلا جىنايەت بىلەن قارىلىنىپ، سوتلىنىش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپتە ئىز - دېرىكى قىلىنىۋاتقان، كېكەچ، كۈچسىز مۇسا ئەلەيھىسسالام پادىشاھلىق سەلتەنىتى بىلەن كۆرەڭلەۋاتقان، غالچىلار ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇۋاتقان پىرئەۋننىڭ ئالدىغا بېرىپ، ھېكمەتلىك دەۋەت، كۈچلۈك ئىمان، پولاتتەك پاكىت ۋە روشەن بايانلىرى بىلەن پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ شايكىلىرىنى مات قىلدى. پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىنى سېھىرگەرلىك دەپ ئويلاپ قېلىپ، ئۇنى مىسىر سېھىرگەرلىرى ئارقىلىق مات قىلماقچى بولدى - يۇ، سېھىرگەرلەر ئاللاھقا ئىمان ئېيتىپ، بويسۇنغان ھالدا: ﴿ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا، مۇسا ۋە ھارۇننىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتتۇق﴾[1] دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئېلىپ، ناھەقچىلىك ۋە زۇلۇم قاپلىغان يۇرتتىن نىجاتلىق دىيارىغا قاراپ قاراڭغۇ كېچىدە يولغا چىقىشقا بۇيرۇلدۇ. يولغا چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا پىرئەۋن لەشكەرلىرى بىلەن قوغلاپ يېتىشىۋالدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام ئالدىغا قارىسا دېڭىز، كەينىگە قارىسا دۈشمەن، ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالدۇ. ئاندىن ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىپ دېڭىزغا كىرگەندە، دېڭىز ئىككىگە ئايرىلىپ، ھەربىرى چوڭ تاغدەك بولۇپ تۇردۇ. شۇنداق قىلىپ مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىنى ئېلىپ دېڭىزدىن ئۆتتۇ. پىرئەۋن ۋە لەشكەرلىرى ئۇلارنى قوغلاپ دېڭىزغا كىرگەندە، دېڭىز ئۇلارنى يالماپلا يۇتۇۋېتىدۇ. نەتىجىدە، پىرئەۋن كۈچلۈك ۋە باي قەۋمى بىلەن قوشۇلۇپ ھالاك بولىدۇ، ئاجىز ۋە يوقسۇل ئىسرائىل

[1] «شۇئەرا ئ»: 48 - ئايەت.

ئەۋلادى پادىشاھلارغا ئايلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿***بوزەك قىلىنغان قەۋمنى (يەنى بەنى ئىسرائىلنى) بىز بەرىكەتلىك قىلغان (شام) زېمىنىنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىگە (يەنى ھەممە تەرەپكە) ۋارىس قىلدۇق. ئىسرائىل ئەۋلادى سەۋر قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئۇلارغا قىلغان چىرايلىق ۋەدىسى تولۇق ئىشقا ئاشتى؛ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ سالغانلىرى (يەنى ئىمارەتلىرى) نى ۋە ياسىغانلىرى (يەنى باغلىرى ۋە ئېكىنزارلىقلىرى) نى ۋەيران قىلدۇق***﴾[1].

مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆز دەۋرىدىكى ئەڭ بۈيۈك كۈچ بولغان پىرئەۋنگە قارشى غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەن كۈچ ـ قۇدرەت زادى نېمە؟ ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىنىڭ سىرى نەدە؟ ئۇلارنىڭ رەھىمسىز دۈشمەنگە تاقابىل تۇرغان قورالى نېمە؟ ئەركىنلىكنى بوغىدىغان، زۇلۇم چەكتىن ئاشقان جەمئىيەتنى بويسۇندۇرغان قورال زادى نېمە؟

سىز قۇرئاندىكى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى قايتا ـ قايتا ۋە ئەستايىدىل ئوقۇيدىغان بولسىڭىز، مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىگە قارشى تۇرۇشتا قوللانغان؛ ئىسرائىل ئەۋلادىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈپ، مىسىر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارغا رەھبەرلىك قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە قىلغان بىردىنبىر قورالنىڭ «ئىمان»، «ئىتائەت» ۋە «ئاللاھقا دەۋەت قىلىش» ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتەلەيسىز.

بۇ ئىمان، ئىتائەت ۋە دەۋەت مەزكۇر قىسسىنىڭ بېشىدىن ـ ئاخىرىغىچە ئېنىق روشەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئۇلارنىڭ كۈچلۈك ئىمانىمۇ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنى دەۋەت قىلىشتا ناھايىتى ئۈچۈق ئەكس ئەتكەن بولۇپ، مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋننىڭ ھىيلە ـ مىكىر ۋە داۋلىلىرىنى شۇ ئارقىلىق يەڭگەن. پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئەسلي ۋەزىپىسىدىن

[1] «ئەئراف»: 137 ـ ئايەت.

كاشىلا قىلىپ نىشانىدىن بۇرۇۋېتىپ، خەلقنى ئۇنىڭغا قارشى كۈشكۈرتۈشنى پىلانلىغان بولسىمۇ، مۇسا ئەلەيھىسسالام دەۋەت يولىدا ۋە ئىمانىدا مۇستەھكەم تۇرۇپ، قىلچە تەۋرىنىپ قالمىغان ھەم نىشانىدىن ئاداشمىغان.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پىرئەۋن ئېيتتى: ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى دېگەن نېمە؟ مۇسا ئېيتتى: ئۇ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. ئەگەر سىلەر ھەقىقىي ئىشىنىدىغان بولساڭلار. پىرئەۋن چۆرىسىدىكىلەرگە: (ئۇنىڭ جاۋابىنى) ئاڭلاۋاتامسىلەر؟ دېدى. مۇسا ئېيتتى: (ئۇ) سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر ۋە سىلەرنىڭ ئاتا - بوۋاڭلارنىڭمۇ پەرۋەردىگارىدۇر. پىرئەۋن ئېيتتى: سىلەرگە ئەۋەتىلگەن (بۇ) ئەلچى ئەلۋەتتە مەجنۇندۇر. مۇسا ئېيتتى: (ئۇ) مەشرىقنىڭ، مەغرىبنىڭ ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى مەخلۇقاتنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. ئەگەر سىلەر چۈشىنىدىغان بولساڭلار﴾[1].

پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن ئۆتمۈشتىكى ئۇممەتلەر توغرىسىدا جاۋاب بېرىش ئىنتايىن قىيىن بولغان بىر سوئالنى سورايدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام كۈچلۈك ئىمانى ۋە پەيغەمبەرگە خاس ئاقىلانە تەدبىرى بىلەن بۇ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار توغرىسىدىكى مەلۇمات پەرۋەردىگارىمنىڭ دەرگاھىدا، لەۋھۇلمەھفۇزدا (خاتىرىلەنگەندۇر)، پەرۋەردىگارىم ھەم خاتالاشمايدۇ، ھەم ئۇنتۇمايدۇ﴾[2]. ئاندىن مۇسا ئەلەيھىسسالام گەپنى پىرئەۋن ئۆزىنى ئەڭ بەك ئەپقاچىدىغان «يېگانە ئىلاھ» نۇقتىسىدىن باشلاپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇ زېمىننى سىلەرگە بىسات قىلىپ بەردى، سىلەر ئۈچۈن نۇرغۇن يوللارنى ئېچىپ بەردى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، ئۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى﴾[3].

بۇ ئىمان ئەينى چاغدا مۇسا ئەلەيھىسسالام ئالدىغا قارىسا ئۆركەشلەۋاتقان دېڭىز تۇرغان، كەينىگە قارىسا غەزىپى تاشقان

[1] «شۇئەرائ»: 23—28 - ئايەتلەر.
[2] «تاھا»: 52 - ئايەت.
[3] «تاھا»: 53 - ئايەت.

دۈشمەن قوغلاپ يېتىشىۋالاي دەپ قالغان، «ئالدىغا ماڭسا ئات ئۆلىدىغان، ئارقىغا يانسا ئوق سۇنىدىغان» ئىنتايىن قىيىن بىر ۋەزىيەتتە قالغاندا ئوچۇق نامايان بولىدۇ. ئىسرائىل ئەۋلادى ئۆزىنىڭ ئەنسىرەش ۋە قورقۇش ئىچىدە: ﴿ئۇلار: (يەنى پىرئەۋن بىلەن قوشۇنى) بىزگە چوقۇم يېتىشىۋالىدىغان بولدى﴾[1] دەيدۇ. بىراق، ئۇ ئىنتايىن يۈرەكلىك، ئىمانى كۈچلۈك هالدا ئاللاھنىڭ سالىھ بەندىسىگە ياردەم بېرىدىغانلىقىغا، ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، ناهايىتى ئوچۇق ۋە كەسكىنلىك بىلەن مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇنداق بولمايدۇ (يەنى هەرگىز يېتىشەلمەيدۇ) پەرۋەردىگارىم هەقىقەتەن مەن بىلەن بىللە، مېنى (قۇتۇلۇش يولىغا) باشلايدۇ﴾[2].

ئىسرائىل ئەۋلادى مىسىردا خارلىق، يوقسۇللۇق ۋە خاپىلىق ئىچىدە ياشايدىغان، هەر خىل زۇلۇم ۋە خورلۇقلارغا، ئېغىر باستۇرۇش ۋە تۈرلۈك زورلۇق - زومبۇلۇقلارغا ئۇچرىغان بىر قەۋم ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىدە ئاللاھنىڭ ياردىمىگە لايىق بولۇش ۋە زېمىندا خەلىپە بولۇش سالاهىيىتى هازىرلاش ئۈچۈن ئاللاھقا قايتىش، ئىمانىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈش ۋە ئاللاھ بىلەن ئۆزلىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشقا بۇيرۇلدى.

ئاللاھ تائالا بۇ هەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز مۇسا بىلەن ئۇنىڭ قېرىندىشىغا: قەۋمىڭلار ئۈچۈن مىسىردا ئۆيلەر ياساڭلار، ئۆيلىرىڭلارنى ناماز ئوقۇيدىغان جاي قىلىڭلار، ناماز ئوقۇڭلار، مۆئمىنلەرگە (دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقى بىلەن) خۇش خەۋەر بېرىڭلار، دەپ ۋەهيى قىلدۇق﴾[3].

مۇسا ئەلەيهىسسالامنىڭ ئىلاهىي بۇيرۇققا تەسلىم بولۇپ، بويسۇنۇشىدىنمۇ بۈيۈك ئىتائەت بولماس. ئۇ تۆۋەندىكى ئايەتتە ئەينى زاماندىكى ئەڭ چوڭ سەلتەنەت ساهىبى، ئىنتايىن

[1] «شۇئەرا»: 61 ـ ئايەت.
[2] «شۇئەرا»: 63 ـ ئايەت.
[3] «يۇنۇس»: 78 ـ ئايەت.

شەپقەتسىز، ئاداۋەتخور، زالىم، ئەڭ كۈچلۈك پادىشاھنىڭ يېنىغا بېرىپ دەۋەت قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ: ﴿*سەن پىرئەۋننىڭ قېشىغا بارغىن، ئۇ ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشتى*﴾[1]. ئۇ ئىلاھلىق دەۋاسى قىلىدىغان بىر زالىمنىڭ يېنىغا بېرىپ، قاھھار سۈپەتلىك يېگانە ئاللاھقا بويسۇنۇشقا دەۋەت قىلىدۇ ۋە دەۋەت، جىھاد، نەسىھەت ۋە يېتەكلەشنى تاكى ئاللاھ تائالا قەۋمى بىلەن ئۇزى ئارىسىدا ھۆكۈم چىقارغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئەڭ توغرا ھۆكۈم چىقارغۇچىدۇر.

مۇسا ئەلەيھىسسالامنى شۇ دەۋردىكى قىيىنچىلىقلارغا تاقابىل تۇرالايدىغان، شۇ چاغدىكى ئەڭ كۈچلۈك، مەدەنىيەتتە ئەڭ تەرەققىي قىلغان، زېمىنى ئەڭ كەڭ، ماددىي جەھەتتە ئەڭ باي، يەر شارىدىكى ئەڭ بۈيۈك ئىمپېراتورلۇقنى يېڭەلەيدىغان كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە قىلغان بىردىنبىر قورال «ئىمان»، «ئىتائەت» ۋە «ئاللاھقا دەۋەت قىلىش» بولغان ئىدى.

ناۋادا مۇسا ئەلەيھىسسالام باشقا سىياسىيونلارغا ئوخشاش ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ سىياسىي داھىيسى سۈپىتىدە ئىش كۆرگەن بولسا؛ قەۋمىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى ۋە ئىمكانىيەتلىرىنى كۆز ئالدىغا ئەكېلىپ، ھەممىنى رېئاللىق ۋە ئىلمىي پەلسەپە تارازىسىدا تارتقان بولسا؛ شاھ سارىيىدا چوڭ بولۇش سۈپىتى بىلەن پىرئەۋننىڭ لەشكەرلىرى، ماددىي كۈچ ـ قۇۋۋىتى، قورال ـ ياراغلىرى ۋە بايلىقلىرىنى ئۆز قەۋمىنىڭ كۈچىگە سېلىشتۇرۇپ ئولتۇرغان بولسا ئىدى، مەنتىقە بويىچە ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ زىيان تارتىدىغانلىقى ئېنىق تۇرۇپ پىرئەۋن بىلەن ئېلىشىشنى توغرا تاپمىغان بولاتتى. ناۋادا ئۇ مۇشۇ مەنتىقە بويىچە ھەرىكەت قىلغان بولسا ئىدى، قەۋمى بىلەن ئېرىشكەن نېسىۋىسىگە قانائەتلىنىپ، ئىمانسىز، شەپقەتسىز، ئادالەتسىز، ئەخلاقسىز، تەقۋاسىز، ئادىمىيلىكتىن يىراق ھۆكۈمرانغا ۋە شۇ ۋەزىيەتكە رازى بولۇپ ياشىسا بولاتتى.

بىراق، ئۇ ۋەھيى كۆرسەتكەن يولدا ماڭىدىغان، ئاللاھنىڭ

[1] «نازىئات»: 17 ـ ئايەت.

كۆچىگە ۋە ياردىمىگە شەكسىز ئېشىنىدىغان بىر پەيغەمبەر؛ دەۋەتچىلەرگە خاس تەپەككۇر قىلىدىغان بىر دەۋەتچى ئىدى. ئەنە شۇ تەپەككۇر ۋە ئەمەل يولى تارىخنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، ئەقىللەرنى لال قىلىدىغان ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى ياراتتى.

ئاۋادا بۈيۈك پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ باشقا سىياسىي رەھبەرلەرگە ئوخشاش تەپەككۇر قىلىپ، قۇرەيشلەرنىڭ نۆۋەتتىكى ئىمكانىيەت ۋە ماددىي كۈچىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن بولسا؛ جاھاننىڭ ئەڭ گۈللەنگەن ۋە ئاۋات يەرلىرىنى ئۆلىشىۋالغان رۇم ۋە پارس ئىمپېراتورلۇقىغا ۋە ئۇلارنىڭ كۈچىگە قاراپ ئولتۇرغان بولسا ئىدى (ھالبۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ كۈچلىرىنى بىلمەيدۇ ئەمەس، ناھايىتى ياخشى بىلەتتى، چۈنكى ئۇ ئالدىنى كۆرەر، دانا زات ئىدى)، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئىسلام دەۋىتىنى جاكارلاپ، دۇنيانىڭ غوجىسى بولغان غەرب ۋە شەرقتىكى ئىككى چوڭ ئىمپېرىيەنىڭ ئىمپېراتورلىرىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىپ مەكتۇپ يوللىمىغان، ئەسىرلەر مابەينىدە داۋاملىشىپ كەلگەن قاتمال ۋەزىيەتمۇ داۋاملىشىۋەرگەن بولاتتى. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلغان بولسا ئىدى، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان ئازغىنا بىر ئوچۇم كىشىلەر قاچان مەزكۇر ئىككى ئىمپېرىيەگە ئوخشاش كۈچىيىپ، ئۇلارنى يېڭىپ چۈشىدىغان ھەتتا ئۇلارنى يېگەلەيدىغان كۈچكە ئىگە بولار ئىدى؟ قاچانغىچە ساقلاپ تۇرار ئىدى؟ ئاۋادا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باشقىلاردەك تەپەككۇر قىلىپ، شۇلارنىڭ يولىدا ماڭغان بولسا، پۈتۈن دۇنيانىڭ ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولۇپ كېتەر ئىدى؟

ئەگەر شۇنداق قىلغان بولسا ئىدى، پۈتۈن ئىنسانىيەت بەختسىزلىكنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان، قارا قىسمەت تېگى ئاتمىغان ياكى تولىمۇ كېچىكىپ كەتكەن بولاتتى. ئىنسانىيەت تارىخىمۇ پۈتۈنلەي باشقىچە بىر تارىخ بولاتتى.

بىراق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىمگە بۇيرۇلسا، شۇنى ئەينەن بەجا كەلتۈرىدىغان، يوليورۇق ۋە كۆرسەتمىلەرنى ئاسماندىن تاپشۇرۇپ ئېلىپ، ئەينەن ئىجرا قىلىدىغان پەيغەمبەر ئىدى. ئۇ ئاللاھنىڭ كۈچىگە ۋە ياردىمىگە، ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن ئاجىزلار كۈچىيىپ، كۈچلۈكلەرنىڭ خار بولىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىدىغان مۆئمىن ئىدى. ئۇ زات ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزلىرىگە شەكسىز ئىشىنەتتى: ﴿*ئەگەر ئاللاھ سىلەرگە ياردەم بەرسە، سىلەرنى ھېچ كىشى يېڭەلمەيدۇ. ئەگەر ئاللاھ سىلەرگە ياردىمىنى تەرك ئەتسە، ئاللاھتىن باشقا سىلەرگە كىم ياردەم بېرەلەيدۇ؟ مۆئمىنلەر يالغۇز ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلسۇن! (يەنى ھەممە ئىشنى ئاللاھقا تاپشۇرسۇن)*﴾[1]؛ ﴿*ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائە كۆپ جامائە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. ئاللاھ بەرداشلىق بەرگۈچىلەر بىلەن بىللىدۇر*﴾[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا ياردەم بەرگەن، شەرىئىتىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ئاتلانغان كىشىگە ئاللاھ تائالانىڭ چوقۇم ياردەم قىلىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿*ئى مۆئمىنلەر! سىلەر ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار، ئاللاھ سىلەرگە (دۈشمەنلىرىڭلارغا قارشى) ياردەم بېرىدۇ، قەدەملىرىڭلارنى (ئۇرۇش مەيدانلىرىدا) بەرقارار قىلىدۇ*﴾[3]؛ ﴿*بىزنىڭ پەيغەمبەر بەندىلىرىمىز ھەققىدىكى سۆزلىرىمىز ئالدىنئالا ئېيتىلغان. ئۇلار چوقۇم نۇسرەت تاپقۇچىلاردۇر. بىزنىڭ قوشۇنىمىز چوقۇم غەلىبە قىلغۇچىلاردۇر*﴾[4].

ئۇ زات يەنە ئۆزلىرىدە ھەقىقىي ئىماننى مۇجەسسەملىگەن كىشىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ غەلىبە ـ نۇسرەت، ئۈستۈنلۈك ۋە ئۇلۇغلۇق ئاتا قىلىدىغانلىقىغا تامامەن ئىشىنەتتى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿*(جىھادتىن) بوشىشىپ قالماڭلار،*

---

[1] «ئال ئىمران»: 160 ـ ئايەت.
[2] «بەقەرە»: 149 ـ ئايەت.
[3] «مۇھەممەد»: 7 ـ ئايەت.
[4] «سافقات»: 171—173 ـ ئايەتلەر.

***شىپىت بولغانلار ئۇچۇن قايغۇرماڭلار. ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار، ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر***»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەر ئېرىشكەن غەلىبە ـ نۇسرەت، پەتىھ، ئۈستۈنلۈك، ئۇلۇغلۇق ۋە ھۆكۈمرانلىقلارنىڭ ھېچبىرى ھاۋايى ـ ھەۋەس، نەپسى خاھىش، ئىززەت ـ ئابرۇي، شەخسىي ياكى مىللىي شان ـ شەرەپ قوغلىشىش، نەسەب ۋە يۇرتۋازلىق، ئىرقچىلىق ۋە مىللەتچىلىكنى ئاساس قىلغان ئەمەس. ۋاھالەنكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەڭ شەرەپلىك مىللەتتىن، ئەڭ ئېسىل نەسەبتىن ۋە ئەڭ مۇقەددەس شەھەردىن بولسىمۇ، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىشلاردىن ھېچبىرىنى پەش قىلىپ باقمىغان ھەتتا ئۇ ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىنى زەپەر قازىنىشقا كوزىرمۇ قىلمىغان. بەلكى، ئۇ تىلى، ئىرقى، ۋەتىنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق پۈتكۈل ئىنسانلار موھتاج بولىدىغان ئاللاھىدە بىر دىنىي دەۋەت ۋە ھايات يولى ئېلىپ كەلگەن. بۇنىڭ نەتىجىسىدە پارچە مىللەت ۋە قەبىلىلەر ئىرقچىلىق ۋە مىللەتچىلىك قىلماي، ئۇنىڭغا بويسۇنغان. چۈنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىرقچىلىق ياكى جاھىلىيەت تەشۋىقاتچىسى بولماستىن، ئالەمشۇمۇل بىر دىن، بىر ئەقىدە، شەرەپلىك بىر ھايات يولىنىڭ دەۋەتچىسى ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ سانى ئاز، كۈچسىز، يوقسۇل بولۇشىغا قارىماي، يەنە غەلىبە ئاتا قىلدى. ئاللاھ تائالا قىيامەتكىچە بۇ دىنىي دەۋەت ۋە شەرەپلىك ھايات يولىغا ئاتلانغان ھەربىر كىشىگە ئەنە شۇنداق ياردەم بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا شۇنداق كىشىلەرگە ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىپ مۇنداق دېگەن: «***ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ قوشۇنىدۇر، بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ قوشۇنى مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر***»[2].

مەن ھېچقانداق سەۋەب قىلماي يېتۈپلىشقا ۋە قارىغۇلارچە تەۋەككۇلچىلىككە چاقىرىدىغان، خىيالىي دۇنيادا ياشايدىغان،

[1] «ئال ئىمران»: 139 ـ ئايەت.

[2] «مۇجادەلە»: 33 ـ ئايەت.

تەييارلىق قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئىنكار قىلىدىغان، ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى ۋە جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار﴾[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ باقمىغان بىرى ئەمەس.

مەن ئىلگىرى «مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشى بىلەن دۇنيا نېمىلەرنى يوقاتتى؟» ناملىق كىتابىمدا ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەربىي كۈچ ۋە سانائەتكە سەل قارىغانلىقىنى، بۇ جەھەتتە ياۋروپادىن خېلىلا ئارقىدا قالغانلىقىنى قاتتىق تەنقىد قىلغان ئىدىم. مەزكۇر كىتابىمدا يەنە بۇ ئەھۋالنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ بەختسىزلىككە دۇچار بولۇشىنىڭ، دۇنيانىڭ ھىدايەتتىن ئازغۇنلۇققا، گۈللىنىش ۋە تەرەققىياتتىن ۋەيران بولۇشقا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن ئىدىم.

ئەمما، بۇ يەردە كېيىنكى ئەسىرلەردە ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئېڭىنى كونترول قىلىۋالغان؛ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنى ھېچقانداق ئىلاھىي ۋەزىپىنى تونۇمايدىغان، باشقىلارنى چاقىرىدىغان بىرەر شەرەپلىك دەۋەتنى ئۈستىمۇ بولمىغان ئىنسانلار بىلەن ئوخشاش كۆرىدىغان؛ مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچىنى يەنى ئۇلاردىكى «ئىمان»، «ئىتائەت» ۋە «ئاللاھقا دەۋەت قىلىش»تىن ئىبارەت ئەڭ بۈيۈك كۈچنى كۆرمەسكە سېلىپ ياكى پۈتۈنلەي نەزەردىن ساقىت قىلىپ، ھەممىنى ماددىي كۈچ - قۇۋۋەت، بايلىق ۋە مال - دۇنيا بىلەنلا ئۆلچەيدىغان چۈشەنچىگە قارشى تۇرماقچىمەن.

ھەي خەلقىم! توغرا، بىز ئاجىز ھەم نامرات، بىرقانچە ئەسىر مابەينىدە ئىلىم - پەن، ئىقتىساد ۋە سىياسەتتە ياۋروپا ئەللىرىدىن بەكمۇ ئارقىدا قالدۇق. شۇڭا، بۇ مەسىلىگە باشلىقلار ۋە رەھبەرلەر ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم.

شۇنداقتىمۇ، بىز يەنىلا دۇنيادىكى ئەڭ بۈيۈك كۈچكە ئىگە.

[1] «ئەنفال»: 60 - ئايەت.

چۈنكى، پۈتۈن ئىنسانلار موھتاج بولغان «دىن» بىزنىڭ قولىمىزدا. پۈتۈن دۇنيانى كۆتۈۋاتقان ياكى يېقىنلىشىۋاتقان يامان ئاقىۋەتتىن قۇتقۇزغۇچى بىردىنبىر «دەۋەت» بىزدە. ئىنسانلارنىڭ كۆڭۈللىرىگە ئامانەت ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بېغىشلىيالايدىغان، ئىنسانىيەتكە خىزمەت قىلىشقا، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا تۈرتكە بولالايدىغان «ئىمان» يەنىلا بىزدە. ھالبۇكى، پۈتۈن دۇنياغا رەھبەرلىك قىلىمىز دەۋاتقان مىللەتلەرنىڭ ئىنسانىيەتكە خىزمەت قىلىش ۋە نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىش شارائىت ۋە ئىمكانىيەتلىرى بولسىمۇ، ئۇ ئىشلارنى ئۆزلىرى قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، باشقىلارنىڭ قىلىشىنىمۇ چەكلىمەكتە. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ قولىدىكى ئىمكانىيەتلەر زايە بولۇپلا قالماي، ئىنسانىيەت ۋە مەدەنىيەتنى يوقىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىنماقتا.

ياۋروپانىڭ بۇ «ئىمان»نى بىزدىن قوبۇل قىلىشقا بولغان ئېھتىياجى بىزنىڭ ئۇلاردىن پەن - تېخنىكا ئىلىملىرىنى ئېلىشقا بولغان ئېھتىياجىمىزدىن قاتمۇقات ئارتۇق. چۈنكى، «ئىمان» ھەر نەرسىنىڭ ئاساسى، يۈنىلىش بەلگىلىگۈچى نىزامدۇر. 20 - ئەسىردىكى ئىنسانلار جەمئىيىتى دۇچ كېلىۋاتقان پۈتۈن كرىزىس ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدىغان «شەرىئەت» بىزدە بار. پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن رەھمەت قىلىنىپ ئەۋەتىلگەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىز مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبىرىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿***ئاللاھ شۇ كىتاب (يەنى قۇرئان) ئارقىلىق رازىلىقىنى تىلىگەنلەرنى تىنچلىق يوللىرى (يەنى ئاللاھنىڭ شەرىئىتى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى) غا يېتەكلەيدۇ، ئىرادىسى بويىچە ئۇلارنى (كۇفرى) قاراڭغۇلۇقلىرىدىن (ئىماننىڭ) نۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىدۇ***﴾[1].

ئەمدى ھوشىمىزنى تاپايلى! ئازغۇنلۇق ئىچىدە تېڭىرقاۋاتقان ياۋروپانى ئىخلاس، سەمىمىيەت، كۆيۈنۈش، كۈچلۈك ئىشەنچ ۋە ئىمان بىلەن ئىسلامغا دەۋەت قىلايلى! بىز ئۆزىمىزگە بەجايىكى

[1] «مائىدە»: 16 - ئايەت.

بىر دەۋەتچى، قۇتقۇزغۇچى، بىشارەت بەرگۈچى، خەۋپ - خەتەردىن ئاگاھلاندۇرغۇچى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلايلى! بۇ بۈيۈك كۈچنى ئۆزىمىزنىڭ ۋە دۇنيانىڭ ئاقىۋىتىنى ئۆزگەرتىشكە سەرپ قىلايلى! بىز كارۋاننىڭ ئارقىسىدا، ئوقۇغۇچى ۋە خىزمەتكارلار سېپىدە بەك ئۇزۇن ياشاپ كەتتۇق. ئەمدى مۇشۇ كۈچكە تايىنىپ خەلقئارا سەپتە، ئىنسانىيەت كارۋىنى ئىچىدە يېتەكچىلىك ئورنىمىزنى قولىمىزغا ئالايلى! قوبۇل قىلغانلار ئىززەت ۋە شەرەپكە ئېرىشىدىغان، رەت قىلغانلار خار ۋە ھالاك بولىدىغان، ئاللاھ تائالا ئۆزىنى ئاتىغانلارغا بۈيۈك غەلىبە ۋە نۇسرەت ۋەدە قىلغان بۇ مۇقەددەس ھەم مۇزەپپەر دەۋەتكە ئاتلىنايلى!

ئاسىيا ۋە ئافرىقا قىتئەلىرىدە تاشلىنىپ، كۆمۈلۈپ قالغان رايونلاردىكى بايلىق، پەن - تېخنىكا، بىپايان شەھەر، ساغلام ئەقىل ۋە كۈچلۈك بىلەككە ئىگە، ئەمما دىن، يۈكسەك غايە ۋە توغرا پرىنسىپنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان، دەۋەتنى قوبۇل قىلىشقا تەييار خەلقلەرنى دىنغا دەۋەت قىلايلى! ناۋادا ئۇلار دەۋەتنى قوبۇل قىلىپ، دىننى ياخشى چۈشەنسە ۋە دەۋەتكە چىن قەلبىدىن ئىخلاس قىلسا، بۇرۇنقى زامانلاردا پارس، تۈرك، كورد ۋە موڭغۇللارنىڭ ئىسلامغا مۇشەررەپ بولۇشى بىلەن تارىخنىڭ يۆنىلىشى قانداق ئۆزگەرگەن بولسا، يەنە شۇنداق ئۆزگىرىدۇ.

شۇنى ئۇنتۇمايلىكى، بىز ئىنقىلابقا يەنى پىكىر ۋە مېتود ئىنقىلابىغا موھتاج!

## باج يىغىش ۋە ھىدايەت

ئادەتتە دۆلەت ۋە ھۆكۈمەتلەر ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرىنىڭ شوئارى باج يىغىش، يەنە بىرىنىڭ شوئارى ھىدايەتكە يېتەكلەش. ھەربىرىنىڭ ئۆزىگە خاس تەبىئىتى، خاراكتېرى، ئىقتىدارلىق قوللىغۇچىلىرى ۋە پەرقلىق نەتىجىلىرى بار.

يۇقىرىلىرىدىن باج يىغىشنى نىشان قىلغان دۆلەتلەردە شەيئىلەرنىڭ ئۆلچىمى ۋە قانۇن - تۈزۈملەرنىڭ يادروسى ئېغىر باج ۋە ئالۋان - سېلىقلار ئارقىلىق كەمبەغەللەرنىڭ قان - تەرىنى شوراش، دېھقانلار ۋە ئىشچىلارنى زار - زار قاقشىتىش بەدىلىگە بولسىمۇ، دۆلەتنىڭ خامچوت زاپىسىنى كۆپەيتىش، كىرىمنى ئاشۇرۇش، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى پاراۋان تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش ۋە ماددىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشتۇر.

بۇنداق ھۆكۈمەتلەر بايلىق توپلاپ، كىرىمنى ئاشۇرۇش؛ دۆلەتنىڭ شان - شەرىپى، كۈچ - قۇدرىتى ۋە ئابرۇيىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش؛ مىنىستىرلار، ۋەزىرلەر ۋە ئۆلارنىڭ بالىچاقىلىرى، نەۋرە - چەۋرىلىرى، يېقىن - يورۇقلىرى، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، خىزمەتچىلىرى ۋە ئۆلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى راھەت - پاراغەتكە ئېرىشتۈرۈش؛ ھەشەمەتلىك داچا، سارايلارنى سېلىش؛ دۆلەت ئىچىدە ۋە سىرتىدا ئۆي - ئىمارەتلەرنى سېتىۋېلىش قاتارلىقلاردىن باشقىغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ.

بۇنداق ھۆكۈمەتلەر يۇقىرىلىرىنىڭ دىنىي ۋە ئەخلاقىي تەربىيەسىگە سەل قارايدۇ؛ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشقا ۋە ئەخلاقىي نازارەتكە قەتئىي كۆڭۈل بۆلمەيدۇ؛ ئۆزىگە

مۇناسىۋەتسىز، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن پايدىسىز ھەرقانداق نەرسىنى كۆرمەسكە سالىدۇ؛ پايدا ئالالايدىغانلىقىغا ئىشەنسە، مۇنكەر ياكى ھارام ئىشلارغىمۇ يول قويىدۇ؛ سىياسىي جەھەتتىن خەتەر ياكى ئىقتىسادىي جەھەتتىن زىيان كېلىشىدىن قورقسا، يوللۇق ئىشلارنىمۇ چەكلەيدۇ؛ ئاچ كۆزلۈك ۋە مال - دۇنياغا بولغان زىيادە ھېرىسمەنلىك ئۇلارنى قۇترىتىدۇ؛ رەزىل پىلانلىرىنى چىرايلىق كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ھەتتا، ئۇلار ئىبادەتلەرگىمۇ، ئۆلۈمگىمۇ، ھاياتلىقىغىمۇ باج قويىدۇ. بۇنداق ھۆكۈمەتلەر ئامىمىنىڭ مەنپەئىتى ۋە راھەت - پاراغىتى ئۈچۈن كىرىپىك قاقمايدىغان، مىللەتنى تەربىيەلەيدىغان ۋە قوغدايدىغان ھۆكۈمەتتىن بايلىق توپلاش، پايدا ئېلىشتىن باشقىنى ئويلىمايدىغان چوڭ بىر شىركەتكە ئايلىنىدۇ.

ئەمما، ھىدايەتكە يېتەكلەشنى شوئار قىلغان دۆلەتلەرگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ بىردىنبىر نىشانى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش، ئاۋام - پۇقرانى ئاللاھ يولىغا دەۋەت قىلىش، ئاۋام - پۇقرانىڭ ئەخلاقىنىڭ ياخشىلىنىشى، روھىنىڭ يۈكسىلىشى، ئېسىل ئەخلاققا ئىگە بولۇشى، ئاخىرەتكە يۈزلىنىشى، دۇنياغا زىيادە بېرىلىپ كەتمەي، تۇرمۇشتا قانائەتچان بولۇشى، ھارام ئىشلاردىن يىراق تۇرۇپ، ياخشى ئىشلاردا بەسلىشىشى بولغاچقا، دۆلەتنىڭ خامچوتى كېمىيىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، مەزكۇر ئىشلارنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن ۋەزخانلارنى تەيىنلەيدۇ؛ ئەتراپقا دەۋەتچىلەرنى ئەۋەتىپ، ئەمرىمەرۇف - نەھيىمۇنكەر پائالىيەتلىرىنى جانلاندۇرىدۇ؛ ھاراق، پىسقى - فۇجۇر، ناشايان قىلمىش، ئويۇن - تاماشا ۋە ناخشا - مۇزىكىلارنى چەكلەيدۇ؛ ھاياسىز، نومۇسسىزلارنى قوغلاپ تۇتىدۇ؛ ئىنسانلارنىڭ ئەقىدە ۋە ئەخلاقىنى بۇزىدىغان، ئائىلە ھاياتىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ؛ بۇنداق دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا مەسجىدلەر ئاۋاتلىشىپ، مەيخانىلار چۆلدەرەپ قالىدۇ؛ دىندارلىق ۋە تەقۋادارلىق گۈللىنىپ، گۇناھ - مەسىيەتلەر يوقىلىدۇ؛ دىندار ياخشى ئادەملەر جانلىنىپ،

دىنغا بولغان قىزغىنلىقى تېخىمۇ ئاشىدۇ؛ پاسىقلار ۋە دىنسىزلار قاچىدىغانغا تۆشۈك تاپالماي قالىدۇ؛ نەتىجىدە، ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزى ئەمەلگە ئاشىدۇ: ﴿*ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغانلار) شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر (يەنى ھەممە ئىشلار ئاخىرەتتە ئاللاھقا قايتىدۇ)*﴾[1].

يۇقىرالرىنى ھىدايەتكە يېتەكلەشنى نىشان قىلغان دۆلەتنىڭ سىستېمىسى باج يىغىشنى نىشان قىلغان دۆلەتلەرنىڭكىگە تامامەن ئوخشىمايدىغان بولۇپ، بۇ ئىككى سىستېما روھىيەت، خاھىش، ئەدەپ ـ ئەخلاق، مۇئامىلە ۋە ئىش ـ ھەرىكەت جەھەتلەردە تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. ھىدايەت دۆلىتىدە ئاۋانگارتلىق، ساۋاب ئىزدەش، خىزمەتكە كۆڭۈل بۆلۈش، باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆز مەنپەئىتىدىن ئەلا بىلىش، ئامانەتچانلىق، پىداكارلىق ۋە ۋاپادارلىق روھىنى روشەن كۆرەلەيمىز. باج دۆلىتىدە بولسا قانۇن ۋە ئۇنىڭ ئىجراچىلىرى بىلەن قارشىلىشىش، قانۇندىن يوچۇق تېپىش، قېچىشقا ئۇرۇنۇش، تەكەببۇرلۇق، چوڭچىلىق، شەخسىيەتچىلىك، خىيانەتچىلىك، مۇناپىقلىق، يالغانچىلىق، پارىخورلۇق قاتارلىق قىلمىشلار ئەۋج ئالغان بولۇپ، پارىخورلۇق كەبىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ پاناھ تىلىگۈدەك دەرىجىگە يەتكەنلىكتىن، ئىنسانلار ئۇنىڭغا ـ بۇنىڭغا پارا بەرمەستىن ئادالەتكە، خاتىرجەملىككە ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ نورمال ھەقلىرىگىمۇ ئېرىشەلمەيدىغان ھالغا كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. بۇنداق دۆلەتلەردە ئىش بېجىرىش ئىنتايىن قىيىن. تېخىمۇ يامان بولغىنى، بۇنداق ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن ھېچبىرى ئۆزىنى خەلقنىڭ چاكىرى ۋە جاۋابكارى دەپ قارىمايدۇ، بەلكى ھۆكۈمەت بەرگەن ھوقۇقنى ئۆزى ۋە ئائىلىسى ئۈچۈن مال ـ دۇنيا توپلاش پۇرسىتى بىلىپ، بۇنداق ئالتۇن پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشنى،

---

[1] «ھەج»: 41 ـ ئايەت.

چۈنتەكچىلەر كارۋىنىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى قەتئىي خالىمايدۇ، ھەتتا بۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سالىدۇ.

تارىختا بۇ ئىككى تۈرلۈك ھۆكۈمەتنىڭ مىساللىرى ناھايىتى كۆپ. باج يىغىشنى نىشان قىلغان ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئالاھىدە چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى، ئۇنداق ھۆكۈمەتلەر ئۆتمۈشتىمۇ، ھازىرمۇ، شەرقتىمۇ، غەربتىمۇ خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئىنسانلار ئۇلارنى ھەر دەۋردە بىلىپ، تونۇپ كەلمەكتە. ئەمما، ھىدايەتكە يېتەكلەشنى نىشان قىلغان ھۆكۈمەتلەر بەك ئاز. شۇڭا، ئۇنىڭغا بىرقانچە مىسال ئېلىپ ئۆتەيلى:

مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەيغەمبەر بولۇپ، ئىنسانلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. ئارقىدىن ئۇنىڭ ئەتراپىغا مۇنۇ ئايەتتە سۈپەتلەنگەندەك يىگىتلەر ئۇيۇشتى: ﴿*ئۇلار ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتقان، بىز ھىدايەتنى زىيادە قىلغان يىگىتلەردۇر. ئۇلارنىڭ دىللىرىنى (يەنى ئىرادىسىنى) مۇستەھكەم قىلدۇق، ئۇز ۋاقتىدا ئۇلار (ئىمانسىز زالىم پادىشاھ ئالدىدا) دەس تۇرۇپ ئېيتتى: بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، بىز ئۇنى قويۇپ ھەرگىزمۇ باشقا ئىلاھقا چوقۇنمايمىز. ئەگەر بىز (ئاللاھنىڭ شېرىكى بار) دەيدىغان بولساق، بۇ چاغدا ھەقىقەتتىن تولىمۇ يىراقلاشقان بولىمىز. بىزنىڭ قەۋمىمىز ئاللاھنى قويۇپ (بۇتلارنى) ئىلاھ قىلىۋالدى، ئۇلار ئۇزلىرىنىڭ (ئاشۇ) ئىلاھلارغا چوقۇنۇشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىگە نېمىشقا ئېنىق دەلىل كەلتۈرمەيدۇ، ئاللاھقا يالغاننى چاپلىغان ئادەمدىنمۇ زالىم كىم بار؟*﴾[1].

ھەر تۈرلۈك قاتتىق قوللۇق، ناھەقچىلىك، خورلۇق، ئېغىر سىناق ۋە قىيىن - قىستاقلارنىڭ تىغ ئۇچى ئاشۇ ياشلارغىلا قارىتىلدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇلارغا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: ﴿*ئىنسانلار «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېتىلىمىز، دەپ ئويلامدۇ؟ ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى بىز ھەقىقەتەن سىنىدۇق، ئاللاھ (ئىمانىدا) راستچىللارنى چوقۇم بىلىدۇ، (ئىمانىدا)*

[1] «كەھف»: 13-15 - ئايەتلەر.

*يالغانچىلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ*»[1]. ئۇلار باشلىرىغا كەلگەن قىيىنچىلىقلار ئالدىدا گويا تاغلارغا ئوخشاش تەۋرەنمەي مۇستەھكەم تۇرۇپ مۇنداق دېيىشتى: «*بۇ (يەنى قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش) ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە ۋەدە قىلغان ئىشتۇر. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى راست ئېيتتى*»[2].

نىھايەت، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ھىجرەت قىلىشقا رۇخسەت بەردى. دەۋەت ئۆز يولىدا داۋاملىشىپ مېۋە بەردى. جانابى ئاللاھ بۇ دەۋەتنىڭ ئىگىلىرىنى زېمىندا ھۆكۈمران بولۇپ، ئادالەت بەرپا قىلىشقا، ئىنسانلارنى زۇلمەتتىن نۇرغا، بەندىلەرگە قۇل بولۇشتىن ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىشقا، دۇنيانىڭ تارچىلىقىدىن كەڭچىلىككە چىقىرىشقا مۇۋەپپەق قىلدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەتنى قولىغا ئېلىپ، يېتەكچىلىك ئورنىغا چىققان ۋاقتىدا: «*نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ*»[3] دېگەن ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ئىشلارنى بەجا كەلتۈرىدىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئەزەلدىن بىلەتتى.

خۇددى يامغۇر مولچىلىق ئېلىپ كەلگەندەك، مېۋىلىك دەرەخ مېۋە بەرگەندەك، بۇ دەۋەتمۇ بىر ھاكىمىيەت ئېلىپ كەلدى. ئۇ ھاكىمىيەت ئىسلام دەۋىتىنىڭ مېۋىلىرىدىن بىرى ئىدى. بۇ بۈيۈك ئىززەت ۋە كۈچ ـ قۇدرەت مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرەيش ۋە باشقا مۇشرىكلاردىن تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنىڭ، مەككە ۋە ئۇنىڭ سىرتىدا يولۇققان خورلۇقلىرىنىڭ مۇكاپاتى ۋە نەتىجىسى ئىدى.

بۇ ھاكىمىيەت مۇسۇلمانلارغا شانۇشەۋكەت، ئادەم ۋە مال ـ دۇنيا، كان ۋە خەزىنە، باج ۋە خەراج، نازۇنېمەت ۋە باشقا نۇرغۇن پاراۋانلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. ناۋادا ئۇلار پادىشاھلاردەك پۇقرالارغا ھەر تۈرلۈك ئېغىر باج ۋە ئالۋان ـ سېلىقلارنى قويۇش يولىنى تاللىغان بولسا، مال ـ دۇنيا توپلاش، ھۆكۈمران بولۇش

---

[1] «ئەنكەبۇت»: 2—3 ـ ئايەتلەر.

[2] «ئەھزاب»: 22 ـ ئايەت.

[3] «ھەج»: 41 ـ ئايەت.

ۋە باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن يول ئۇچۇق، مەيدان كەڭرى ئىدى.

مۇسۇلمانلار يېڭى قۇرۇلغان دۆلىتىنىڭ باج يىغىش ۋە ھىدايەتكە يېتەكلەشتىن ئىبارەت يول ئاچىلىغا كىلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇلار دەل شۇ چاغدا: «مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باج يىغىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ھىدايەت ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن. سىلەر ئۇنىڭ ئىزباسارلىرى» دېگەن نىدانى ئاڭلاپ، قىلچە ئىككىلەنمەيلا ھىدايەتكە يېتەكلەشنى باج يىغىشتىن ئەلا بىلدى، دەۋەت ۋە ھىدايەتنى ھاكىمىيەتنىڭ شوئارى ۋە پىرىنسىپى قىلدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئىشلار شۇنداق بولدى.

ئۇلار تاپاۋەت يولىنى تاللاپ، كىشىلەرنىڭ پۇل ـ مېلىغا قول ئۇزاتسا، راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىپ، ھۇزۇر ـ ھالاۋەتنىڭ پەيزىنى سۈرسە، بۇنى ھېچكىم توسۇپ قالالمايدىغانلىقىنى؛ شۇنداق قىلسا، ئۆزلىرىدىن بۇرۇن ئىمان ئېيتىپ، تىككەن كۆچىتىنىڭ مېۋىسىنى يېمەي تۇرۇپ دۇنيادىن ئايرىلغان، پۈتۈن ئۆمرى جىھاد بىلەن ئۆتكەن، ھېرىپ ـ چارچاش ۋە ئاچلىقتىن باشقىنى كۆرۈپ باقمىغان قېرىنداشلىرىغا خىيانەت قىلغانلىق بولىدىغانلىقىنى؛ ئۆزلىرىنىڭ بۇ دۆلەتكە ئاشۇ قېرىنداشلىرىنىڭ قان ـ تەرى ۋە پىداكارلىقى نەتىجىسىدە ئېرىشكەنلىكىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى.

ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەتنى ئۆزلىرى ۋە ئەۋلادلىرىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتى ئۈچۈن؛ ھاۋايى ھەۋەسلىرىنى قاندۇرۇش، نازۇنېمەتنىڭ پەيزىنى سۈرۈش، ئىسراپخورلۇق بىلەن يەپ ـ ئىچىش ئۈچۈنلا سۇيىئىستېمال قىلىشى راۋا بولارمۇ؟ ناۋادا ئۇلار شۇنداق قىلسا، ئوسمان ئىبنى مەزئۇن، ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب، مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير، ئەنەس ئىبنى نەزر، سەئد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىقلارغا؛ غەنىيمەت ۋە پەتھى كۆرۈپ باقمىغان، كۈنلەپ ـ ھەپتىلەپ قورساقلىرى تويۇپ باقمىغان قېرىنداشلىرىغا خىيانەت قىلغان بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار قېرىنداشلىرىغا

ئەگىششىنى تاللىدى، كەڭتاشا يەپ ـ ئىچىپ يۈرمىدى، دۇنيادىن زۆرۈر بولغاندىن باشقا ھېچ نەرسە ئالمىدى.

ئىسلام دۆلىتى قۇرۇلۇپ، پارس، رۇم ۋە شام شەھەرلىرى پەتىھ قىلىندى. پارس پادىشاھى كىسرا ۋە رۇم پادىشاھى قەيسەرنىڭ خەزىنىلىرى ئىسلام دۆلىتىنىڭ پايتەختى مەدىنىگە مۇنەۋۋەرگە ئېلىپ كېلىندى. بۇ بۈيۈك ئىككى دۆلەتنىڭ بايلىقلىرى مەدىنىگە ئېقىشقا باشلىدى. ھەتتا، مەدىنەلىكلەر ئويلاپمۇ باقمىغان مال ـ دۇنيا، پار ـ پۇر بۇيۇملار، قىممەتلىك جاۋاھىراتلار سەلدەك ئېقىشقا باشلىدى. تېخى تۈنۈگۈنلا جاپا ـ مۇشەققەت، خاپىلىق ۋە ئاچلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان، ئىسسىق ـ سوغۇقتىن ساقلىنغۇدەك كىيىممۇ تاپالمىغان ئادەملەر مۇسۇلمان بولغىنىغا ئوتتۇز يىل ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا، قەيسەر ۋە كىسرانىڭ مال ـ دۇنياسىغا ئىگە بولۇۋاتاتتى. ئۇلاردىن ھەرقانداق بىرى كىسرانىڭ تاجىنى كىيىپ، قەيسەرنىڭ كۆرپىسىدە ئۇخلىماقچى بولسىمۇ، ئەلۋەتتە خالىغىنىنى قىلالايتتى.

ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ ئىشلار مۇسۇلمانلارغا مۇستەھكەم تاغلارمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان، كىشى ھەيرانۇھەس قالىدىغان، كۆزلەر چاقناپ كېتىدىغان بۈيۈك سىناق ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نامراتلىق ياكى بايلىق دوقمۇشىدىلا ئەمەس، بەلكى دەۋەت، رەھبەرلىك ۋە پىرىنسىپلاردىن يۈتۈنلەي ۋاز كېچىپ، يەنە بىر قېتىم ئۇ ئىشلارغا قايتماسلىق نىيىتىدە قوللىرىنى قېقىۋېتىش ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مىراس قالغان دەۋەت روھىنى؛ پەيغەمبەرلەر، خەلىپىلەر ۋە ئىخلاسمەن دەۋەتچىلەرنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرۇشتىن بىرىنى تاللاشقا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى ناھايىتى تېزلا چۈشىنىپ يەتتى.

ئۇلار پارس ۋە رۇم ئىمپېرىيەسىنىڭ خارابىلىكى ئۈستىگە بۈيۈك ئەرەب دۆلىتىنى قۇرۇپ، پارس، رۇم پادىشاھلىرى ۋە ئەمىرلىرىدەك راھەت ـ پاراغەت سۈرەي دېسە، ئەلۋەتتە سۈرەلەيتتى. چۈنكى، ئۇلار پارس ۋە رۇم ئىمپېرىيەسىنى بويسۇندۇرۇپ، ئىككى دۆلەتنىڭ

بايلىقلىرىنى قولىغا ئالغان ئىدى. كىسرا پەقەت پارسنىڭ بايلىقى بىلەنلا دەۋر سۈرگەن، ھىرەقل رۇمنىڭ بايلىقى بىلەنلا كۆرەڭلىگەن بولسا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىككى ئىمپېرىيەنىڭ بايلىقى بىلەن سەلتەنەت سۈرۈشكە، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىر ئىدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئۇچۇن بۇ ئىشلار تولىمۇ قولاي ئىدى. بىراق، قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿*ئەنە شۇ ئاخىرەت يۇرتىنى يەر يۈزىدە چوڭچىلىق قىلىشنى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى كۆزلىمەيدىغانلارغا خاس قىلدۇق، (ياخشى) ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر*﴾[1] دېگەن ئايەت ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاپات بولۇش ئالدىدا: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرنىڭ پېقىر بولۇپ قېلىشىڭلاردىن قورقمايمەن. بەلكى سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە دۇنيانىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىپ، ئۇلار رىقابەتلىشىپ ھالاك بولغىنىغا ئوخشاش، سىلەرگىمۇ دۇنيانىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىپ، ئۇلارغا بەسلىشىپ ھالاك بولۇشۇڭلاردىن قورقىمەن»[2] دېگەن سۆزى ئۇلارنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاپ تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار ھەممىسى بىردەك: «ئى ئاللاھ! ئاخىرەت ھاياتىدىن باشقا ھايات يوق، ئەنسار ۋە مۇھاجىرلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلغىن!»[3] دەپ تۈۋلاشتى.

ئۇلار شۇنداق قىلىپ ئىسلام دەۋىتىنىڭ روھىنى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇردى؛ ھاكىمىيەت بېشىدا دەۋەتچىدەك، دۇنيادا ئاخىرەت ئادىمىدەك ياشىدى؛ ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكى مەدەنىيەتلەرنى، ھۆكۈمەتلەرنى ۋە مىللەتلەرنى پىرىنسىپلىرى، ئەخلاقى ۋە ئىلىم - ھېكمەتلىرى بىلەن قوشۇپ ئېقىتىپ كەتكەن شىددەتلىك كەلكۈن ئالدىدا ئۆزلىرىنى

---

[1] «قەسەس»: 83 - ئايەت.

[2] بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 3158 - ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 2961 - ھەدىس.

[3] «بۇخارىي»، 6413 - ھەدىس.

تۇتۇۋالىلىدى.

ھېلىھەم ئىنسانلار مۇسۇلمانلارنىڭ سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا دىجلە دەرياسىغا ئات سېلىپ، ھېچقانداق ئادەم ياكى مال ـ مۈلۈك چىقىم تارتمايلا، دەريانىڭ ئۇ قىرغىقىغا ئۆتكەنلىكىنى تارىختىكى ئەڭ ھەيران قالارلىق ھادىسە دەپ قارىماقتا. دېمىسىمۇ، ئۇ ھەقىقەتەن ھەيران قالارلىق ئىش ئىدى. بىراق، ئۇنىڭدىنمۇ ھەيران قالارلىق ۋە ئەجەبلىنەرلىكرەك ئىش بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە ۋە ئاۋۋالقى ئىسلام پەتىھلىرى مەزگىللىرىدە رۇم ۋە پارستىن ئىبارەت ئىككى بۈيۈك ئىمپېرىيەنىڭ شىددەتلىك ئۆركەشلەۋاتقان مەدەنىيەت دېڭىزىغا كىرىپ، ئەخلاق، پىرىنسىپ ۋە ئادەتلىرىدىن ھېچ نەرسىنى يوقاتماي، ئۇلارنىڭ ھېچ نەرسىسىنىمۇ يۇقتۇرۇۋالماي، مەدەنىيەت دېڭىزىنىڭ يەنە بىر قىرغىقىغا ساق ـ سالامەت ئۆتكەنلىكىدۇر. تۆت خەلىپە ۋە باشقا ئىسلام قوماندانلىرى پەتىھلەر ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان ۋاقىتلاردىمۇ روھى، خاراكتېرى، زاھىدلىقى ۋە ئاددىي ـ ساددىلىقى بىلەن ياشىدى.

ئىبنى جەرىر تەبەرىي رەھىمەھۇللاھ پارس قوماندانى ھۇرمۇزاننىڭ ئىسلام دۆلىتىنىڭ سىياسىي مەركىزى مەدىنىگە كېلىپ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۇچراشقانلىقىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

پارسلار ھۇرمۇزانغا ئالتۇن زىبۇزىننەتلەر قادالغان، ساپ يىپەكتىن توقۇلغان ھەشەمەتلىك لىباس، بېشىغا «ئازىين» ناملىق ياقۇت قادالغان ھەيۋەتلىك تاج كىيدۈرۈپ، مۇسۇلمانلارغا كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى زىيارەت قىلىش باھانىسىدە ئۆمەرنىڭ ئۆيىگە قاراپ يولغا چىقتى. لېكىن، ئۇلار ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى تاپالماي، كىشىلەردىن نەدىلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ، كۇفەدىن كەلگەن ئەلچىلەر بىلەن كۆرۈشكىلى مەسجىدكە كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئالدى. ئارقىدىن ئۇلار مەسجىدكە بېرىپ، يەنە ئىزدەپ تاپالماي قايتىشتى.

كېتىۋېتىپ ئويناۋاتقان بىرقانچە مەدىنىلىك باللارنىڭ يېنىدىن ئۆتتى. باللار ئۇلارغا:

ـ سىلەر نېمانداق ئۇياق ـ بۇياققا قاتراپ يۈرسىلەر؟ مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرىنى ئىزدەۋاتامسىلەر؟ ئۇ مەسجىدنىڭ ئوڭ تەرىپىدە سەللىسىنى ياستۇق قىلىپ ئۇخلاۋاتىدۇ، ـ دېدى. دەرۋەقە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۇفەلىك ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلغاندا كىيگەن سەللىسىنى ياستۇق قىلىپلا مەسجىدتە ئۇخلاپ قالغان ئىدى. شۇڭا، پارسلار ئۇنى كۆرگەن بولسىمۇ، تونۇيالمىغان ئىكەن. ئاندىن ئۇلار قايتا مەسجىدكە كىرىپ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۆردى ـ دە، يېنىغا بېرىپ ئولتۇردى. مەسجىدتە ئۇنىڭدىن باشقا ئۇخلاۋاتقان ياكى ئويغاق بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ئۇ بىر قولىدا هاسىسىنى سىقىمدىۋالغان ئىدى. هۇرمۇزان:

ـ ئۆمەر قېنى؟ ـ دەپ سورىدى. كۇفەلىك ئەلچىلەر ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ:

ـ ئەنە شۇ ئۆمەر، ـ دەپ جاۋاب بېرىشتى ۋە:

ـ جىم تۇرۇڭلار، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشماڭلار! ـ دەپ ئىشارەت قىلدى. هۇرمۇزان ئەلچىلەرنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ ئۇنىڭ ئىشىك باقارلىرى يا قوغدىغۇچىلىرى يوقمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇلار:

ـ ئۇنىڭ قوغدىغۇچىسىمۇ، ئىشىك باققۇچىسىمۇ، كاتىپىمۇ، پۈتۈكچىسىمۇ يوق، ـ دەپ جاۋاب بېرىشتى. ئاندىن ئۇ هەيرانلىق ئىلكىدە:

ـ قانداقسىگە شۇنداق بولىدۇ؟ ئەمىسە، ئۇ پەيغەمبەر بولسا كېرەك، ـ دېدى. ئۇلار:

ـ ئۇ پەيغەمبەر ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەرلەر قىلغاننى قىلىدىغان كىشىدۇر، ـ دېدى. بارا ـ بارا ئادەملەر كۆپىيىپ،

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن ئويغىنىپ كەتتى. ياتقان يېرىدىن رۇسلىنىپ ئولتۇرۇپ، ھۇرمۇزانغا قاراپ:

- سەن ھۇرمۇزان بولامسەن؟ - دېدى. ئەتراپتىكىلەر:

- ھەئە، - دېيىشتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ چوققىسىدىن تاپىنىغىچە بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن مۇنداق دۇئا قىلدى: «ئاللاھقا سېغىنىپ دوزاختىن پاناھ تىلەيمەن ۋە ئاللاھتىن ياردەم سورايمەن». ئاندىن ئۇ:

- بۇنى ۋە بۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنى خار قىلغان ئۇلۇغ ئاللاھقا ھەمدىلەر بولسۇن. ئەي مۇسۇلمانلار! دىنىڭلارغا چىڭ ئېسىلىڭلار، پەيغەمبىرىڭلار ئېلىپ كەلگەن ھىدايەت يولىدا تەۋرەنمەي مېڭىڭلار. دۇنيا سىلەرنى يولدىن چىقىرىۋەتمىسۇن، چۈنكى دۇنيا ئالدامچىدۇر، - دېدى. ھۇرمۇزان بىلەن بىللە كەلگەن ئەلچىلەر ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

- ئۇ ئەھۋازنىڭ پادىشاھىدۇر. ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقان بولسىلا؟ - دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ياق، ئۇستىبېشىدىكى پەخىرلىك كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلىمىغۇچە ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشمايمەن! - دېدى. ئۇ كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، بەدىنىنى ئاران يېپىپ تۇرىدىغان بىر كىيىم بىلەنلا قالدى. ئۇلار ئۇنىڭغا ئاددىي بىر كىيىمنى كىيدۈرۈپ قويغاندىن كېيىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا گەپ قىلدى[1].

زىرار ئىبنى زەمرە مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ خەلىپىلىك ۋەزىپىسى ئۆتەۋاتقان چاغدىكى ئەھۋالىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ دۇنيانىڭ زىبۇزىننەتلىرىدىن قاتتىق قاچىدىغان، كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىغا شۇڭغۇپلا كېتىدىغان كىشى ئىدى. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ كۆپ يىغلايتتى، داۋاملىق

[1] تەبەرىي: «تارىيخۇتتەبەرىي»، 4 - توم، 37 - بەت.

تەپەككۇر قىلاتتى، ئالىقىنىنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ ئۆز ـ ئۆزىگە خىتاب قىلاتتى، كىيىم ـ كېچەكنىڭ ئاددىيسىنى كىيەتتى، يېمەك ـ ئىچمەكتە غورىگىل ئىدى. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ بىرگە ئوخشاشلا ئاددىي ـ ساددا ئادەم ئىدى. سورىساق، جاۋاب بېرەتتى؛ يېنىغا كەلسەك، ئاۋۋال سالام قىلاتتى؛ زىياپەتكە چاقىرساق، كېلەتتى؛ دىندارلارنى ھۆرمەتلەيتتى، يوقسۇللارنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا كۈچلۈكلەر ھەددىدىن ئاشالمايتتى، ئاجىزلار ئادالىتىدىن نائۈمىد بولمايتتى. ئاللاھنى گۇۋاھ قىلىپ ئېيتىمەنكى، يۇلتۇزلار غايىب بولۇپ، كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى ئەتراپنى قاپلىغان زامانلاردا ئۇنىڭ بەزى ئىشلىرىغا شاھىت بولدۇم. بىر قېتىم ئۇنىڭ نامازگاھىدا تۇرۇپ، ساقىلىنى تۇتاملاپ، قاتتىق ئەلەم چەككەن كىشىدەك تولغىنىپ، ئىچ ـ ئىچىدىن يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «ئەي دۇنيا! ماڭا ھۇجۇم قىلىۋاتامسەن ياكى ماڭا نەزەر تاشلاۋاتامسەن؟ مەندىن يىراق تۇر! مەندىن باشقىلارنى ئالداشقا ئۇرۇنۇپ باققىن! مەن سېنى قايتۇۋېلىش مۇمكىن بولمايدىغان شەكىلدە ئۈچ تالاق قىلىۋەتتىم. سېنىڭ ئۆمرۈڭ بەك قىسقا، ھاياتىڭ قىممەتسىز، خەتىرىڭ چوڭدۇر. ئاھ، ئوزۇق ـ تۈلۈك ئاز، سەپەر (ئاخىرەت سەپىرى) ئۇزۇن، يول قورقۇنچلۇق»[1].

تۇنجى ئىسلام دۆلىتىنىڭ شوئارى ھىدايەتكە يېتەكلەش، ئاللاھقا دەۋەت قىلىش ۋە ئىنسانلارغا خىزمەت قىلىش ئىدى. بۇنداق دۆلەت ئەخلاق ۋە دىن يولىدا نۇرغۇن ئىقتىسادىي بەدەللەرنى تۆلەيتتى. پۇقرالارنىڭ جېنى ۋە زور مىقداردىكى مال ئارىسىدا تاللاشقا دۇچ كېلىپ قالسا، ئۆز رازىلىقى ۋە ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشاللىق بىلەن جاننى تاللاپ، مالنى قۇربان بېرەتتى. ئەكسىچە، مال ـ دۇنياغا ئېرىشىپ، ئىنسانلاردىن زىيان تارتسا، دۆلەت ۋە مۇسۇلمانلار گويا بىر پادىشاھلىقتىن ياكى سەلتەنەتتىن ئايرىلىپ قالغاندەك قايغۇرۇشاتتى. دەسلەپكى تۆت

[1] ئىبنۇلجەۋزىي: «سىفەتۇسسەفۋە»، 1 ـ توم، 118 ـ بەت.

خەلىپە ۋە بەشىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىقلار ئاتەشپەرەس ۋە خىرىستىيانلارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىپ، باج تۆلەشتىن قۇتۇلۇشىنى ئەلا بىلدى. شۇنىڭ بىلەن دۆلەت خەزىنىسىدە زور مىقداردا ئىقتىسادىي زىيان كۆرۈلگەن بولسىمۇ، ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام ئۈممىتى ئۈرغۇن كىشىلەرنىڭ دوزاختىن قۇتۇلۇشىغا ۋەسىلە بولدى. ئەكسىچە، ئۇلار بەيتۇلمال كۆپىيىپ، «ئىسلام» زىيان تارتىپ قالسا، بەكمۇ قايغۇراتتى.

ئىبنى جەرىر تەبەرىي زىياد ئىبنى زەبىيدىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز مىسىردا قولىمىزدىكى ئەسىرلەرنىڭ ھەممىنى بىر يەرگە يىغدۇق. ئۇلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن خىرىستىيانلارمۇ بار ئىدى. ھەممەيلەنگە خىرىستىيان دىنىدا قېلىش ياكى مۇسۇلمان بولۇش ئارىسىدا ئىختىيارلىق بەردۇق. ناۋادا ئۇلاردىن بىرەرسى ئىسلامنى تاللاپ قالسا، بىر يېزا ياكى بىرەر شەھەرنى پەتىھ قىلغان چاغدىكى ھاياجاندىنمۇ بەكرەك قىزغىن ھاياجان بىلەن تەكبىر ئېيتىشىپ، ئۇنى سېپىمىزگە قوشۇۋالاتتۇق. ئەگەر خىرىستىيانلىقنى تاللاپ قالسا، خىرىستىيانلار خۇشال بولۇشۇپ، ئۇنى يانلىرىغا ئالاتتى. بىز ئۇنىڭغا باج قوياتتۇق ـ يۇ، گويا ئارىمىزدىن بىر كىشى بىزدىن ئايرىلىپ، ئۇلارغا قېتىلىپ كەتكەندەك كۆڭلىمىز يېرىم بولاتتى»[1].

ئىسلام ئەنە شۇنداق تارقالدى. نەمۇنىلىك ئەخلاق بىر ئەسىردىنمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە دۇنيانىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگىچە كېڭىيىپ، ئىسلام دەۋىتى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغىچە سىڭىپ كىردى. ئىسلام دۇنياسى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ خەلىپىلىكىدىن پەقەت ئىككى يىل ۋە بىرقانچە ئايلا بەھرىمەن بولغان بولسىمۇ، ئۇ دەۋەتكە بولغان ئىشتىياق، ھىدايەت شوئارىنى قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىش ۋە خەلىپىلەرنىڭ ئىزىنى بويلاپ مېڭىش قاتارلىق خىسلەتلەر ئارقىلىق

[1] تەبەرىي: «تارىيخۇتتەبەرىي»، 4 ـ توم، 237 ـ بەت.

ئىنسانلارنىڭ قەلبلىرىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالدى، مەدەنىيەتنىڭ ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان يۈنىلىشىنى ئۆزگەرتتى، دىننى ئۈستۈن قىلىپ، گۇناھ ۋە كۇفرنى بېسىقتۇردى، جاھىلىيەت دەۋرىدىن قالغان يامان ئادەتلەرنى يوقاتتى.

ھاسىلكالام، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز قىسقىغىنا ئىككى يىللىق خەلىپىلىك دەۋرىدە ھىدايەتكە يېتەكلەش ۋە باج يىغىش ئارىسىدا ئارىسالدى بولۇپ قالغان ياكى كۆپ ۋاقىتلاردا باج يىغىشنى ھىدايەتكە يېتەكلەشتىن ئەلا بىلىپ، ئۇزۇن سەلتەنەت سۈرگەن ئىسلام دۆلەتلىرى قىلالمىغان بۈيۈك ئىشلارنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدى.

ئۇنىڭ دەۋرىدە پايتەخت ۋە چوڭ شەھەرلەر دەۋەت ۋە ھىدايەت مەركىزى ئىدى. مەزكۇر شەھەرلەرگە بارغانلار ئۆزلىرىنى ئىسلامنىڭ مەركىزىدە كېزىۋاتقاندەك، ئىسلام ھاۋاسىدىن نەپەسلىنىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى؛ شەرئىي جازالارنىڭ ئىجرا قىلىنىۋاتقانلىقىنى، شەرىئەت ھۆكۈملىرىگە ئەمەل قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى؛ دىن ئىشلىرىغا سۇسلۇق قىلىدىغان، كىچىك سانايدىغان، ئوچۇق - ئاشكارا گۇناھ ئۆتكۈزىدىغان بىرمۇ كىشىنى ئۇچرىتالمايتتى؛ بىدئەت، پىسقى - فۇجۇر، ئەخلاقسىزلىق ۋە ئالدامچىلىق قاتارلىقلارنى كۆرەلمەيتتى؛ پارىخورلۇق، خىيانەت ۋە ئىسلام روھىغا خىلاپ ھېچقانداق ئىشنى ئاڭلىمايتتى. ئەكسىچە، ئاللاھ يولىغا، ئاخىرەت كۈنىگە، ئېسىل ئەخلاققا، تەقۋادارلىققا، «قۇرئان» ۋە «ھەدىس»كە ئەگىشىشكە، شېرىك ۋە بىدئەتتىن يىراق تۇرۇشقا، ھەرقانداق جايدا ئىسلام ئەخلاقىغا چىڭ ئېسىلىشقا دەۋەت قىلىنىشىنى ئاڭلايتتى. دەرۋەقە، ئۆيلەردىمۇ، يوللاردىمۇ، يىغىلىشلاردىمۇ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىدىمۇ مەزكۇر ئەخلاقلارغا ئەمەل قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دىننى كەيپىياتى تېخىمۇ جانلىنىپ، ئىمانى، جاسارىتى تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتەتتى؛ دىننى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىپ، تېخىمۇ كۆپ دىن ئەھكاملىرىنى بىلىۋالاتتى ۋە دىندارلارغا بولغان مۇھەببىتى تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتەتتى. قىسقىسى، ئۇلارنىڭ ئىمانى تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئىسلامغا

ۋە مۇسۇلمانلارغا بولغان تونۇشى ئېشىپ، ئېتىقادى تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىپ، دىندارلارغا ۋە «دىن»غا ۋەكىللىك قىلىدىغان كىشىلەرگە بولغان ئىشەنچىسى ئاشقان ھالدا قايتىشاتتى.

غەيرى مۇسۇلمان ياكى يېڭى مۇسۇلمان بولغان بىرى مەزكۇر شەھەرلەرگە كىرىپ قالسا، ئىسلامىي ھاياتنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى، ئىسلامىي ھۆكۈمەتنىڭ پەزىلەتلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، شۇ شەھەرلەردە تۇرۇپ قېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى، ئۇنىڭدىن ئەسلا ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى، تەكرار كۇفرى دىيارىغا قايتىشنى ئۇتقا تاشلانغاندەك يامان كۆرەتتى.

مەككە ۋە مەدىنە بولسا ھىدايەتنى ئاساس قىلغان ئىسلامىي ھۆكۈمەت سايىسىدە دىنىي مەدرىسە ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكىگە ئايلانغان ئىدى. ئىسلامىي ھايات ئىككى ھەرەمدە ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ئىپادىسىنى تاپاتتى. مۇسۇلمانلار ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەر تەرىپىدىن ئىككى ھەرەمگە كېلىپ، ئۆزلىرىگە پايدىلىق كۆپ نەرسىلەرگە شاھىت بولۇپ، دىنىي بىلىمنى ئاشۇرۇپ، يۇرتلىرىغا قايتقاندا قەۋملىرىنى ئاگاھلاندۇراتتى؛ ئىككى ھەرەمدە كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى پاكىت سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇشاتتى. بۇ ھىجاز (ئەرەب يېرىم ئارىلى) نىڭ دىن ۋە سۈننەتنى مۇھاپىزەت قىلغانلىقى، ھىجاز ھۆكۈمىتىنىڭ ئىسلامنىڭ مەركىزى ۋە بۇلىقى بولۇشتا ئىسلامىي ھاياتقا ۋەكىللىك قىلغانلىقىنىڭ ئىسپاتى ئىدى.

كېيىن شۇنداق بىر دەۋر كەلدىكى، مۇسۇلمانلار ئىسلامىي ھۆكۈمەتنىڭ دەۋەت ۋە بۇ يولدا قىلىنغان جىھادنىڭ مۇكاپاتى ئىكەنلىكىنى؛ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ، ئاللاھ يولىغا دەۋەت قىلمىغان بولسا، مەككە ۋە تائىفتا قۇرەيشلەردىن ۋە باشقا مۇشرىكلاردىن ئەزىيەت تارتمىغان بولسا، ھىجرەت قىلىپ، سەۋر غارىغا يوشۇرۇنمىغان بولسا، ئۇھۇد غازىتىدا چىشى سۇنمىغان، ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ياۋۇزلارچە ۋەھشىيلىك قىلىنمىغان بولسا، مەئۇنە قۇدۇقى شېھىدلىرى ۋە دارغا

ئىسلغان ئەنسارىي[1] بولمىغان بولسا، پۈتۈن دۇنيانىڭ ئەرەبلەرگە باش ئەگمەيدىغانلىقىنى؛ دەمەشق ۋە باغدادنىڭ ئۇلارنىڭ قولىغا ئۆتمەيدىغانلىقىنى؛ بەنى مەرۋاننىڭ رۇم ۋە پارسلاردىن خەراج يىغالمايدىغانلىقىنى؛ هارۇن رەشىدنىڭ هاۋادا مېڭىۋاتقان بۇلۇتقا: «ئەي بۇلۇت! خالىغان يەرگە يامغۇر ياغدۇرغىن، ئۇ يەرلەرنىڭ خەراجى هامان ماڭا كېلىدۇ» دېيەلمەيدىغانلىقىنى ئۇنتۇدى.

تۆت خەلىپىدىن كېيىن، مۇسۇلمان پادىشاهلار دۆلەتلىرىنى باج سىياستى ئارقىلىق ئىدارە قىلىپ، ئاللاھنىڭ يولىغا ۋە جەننەتكە دەۋەت قىلىش خىزمىتىنى تاشلىدى. جىنايى قىلمىشلارغا بېرىلىدىغان شەرئىي جازالارنى بىكار قىلىپ، ئەمرىمەرۇپ ـ نەهيىمۇنكەر هەيئەتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. نامازنى تەرك ئېتىپ، شەھۋەتلىرىگە ئەگەشتى. نەتىجىدە، ئىسلام ئەللىرى دىنىي مەدرىسە، ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەينىكى بولالمىدى. ئەكسىچە، كەلگەنلەرنىڭ قەلبلىرىدە گۇمان پەيدا قىلىپ، نىفاق ئۇرۇقلىرىنى چاچىدىغان؛ ئەقىدىلىرىنى، دىن ۋە دىندارلارغا بولغان ئىشەنچىنى داۋالغۇتىدىغان جايغا ئايلىنىپ قالدى. دۇنيانىڭ هەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەنلەر دىنىي ئىشلارغا سەل قاراش، دىندا ۋە ئەمەلدە بوشاڭلىق قىلىش، ئىسلامنىڭ يېتەكچىلىرى هەققىدە يامان گۇمان قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى ئەنە ئاشۇ شەهەرلەردىن ئۆگەندى. دۆلەتلىرىگە قايتقاندا، ئىسلام شەهەرلىرىدىكى ناچار ئىللەتلەرنى ۋە دىنىي باشباشتاقلىقنى پاكىت سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇشقا باشلىدى. نەتىجىدە، بۇ ئىشلار ئىسلام ئەللىرىدىكى ئىسلاھاتچىلار ۋە دەۋەتچىلەرگە نىسبەتەن چوڭ بالايىئاپەت ۋە پىتنە بولدى.

مانا ئەمدى ئىسلام دۇنياسى هەقىقىي ئىسلام روھىغا ساغلام

---

[1] بەنۇلهارىس ئىبنى ئامىر قەبىلىسى خۇبەيب ئىبنى ئەدىي ئىبنى مالىك رەزىيەللاهۇ ئەنهۇنى ئۆلتۈرۈپ، گۆشىنى پارچىلاپ دەرەخكە ئېسىپ قويىدى. ئۇ، شۇ ئەسنادا مۇنۇ مىسرالارنى ئوقۇغان ئىدى: «مەن مۇسۇلمان هالدا ئۆلۈپ كەتسەم، ئۆلۈمۇم ئاللاھ يارىسىدا بولسا، نەدە، قانداق شەكىلدە بولۇشىغا پەرۋا قىلمايمەن».

شەكىلدە ۋەكىللىك قىلىدىغان؛ دەۋەت، ھىدايەت، نەسىھەت ۋە خىزمەتنى ئاساس قىلىدىغان ئىسلامىي ھۆكۈمەتكە تولىمۇ موھتاج. چۈنكى، ئىسلامنىڭ ھەقىقىي ئىسلامىي ھاياتقا، ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە جەمئىيىتىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان، ئىسلام دەۋىتى ۋە ئىسلام مائارىپىنىڭ نەتىجىلىرىنى كۆرسىتەلەيدىغان بىر دۆلىتى بولغاندىلا، باشقىلارغا تەسىر قىلالايدۇ، تەتقىقاتچىلارنى قايىل قىلالايدۇ. ناۋادا شۇنداق بىر ھۆكۈمەت كىچىك بىر رايوندا بولسىمۇ قۇرۇلسا، ئىسلامدا ئەسىرلەر مابەينىدە كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ بىر يۈزلىنىش بارلىققا كېلىدۇ.

يۈتكۈل ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ باج ۋە ئۇرۇشنى ئەمەس، ھىدايەت ۋە ئىسلاھاتنى شوئار قىلغان ھۆكۈمەتكە بولغان ئېھتىياجى ھەرگىز ئىسلام دۇنياسىنىڭكىدىن تۆۋەن تۇرمايدۇ. چۈنكى، بۈگۈنكى كېسەل، مەجرۇھ ئىنسانىيەت دۇنياسىنى پەقەت پەزىلەت، دىن، ئىنسانىي ھۆرمەت ۋە ئىنسان ھاياتىنى پۇل - مالدىن، ئەخلاقنى بايلىقتىن، ئىنسانلارنى قولغا كەلتۈرۈشنى پۇل - مال تېپىشتىن ئەلا بىلىشنى ئاساسىي نىشان قىلغان ھۆكۈمەتلا قۇتقۇزالايدۇ. ناۋادا شۇنداق بىر دۆلەت قۇرۇلۇپلا قالسا (مەيلى ئۇ كىچىك ياكى كىرىمى ئاز دۆلەت بولسۇن)، ھەرقانداق مەدھىيە ۋە تەرىپلەشكە ئەرزىيدىغان، قالتىس بىر ئىش ۋۇجۇدقا چىققان بولىدۇ. چوڭ سىياسەتچىلەر، قەلەمكەشلەر ۋە داڭلىق مۇتەپەككۇرلار ئۇنى باشقىلارغا نەمۇنە قىلىپ كۆرسىتىدۇ، ھەققىدە كىتابلار يازىدۇ، ئىنسانلار ئۇنىڭ سايىسىدە خاتىرجەم ياشايدۇ، پىتنە - پاسات ۋە زۇلۇمنىڭ چاڭ - توزانلىرىنى ئۇستىباشلىرىدىن قېقىپ تاشلايدۇ، ساختا ۋە مۇرەككەپ مەدەنىيەتنىڭ دىشۋارچىلىقلىرىدىن، زالىم، تويماس ھۆكۈمەتلەرنىڭ زۇلۇملىرىدىن قۇتۇلۇپ، ئەركىن نەپەس ئېلىش ئۈچۈن گويا دېڭىزدا غەرق بولغانلار قۇرۇقلۇققا سىغىنغاندەك، ئۇنىڭغا سىغىنىشقا باشلايدۇ. بۇنداق ھۆكۈمەت زامانىنىڭ چېھرىدە بەجايىكى چاقنىغان يۇلتۇز، دۆلەت ۋە ھۆكۈمەتلەر ئارىسىدا خال كەبى زىننەتتۇر.

ئىنسانلار پادىشاھلىق، دېموكراتىيە، كاپىتالىزم، سوتسىيالىزم، كوممۇنىزم قاتارلىق باجغا تايىنىدىغان ھۆكۈمەتلەرنى قۇرۇپ باقتى. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاساس، پرىنسىپ، روھ، غايە ۋە ئارزۇ جەھەتلەردە بىر ـ بىرىدىن پەرقلەنمەيدىغان «بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى» ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئۇلارنى ھەر تەرەپكە ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ قاراپ باقتى. ئەمما، ئۇلاردىن يامانلىق ۋە ئازابتىن باشقىنى كۆرمىدى. ئاخىر ئىسىمنىڭ ئالمىششىنىڭ ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتى. ھەرقانداق يېڭى ئىسىم بىلەن يېڭى بىر ھۆكۈمەت قۇرۇلسا، ھەقىقەتنىڭ تىلى ئەبۇلئەلائ مەئەررىينىڭ مۇنۇ سۆزلىرى بىلەن ئىدا قىلغاندەك ئىدى: «ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، كۈندۈزلەرنىڭ ھەممىسى بىر ئادەمنىڭ ئوغۇللىرىدۇر. كېچىلەر بولسا قىز قېرىنداشلاردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھېچبىر كېچە ۋە كۈندۈزدىن ئۆتمۈش يىللاردىكى كېچە ۋە كۈندۈزلەرنىڭ قىلمىشىدىن باشقىنى كۈتمە!»[1].

يۇقىرىقى يۈزلىگەن ھۆكۈمەتلەرگە رەئىسى مۇسۇلمان ياكى بىرقانچە مۇسۇلمان ئىدارە قىلىشتىلا پەرقلىنىدىغان يېڭى بىر ھۆكۈمەتنىڭ قوشۇلغانلىقى ئۈنچىۋالا ماختاپ، ئالقىشلاپ كەتكۈدەك ۋە ئارزۇ قىلغۇدەك يېڭى، ئالاھىدە ئىشمۇ ئەمەس. چۈنكى، يەنە بىر تەرەپتە يەر كۆلىمى، بايلىقى، سانائەت، ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز ئارمىيە، ھەربىي كۈچ، ئايروپىلان سانى، كارخانا ۋە زاۋۇتلىرىنىڭ كۆپلۈكى، تىجارەت، مەدەنىيەت، كۈلتۈر، ئىدارە، خەلق ئىچىدە كۆلەملەشكەن مائارىپ سىستېمىسى، ساۋاتسىزلىق نىسپىتىنىڭ تۆۋەنلىكى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇلاردىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك ياۋروپا ھۆكۈمەتلىرى بار.

دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدە بىر ئىسلام دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى تېپىلغۇسىز ئالتۇن پۇرسەت. ئىلاھىي قانۇنىيەت، دىنلار

[1] مۇھەممەد ئىبنى ئايدەمىر ئەلمۇتەئسىمي: «ئەددۇررۇل فەرىد ۋە بەيتۇل قەسىد»، 5 ـ توم، 65 ـ بەت.

تارىخى ۋە ئىسلاھات چاقىرىقلىرىدىن خەۋەردار كىشىلەرگە مەلۇم بولغىنىدەك، بۇنداق پۈرسەت ئىزىپ ـ ئىزىپ نەچچە ئەسىردە بىرەر قېتىم كېلىپ قېلىشى ۋە قاراڭغۇ كېچىدە چاقنىغان چاقماقتەك تېز ئۆتۈپ كېتىشى، دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ بۇ ئالتۇن پۈرسەتنى شەخسىي مەنپەئەتى ۋە راھەت ـ پاراغىتى ئۈچۈن ئىشلىتەمدۇ ياكى دەۋىتى، دىنىي پىرىنسىپى ئۈچۈن ئىشلىتەمدۇ؟ دېگەننى سىنايدىغان چوڭ بىر ئىمتىھان بولۇشى مۇمكىن. ناۋادا ئۇلار پۈرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۆزى مەنسۇپ بولغان دىن ۋە ئەقىدىسىنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە نامايان قىلىشقا تىرىشسا؛ كىشىلەرمۇ ئۇلارنى ياخشى ئويلاپ، دېگەنلىرىگە ئىشەنسە، ئۆزى ۋە دىنى ئۈچۈن كاتتا خىزمەت قىلغان بولىدۇ. مۇبادا بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇمەۋىيلەر، ئابباسىيلار ۋە باشقا دۆلەتلەرگە ئوخشاش پۈرسەتنى چېلىك تۇتالماي، قولغا كەلگەن پۈرسەتنى، ئىسلام دەۋىتىنى، ئىخلاسمەن دەۋەتچىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ دەۋەت يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرىنى شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن سۇيىئىستېمال قىلسا، بۇ چاغدا ئۇلار ئالتۇن پۈرسەتنى زايە قىلغان، ئۆزلىرىنىڭ رولىنى يوقاتقان، تارقىلىش پۈرسىتىگە ئېرىشكەن دەۋەتنىمۇ زىيانغا ئۇچراتقان بولىدۇ. بۇنداق پۈرسەت قايتا كېلەمدۇ؟ كەلسە قاچان كېلىدۇ؟ بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. تارىختا نۇرغۇن مىللەت ۋە تەشكىلاتلار شۇنداق پۈرسەتنى كەتكۈزۈۋەتكەن. پۈرسەتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلانماي، ئۇزۇن ياكى قىسقا سۈرگەن سەلتەنىتى ئاخىرلىشىپ، ھاكىمىيەتتىن ئايرىلىپ، خەلقئارالىق سەھنىدە تاماشىبىنلار قاتارىدا ھەسرەت، نادامەت ئىچىدە بارماق چىشلەپ نۆۋەت كۈتۈشكە مەجبۇر بولغان.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلام ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ رەئىسلىرى پۈرسەتنى غەنىيمەت بىلىشى؛ پۈرسەتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، باشقىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشى؛ ئالىي ھىممەت ۋە شىجائەت كۆرسىتىپ، ئاللاھ بەرگەن سەلتەنەت، كۈچ ۋە نوپۇز قاتارلىق ئەۋزەللىكلىرىنى ئىشقا سېلىپ، باشقىلارغا نىسبەتەن بولمىغان كاتتا پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ، سالىھلار ۋە تەقۋادارلار ئىبادىتى

ۋە زاھىدلىقى ئارقىلىقمۇ قولغا كەلتۈرەلمەيدىغان ئالىي ماقاملارنى قولغا كەلتۈرۈشى؛ دىن خىزمىتى، ياشلارنى تەربىيەلەش، جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ۋە جەمئىيەت يۆنىلىشىنى جاھىلىيەتتىن ئىسلامغا بۇراش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىسلاھاتچىلار، يازغۇچىلار ۋە پائالىيەتچىلەر نەچچە ئەسىرلەر مابەينىدە ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغان كاتتا ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشى (ئىرادىسى كۈچلۈك، نىيىتى دۇرۇس بولسىلا، بۇلارنى قىلاي دېسە قىلالايدۇ)؛ ئابىدلار، تەقۋادارلار ۋە سالىھلار ھەۋەس قىلىدىغان ئاللاھنىڭ رازىلىقى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك كاتتا مۇكاپاتلارنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ھۆكۈمەتنىڭ ئىدارىي يۆنىلىشىنى باج يىغىشنى ئاساس قىلىشتىن ھىدايەتكە يېتەكلەشكە بۇرىغانلىقى، ئېلىپ بارغان ئىسلاھاتلىرى، پىرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان يىگىتلىكى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنى «بۈيۈك مۇجەددىد ۋە توغرا يولدا ماڭغان خەلىپە» دەپ ئاتىغان ئىدى. ناۋادا ئۇ ۋاز كەچكەن، ھامان بىر كۈنى ئايرىلىپ قالىدىغان ئۆتكۈنچى نېمەت، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك ۋە مال - دۇنيا تارازىنىڭ بىر پەللىسىدە؛ ئېرىشكەن تۈگىمەس نېمەت، ئۈزۈلمەس خۇشال - خۇراملىق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە ھەمراھ بولۇش، ئۇنىڭ ئۈممىتىگە قوشۇلۇش، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان ياخشى نام قاتارلىقلار يەنە بىر پەللىسىدە قويۇلسا، شۈبھىسىزكى، كېيىنكىسى بېسىپ كېتىدۇ ۋە دۇنيادىكى ئەڭ ئەقىللىق، دانا كىشىلەردىن ھېسابلىنىدۇ.

## ئىككى دەۋەت رىقابەتتە

دۇنيا يارىتىلغاندىن باشلاپ ئۈزلۈكسىز رىقابەتلىشىۋاتقان، كۈرەش قىلىشىۋاتقان ئىككى خىل دەۋەت بار. ئۇلاردىن بىرى نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىشكە، نەپسنى ھۆكۈمران قىلىشقا، قىبتىدا يۈزلىگەن، مىڭلىغان قۇللۇق شەكىللىرى مەۋجۇت تۇرۇپ، مەجبۇرلىنىپ قالمىغان ئەھۋالدىمۇ مۇتلەق ئەركىنلىككە چاقىرىدىغان دەۋەت. يەنە بىرى بولسا «ئىنسان ئاللاھنىڭ قۇلى، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئادا قىلىش مەجبۇرىيىتى بار، ئۇنىڭ ئالدىدا جاۋابكارلىققا تارتىلغۇچى» دەيدىغان، ۋەھيىگە ۋە پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن شەرىئەتلەرگە بويسۇنۇشقا چاقىرىدىغان دەۋەتتۇر.

بىرىنچى دەۋەت ئىسلام ئاتالغۇشۇناسلىقىدا كەڭ مەنىدە «جاھىلىيەت» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچىسى بولسا دەل ئىسلام دەۋىتىدۇر. بۇ ئىككى دەۋەت دۇنيانى بۆلۈۋېلىپ، دۇنياغا نۆۋەتلىشىپ رەھبەرلىك قىلىپ كەلمەكتە. دىنلار، ئەقىل ۋە ئەخلاق تارىخى مۇشۇ ئۈزۈلمىگەن سوزۇلغان كۈرەشنىڭ، تۈگىمەس دەتالاشنىڭ ھېكايىسىدىنلا ئىبارەت. ئىككى دەۋەت ئارىسىدىكى كۈرەش دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ، ئەڭ ئۇزۇن ۋە دائىرىسى ئەڭ كەڭ كۈرەشتۇر.

ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە 13 يېرىم ئەسىردىن بېرى ئىككىنچى دەۋەتنىڭ رەھبەرلىكى ئۈچۈن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتىنى تاللاپ، تاكى قىيامەتكىچە رەھبەرلىكنى شۇلارغا يۈكلىۋەتكەن. شۇنداقلا، ئەسىرلەر مابەينىدە جاھىلىيەت دەۋىتىگىمۇ تۈرلۈك جاھىلىي مىللەت ۋە مەدەنىيەتلەر باش

بولۇپ كەلمەكتە. ئاللاھ تائالا ئىككى ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتىن بېرى ياۋروپا خرىستىيان دۆلەتلىرىنىڭ بۇ جاھىلىيەت دەۋىتىنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، رەھبەرلىك قىلىشىنى تەقدىر قىلدى. بۇ مىلانغان خرىستىيان دىنىنىڭ پۈتۈن دىنلارنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈشى؛ راھىبلىققا بېرىلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشتىن ئاجىز كېلىشى؛ خرىستىيان ئۆلىمالىرى، راھىب ۋە پوپلىرىنىڭ خرىستىيان دىنىنىڭمۇ ئوبرازىنى بۇلغاپ، مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئالغا ئىلگىرىلىشىگە توسالغۇ بولۇشى؛ ئالىم ۋە كەشپىياتچىلارنى ئىنساننىڭ تېنى شۈركەنگۈدەك دەرىجىدە ئېغىر جازالىشى ياۋروپانى جاھىلىيەت دەۋىتىنىڭ يېتەكچىلىك نامزاتى قىلىشقا تۈرتكە بولدى ۋە جاھىلىيەت دەۋىتىنى بار كۈچى بىلەن پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىشقا ھەرىكەت قىلىدىغان سادىق قوللىغۇچىغا ئايلاندۇردى. پوپلارنىڭ كەشپىياتچى ئالىملارغا سالغان تەسۋىرلىگۈسىز ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى ياۋروپادا پارتلىغان دىن بىلەن مەدەنىيەت، دىن بىلەن ئەقىل، دىن بىلەن ئىلىم ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش تارىخىغا پۈتۈلۈپ كەتتى. كونىلىققا قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ تەلۋىلىكى ۋە تەنتەكلىكى ئىشنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى. نەتىجىدە گۈللىنىشكە، تەرەققىياتقا ئىنتىلىۋاتقان ياۋروپا پۈتۈن دىنلارنى يامان كۆرىدىغان، كونا تۈزۈملەرنى پۈتۈنلەي تەرك ئېتىپ، ھەرقانداق دىنني، ئەخلاقىي دەۋەتنى ۋە دەۋەتچىلەرنى دۈشمەن، تەرەققىيات يولىدىكى توسالغۇ دەپ قارايدىغان بولۇپ قالدى.

قانداقلا بولمىسۇن، ياۋروپا ئەللىرى ماتېرىيالىزمچى جاھىلىيەت مىللەتلىرىگە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەھۋال تارىخ مابەينىدە ئىنسانىيەتكە تالاي بەختسىزلىك ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئەڭ پاجىئەلىك ھادىسە بولۇپ قالدى. تەبىئىي ۋە ئەقلىي سەۋەبلەرگە قارىغاندىمۇ، بۇ ھادىسىنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلانغىلى بولمايتتى.

تەنتەك ۋە ھاياجان ياۋروپا مىللەتلىرى دۇنياغا ئۇرۇش ئېچىپ، ئىشغال قىلىش ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك تەييارلىقلارنى

پۈتتۈرۈپ ئاتلاندى. ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل، مەدەنىي، گۈللەنگەن، مۇنبەت، باي، جۇغراپىيەلىك ۋە سىياسىي جەھەتتىن ئەڭ مۇھىم شەھەرلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان يەنە بىر ئىسلام دەۋەتچىلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشى، تۈنجى ۋە ئەڭ چوڭ جەڭنىڭ ئىككى تەرەپ دەۋەتچىلىرى ئارىسىدا يۈز بېرىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. دېمىسىمۇ شۇنداق بولدى.

جەڭ باشلاندى. مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىقى ھەر دائىم ئىلاھىي رىسالەت ۋە دەۋەتتىن كېلەتتى. ۋاھالەنكى، مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنى دەل ـ دەرەخ ۋە قورام تاشلارمۇ توسۇپ قالالمايدىغان شىددەتلىك كەلكۈندەك كۈچكە ئىگە قىلغان ئىلاھىي دەۋەتنىڭ روھىنى ئاللىبۇرۇن يوقىتىپ، دۇنياغا ئىسلامنى يايمايدىغان؛ ئۆزلىرىگە قەھرىمانلىق ۋە جاسارەت بېغىشلاپ، ئادەتتىن تاشقىرى مۆجىزىلەرنى يارىتىدىغان، قەلب ۋە ئەقىللەرنى ئاچىدىغان، ھەرقايسى ئەللەرنى بويسۇندۇرۇپ بېرىدىغان دىنىي دەۋەتنى تاشلىغان؛ دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان ياخشى ـ يامان ئىشلارغا، ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ھەق ـ باتىللارغا تاماشىبىنىدەك ياكى قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان مەجرۇھلارغا ئوخشاش، «بەز يېگەن مۈشۈكتەك» گۆشىيىپ قاراپ تۇرىدىغان، باشقا ئىنسانلاردىن پەرقسىز، ئاددىي بىر ئەۋلاد كىشىلەرگە ئايلانغان ئىدى.

مۇسۇلمانلار كۈچلۈك ئىمان ۋە دىنىي جاسارەتتىن ئايرىلىپ، دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىغا قورقماي چىقالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۆزلىرىدىن سان ۋە تەييارلىقتا نەچچە ھەسسە كۆپ ھەم كۈچلۈك دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىدىغان قوراللىرىنى يوقىتىپ، يا باشقىلاردىن پەرقلىق ئالاھىدە كۈچى يوق، يا كۈچلۈك ئىمانى يوق، باشقىلارغا ئوخشاش دەرد تارتىدىغان، ئاللاھ تائالاغا ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلار ئۈمىد باغلىغاندەك ئۈمىد باغلىمايدىغان، باشقىلاردىن پەرقسىز ئادەتتىكى ئىنسانلارغا ئايلىنىپ قالدى.

ئۇلار ھايات جەڭگاھلىرىدا زالىملارنى تىز چۆكتۈرىدىغان،

تاشتەك قېتىپ كەتكەن قەلبلەرنى ئېرىتىدىغان يۈكسەك ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرىدىن ئىبارەت ئۆتكۈر قورالى ۋە مەنىۋى كۈچىنى يوقىتىپ، بۇنىڭ ئورنىغا چۈشكۈنلىشىپ كەتكەن جاھىلىيەت ئەللىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىللەتلىرىنى ۋە ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى ئالماشتۇردى. بۇنداق ئىللەتلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسراپخورلۇقى، ئەخلاقىي ۋە ئىجتىمائىي چېكىنىش دەۋرلىرىدە تېزلا يامراپ، ئۇلارنىڭ تايىنىدىغان ھاسىلىرىنى ۋە بىنالىرىنىڭ تۈۋرۈكلىرىنى گويا قۇرتقا ئوخشاش يەۋەتتى.

شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلىم بۇلاقلىرى قۇرۇدى، تەبىئىي ۋە ئەقلىي قاتىللىشىپ، ئىجتىھاد، تەپەككۇر، كەشپىيات ۋە ئىجادىيەت ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قالدى. ئالىملار ئەقلىي قاتاللىققا ۋە ئىلمىي تۇرغۇنلۇققا مۇپتىلا بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي بايلىقىنى موللاشتۇرۇشقا ھەرىكەت قىلمىدى، ئەقىل ئۈچۈن يېڭى روجەكلەرنى ئاچمىدى، تەبىئىي پەن ۋە كائىنات ئىلىملىرىگە قاراپمۇ قويمىدى. ھالبۇكى، شۇ ۋاقىتتا ياۋروپا تەبىئىي بايلىقلارنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىشلىتىۋاتاتتى، ئالىملىرى كائىناتنىڭ سىرلىرىنى ئېچىۋاتاتتى، ئىشچىلىرى يەر ئاستىدا تونىل قېزىپ، ئاسمانغا شوتا ياساۋاتاتتى.

مۇسۇلمان پادىشاھ ۋە ئەمىرلەرگە كەلسەك، ئۇلار ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشنى تاشلاپ، ئۆچمەنلىك، رىقابەت، شەھۋەت ۋە ئاچ كۆزلۈكتىن كېلىپ چىققان ئىچكى ئۇرۇشلار بىلەن مەشغۇل بولغىلى ئۇزۇن زامانلار بولغان ئىدى. نىھايەت، ئىسلام دۇنياسىغا خرىستىيانلار باستۇرۇپ كەلدى. ئۇلارغا سالاھۇددىن ئەييۇبىي ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن باشقا ھېچكىم قارشى تۇرمىدى. ئەندەلۇس (ئىسپانىيە) پاجىئەسىمۇ گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەكلا ئۆتۈپ كەتتى. موڭغۇللار ئۇۋىسىدىن چۇۋۇلۇپ چىققان چېكەتكىلەردەك بېسىپ كېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ شانۇشەۋكىتىنى ئاياغ ئاستى قىلدى ۋە تېخىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇپ قويدى.

مانا بۇلار ياۋروپالىقلارنىڭ ئىشغالىيىتىگە ياردەم قىلغان،

جاھىلىيەتنىڭ ئىسلامغا غالىب بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئامىللار بولۇپ، مۇشۇ ئەھۋال جاھىلىيەتنىڭ ئىسلام ئۈستىدىن قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ چوڭ غەلىبىسى بولۇپ قالدى. ناۋادا جاھىلىيەت زۇۋان سۈرۈپ قالسا: «بۈگۈن دۈشمىنىمدىن ئەنتىمنى ئالدىم. دۈشمىنىم بويسۇندۇرغان مىللەتلەرنىڭ، مۇنقەرز قىلغان دۆلەتلەرنىڭ، ئۆچۈرۈپ تاشلىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ ئىنتىقامىنى ئالدىم. بۈگۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ شەھەرلىرىدە يايرايمەن، ئۇنىڭ دۆڭ ۋە ئازگاللىرىدا ئېخىمنۇ كۆپىيىمەن، ئەمدى يولۇمغا مېڭىنۇرىمەنكى، ھېچ نەرسە يولۇمنى توسالمايدۇ» دېگەن بولار ئىدى.

ئەگەر جاھىلىيەت شۇنداق دېسە، راست ئېيتقان بولىدۇ. چۈنكى، مۇسۇلمانلار ئاجىزلىشىپ قالغان بولسىمۇ، پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ئىلاھىي رىسالەت ۋە نىزامنىڭ ئىشەنچلىك ئامانەتدارى، شەرىئەتلىرىنىڭ مەشئەللىرىنى كۆتۈرگۈچىلىرى، ھەر زامان دىن ۋە ئەخلاق - پەزىلەتنىڭ قوغدىغۇچىلىرى بولۇپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار جاھىلىيەت ئالدىدىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇ، ھەر ۋاقىت جاھىلىيەت ئۈچۈن ئەڭ بۈيۈك تەھدىت بولغان ئىدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيىتى بەك ئېغىر، مۇسىبىتى ئىنتايىن چوڭ بولدى. ئۇلار سۆت ۋە ھەسەل ئاقىدىغان شەھەرلىرىنى قولدىن بېرىپ قويدى، ئالدى - كەينى بولۇپ پۈتۈن دۆلەتلىرىدىن ئايرىلدى، سىياسىي ۋە ئەقلىي قۇللۇققا مۇپتىلا بولدى. گەرچە ئۇلار ماددىي قۇللۇقتىن قۇتۇلغان بولسىمۇ، ئىلمىي ۋە ئەخلاقىي قۇللۇقتىن تېخىچە قۇتۇلالمىدى.

مۇسۇلمانلار پەيغەمبەرلەرنىڭ ئېسىل ئەخلاقلىرىدىن؛ بىرقانچە ئەسىر مابەينىدە مۇھاپىزەت قىلىپ كېلىۋاتقان، ساماۋى دىن ئېتىقادچىلىرىنى جاھىلىيەت ئەھلىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان راستچىللىق، ئامانەتچانلىق، جاسارەت، ۋاپادارلىق، ئىپپەت، پاكىزلىق، سېخىلىق، كەمتەرلىك، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالدا ئاللاھتىن قورقۇش ۋە ئۇنىڭ چەكلىمىلىرىگە رىئايە قىلىش

دېگەنـدەك يۈكسـەك پەزىلەتلىرىدىـن ئايرىلىـپ قالـدى. غـەرب ئەللىرىنىـڭ تەسـىرىدە چاكىنـا ئىللەتلـەر، ياۋروپـا زۇلمەتلىـك دەۋرلـەردە بۇتپـەرەس رىۋم ۋە يۇنانلىقلاردىـن قوبـۇل قىلغـان نومۇسـسىزلىقلار، مەنپەئـەت ئۈچـۈن ۋەدىگـە خىلاپلىـق قىلىـش، رىياخورلۇق، ئىككى يۈزلىمچىلىك، ئاچ كۆزلۈك، ماددىي كۈچكىلا ئىشـىنىش، پـۇل ـ مالغىـلا ئېتىبـار بېرىـش، پايـدا ـ مەنپەئەتنـى ئەخـلاق ـ پەزىلەتتىـن ئـەلا بىلىـش قاتارلىق جاھىلىيـەت ئىللەتلىرى ئۆلارغـا مۇسـەللەت بولـدى.

بـۇ ئۆزگىرىشـتە ئىنسـانىيەتنىڭ تارتقـان زىيازىتـى ئـاز بولمىـدى. ھەممـە يـەردە ئەخـلاق ـ پەزىلەتنىـڭ ئۆلـى تەۋرىـدى. بۇرۇندىـن داۋاملىشـىپ كەلگـەن ھەرقانـداق كونـا تۈزۈمگـە (گەرچـە ئادىـل ھـەم ياخشـى بولسـىمۇ) قارشـى ئىسـيان كۆتۈرۈلدى. ئۆيلـەردە، ئائىلىلەردە باشباشـتاقلىق يامرىـدى. بالىنىـڭ ئاتىسـىغا بولغـان پوزىتسىيەسـى ئۆزگىرىـپ، ئاتىسـىنى قاقشـاتتى. ئايـال ئېرىگـە قارشـى ئىسـيان كۆتـۈرۈپ، ئائىلىسـىنى تـەرك ئەتتـى. ئـۇرۇق ـ تۇغقانچىلىـق باغلىرى ئۈزۈلـۈپ، كىچىـك چوڭغـا ھۆرمـەت قىلمايدىغـان، چـوڭ كىچىككـە شـەپقەت قىلمايدىغـان بولـدى. قەلبلەردىكـى ئۈنسـى ـ ئۈلپـەت ۋە مېھىـر ـ مۇھەببەتنىـڭ ئورنىنـى نەپـرەت ۋە ئۆچمەنلىـك ئالـدى. دۇنيـا ھاياتـى، ماددىـي تەرەققىيـات، يـۈز ـ ئابـرۇي ۋە مـال ـ دۇنيـا ئۈچـۈن رىقابەتلىشـىش ئـەۋج ئالـدى. بـاي ـ باياشـاتلىققا ئەگىشـىپ خاتىرجەملىكنـى بۇزىدىغـان، قەلـب ۋە روھنـى ئۆلتۈرىدىغـان نۇرغۇن ئاپەتلەرمۇ مەيدانغـا كەلـدى. بارلىـق مۇسـۇلمان ۋە غەيـرى مۇسـۇلمان شـەرقلىقلەر، دىنـلار ۋە شـەرق مەدەنىيىتـى ھەممىسـى ئوخشاشـلا مەزكـۇر بالايىئاپەتلـەر ئاسـتىدا ئىڭرىماقتـا.

بـۇ جاھىلىيـەت ئەللـىرى ئىنسـانلارنىڭ مالل‍ـىرى، جانلىـرى ۋە رىزىقلىرىنـى چاڭگىلىغـا كىرگۈزۈۋالـدى، تىنچلىـق ۋە جەڭنـى كونتـرول قىلـدى. پۈتـۈن دۇنيـا ئەللـىرى ئۇلارنىـڭ ئالدىـدا خالىسـا جـەڭ مەيدانىغـا ئەۋەتىدىغـان، خالىسـا سـۈلھى تۈزۈشـكە بۇيرۇيدىغـان، جـەڭ ۋە تىنچلىـق ئىشـلىرىدا ھېچقانـداق ھوقۇقـى بولمىغـان، ھېـچ نەرسـىگە كۈچـى يەتمەيدىغـان يېتىـم بالىغـا ياكـى

دەلدۈشكىلا ئوخشاپ قالدى.

بۇ مەغلۇبىيەت ۋە كەڭ كۆلەملىك پالاكەت مۇسۇلمانلارغا ۋە پۈتۈن ئىنسانلارغا قانداق تەسىر كۆرسەتتى؟

پۈتۈن ئىنسانىيەت، شۇنداقلا ھەربىر ئادەم بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشى كېرەك. ئەسلىدە بۇ سوئال مۇسۇلمانلاردىن سورالغىنى ياخشى. چۈنكى، بۇ چەكسىز كۈچ، بۇيرۇپ - توسىدىغان ھوقۇق ياۋروپالىقلارغا مۇسۇلمانلاردىن يۆتكەلگەن بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنمۇ ئۇلارنىڭ دىنىنىڭ بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن بولۇشىنى، ئۇلارنىڭ دۇنياغا ئۈلگە بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. قەلبى تىرىك ھەرقانداق مۇسۇلمان دەيدۇكى: «مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە جاھىلىيەتكە ئۆچلۈك بولۇشى، دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدىكى جاھىلىيەت تەرەپدارلىرىنى بۇلاڭچى دۈشمەن ياكى قەرزدار رەقىب دەپ قارىشى تەبىئىي ئىشتۇر». مۇسۇلمانلارنىڭ رىسالەت ۋەزىپىسىنىڭ ۋە ئالەمشۇمۇل دەۋىتىنىڭ خاراكتېرى جاھىلىيەت ئەللىرىنىڭ دۇنياغا رەھبەرلىك قىلىشتىن، ئىنسانلارنىڭ ئەقىل ۋە پىكىرلىرىنى كونترول قىلىشتىن يىراق تۇرۇشىنى، دۇنيادا جاھىلىيەتنىڭ باش كۆتۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى، جاھىلىيەت تەشۋىقاتىنىڭ كىشىلەرنى ئازدۇرماسلىقى، ئىسلام دەۋىتى بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرماسلىقى، دۇنيادا ئىنسانلارنىڭ ئەقىللىرىنى ئىككى تەرەپكە تارتىدىغان قارىمۇقارشى كۈچ بولماسلىقى ئۈچۈن جاھىلىيەتنىڭ قولىدىن سەلتەنەتنى يۇلۇپ ئېلىشنى ئوچۇق شەكىلدە تەلەپ قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿***پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي ئاللاھ ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار***﴾[1].

ھەرقانداق پەم - پاراسەتلىك كىشى بىلىدۇكى، جاھىلىيەت ئەللىرىنىڭ دۇنياغا ھۆكۈمران بولۇشى، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈكى ئۇلارنىڭ دىنى، مەدەنىيىتى، ئىدىيەسى ۋە قىممەت قاراشلىرى ئۈچۈن كۈچلۈك تەشۋىقات قورالى بولىدى. ئۇنىڭغا

[1] «ئەنفال»: 39 - ئايەت.

لوگىكا، دەلىل، پەلسەپە، ئەخلاق قاتارلىقلاردىن ھېچبىرى قارشى تۇرالمىدى. ئۇنىڭ تەشۋىقاتى ئالدىدا باشقا دىنلارنىڭ دەۋىتى كۆمۈلۈپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان زىبۇزىننەتلىرى گويا ماگنىت تۆمۈرنى تارتقاندەك، قەلبلەرنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى.

مانا بۇ مۇسا ئەلەيھىسسالام دۇئاسىدا تىلغا ئالغان (قۇرئان كەرىمنىڭ بايانىغا ئاساسەن) ھەقىقەت، ھەر زامان ۋە ھەر ماكانغا ماس كېلىدىغان ھەقىقەتتۇر:

*﴿مۇسا ئېيتتى: ئى پەرۋەردىگارىمىز! پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىغا ھاياتىي دۇنيادا زىننەت بۇيۇملىرىنى، تۈرلۈك مال - مۈلۈكلەرنى بەردىڭ. ئى پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلار بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنى ئازدۇردى. ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى يوق قىلغىن، دىللىرىنى قاتتىق قىلغىن، ئۇلار قاتتىق ئازابنى كۆرمىگۈچە ئىمان ئېيتمايدۇ﴾*[1].

ئۇلۇغ ئىسلامنى يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان مۇسۇلمانلاردىن ئۈمىد قىلىنغان نەرسە زادى نېمە ئىدى؟ ئۇلاردىن كۈتۈلگىنى ياۋروپا ۋە ئامېرىكىنى جاھىلىيەتنىڭ باش داھىيسى ۋە بايراقدارى دەپ تونۇشمىدى؟

ئەسلىدە ئۇلار بۇ مەسىلىنى ئەڭ مۇھىم مەسىلە دەپ قارىشى، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىسلام دەۋىتىنىڭ جاھىلىيەت دەۋىتىگە قارشى ۋەكىللىك سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇشى، مىللىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەت نېمىنى تەقەززا قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، يۇقىرىدىكى تەلەپكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ھەرقانداق مەيداندا تۇرماسلىقى ۋە پۈتۈن دۇنيادىكى جاھىلىيەت ھەرىكىتىنى جانلاندۇرىدىغان، گۇناھ - مەسىيەت، زۇلۇم ۋە تاجاۋۇزغا ياردەم بېرىدىغان ھېچقانداق ئىشنى قىلماسلىقى، جاھىلىي مىللەتلەرنىڭ دۇنياغا يايماقچى بولۇۋاتقان جاھىلىيەت تۇزۇمىگە ئازراقمۇ مايىل بولماسلىقى كېرەك ئىدى.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر خۇتبىسىدە ئېيتقىنىدەك،

---

[1] «يۇنۇس»: 88 - ئايەت.

«قەلبىنى ئۆلتۈرىدىغان، زېھنىنى مەشغۇل قىلىدىغان، قايغۇلارنى كۆپەيتىدىغان»[1]. ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىق ۋە ھەيران قالارلىق ئىش پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ شۇنچىۋالا ئوچۇق ھەقىقەتنىمۇ بىلمەي، دۇنيادىكى ئەڭ توغرا مەيداندىن غاپىل قالغانلىقى؛ جاھىلىي ياۋروپا ئەللىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ بىر - بىرىگە زىت، ئۆزئارا قارىمۇقارشى ئىككى مەدەنىيەت، ئىككى ھايات تۈزۈمىنىڭ دەۋەتچىلىرى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى؛ ئۇلار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ بەئەينى تارازىنىڭ ئىككى پەللىسىگە ئوخشاش بولۇپ، تارازىنىڭ بىر پەللىسى ئېغىر باسسا، يەنە بىرىنىڭ يېنىك كېلىدىغانلىقىنى يادىدىن چىقىرىپ قويغانلىقىدۇر.

ئاخىرىدا مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىنى ۋە دىنىنىڭ تەلپى بولغان مۇھەببەت - نەپرەتنى ياخشى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، خاتا تەشۋىقاتلارغا ئالدىنىپ، جاھىلىي ياۋروپانى ئىسلامنىڭ بىردىنبىر ئىتتىپاقدىشى دەپ قارايدىغان ھەتتا ئۇلار ئىچىدىن ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي پىلانلىرىغا ئەڭ پايدىلىق، ئەڭ يېقىن مىللەت ۋە دۆلەتلەرنى ئىزدەپ چەك تاشلايدىغان بولدى. ئۇلار شۇنى ئۇنتۇپ قالدىكى، ياۋروپا ئەللىرى ئىچكى ۋە تاشقى سىياسەت، دۆلەت ئىدارە قىلىش جەھەتلەردە بىر - بىرىدىن قانچىلىك پەرقلەنسۇن، بىر - بىرى بىلەن قانچىلىك ئاداۋەتلىشىپ، دۈشمەن بولۇپ كەتسۇن، يەنىلا ئۇلار بىر پىلەكنىڭ خەمەكلىرى بولۇپ، ئاساسىي پرىنسىپىدا ۋە ئىسلام «جاھىلىيەت» دەپ ئاتىغان پەلسەپە نەزەرىيەسىدە بىر - بىرىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. جاھىلىي مىللەتلەر سىياسىي جەھەتتىن ئۈستۈنلۈكنى ساقلاپ، دۇنياغا ھۆكۈمران بولۇپلا تۇرىدىكەن، ئەخلاق، ئىلىم ۋە مەدەنىيەت، پەزىلەت ۋە رەزىللىكتە نەمۇنە ۋە ئۈلگە بولۇپ تۇرۇۋېرىدىغانلىقى؛ ئۇلارنىڭ گېپى گەپلا بولىدىكەن، دىنىي دەۋەت قىلچە گۈللەنمەيدىغانلىقى ۋە دىنىنىڭ نوپۇزى كۈچەيمەيدىغانلىقى؛ دۇنياغا ئېسىل ئەخلاق

[1] ئەبۇلئابباس، مۇھەممەد ئىبنى يەزىد ئەلمۇبەررەد: «ئەلكامىل فىل لۇغە ۋەلئەدەب»، 1 - توم، 20 - بەت.

ھۆكۈمـران بولـۇپ، قىممەتكـە ئىگـە بولالمايدىغانلىقـى؛ شـۇڭا ئىسلام ۋە ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئىتـى ئۈچۈن، دۇنيانـىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ياۋروپا مىللەتلىرىنىـڭ قولىدىـن يۇلۇپ ئېلىـش لازىملىقى ئادەتتىكـى نورمـال ئىنسـانلار تۈگـۈل، مۇسـۇلمانلار ئىچىدىكـى ئاقىلـلار ۋە بىلىمدارلارنىـڭ ھەتتـا رەھبەرلىرىنىـڭ كاللىسـىدىنمۇ كۆتۈرۈلـۈپ كەتتـى.

ئەمەلىيەتتـە، دۇنيانـىڭ بۇزۇلۇشـى ۋە تۈزۈلۈشـى پەقـەت مۇسـۇلمانلارنىڭلا قولـىدا. ياخشـىلىقلا بۇيـرۇش ۋە يامانلىقتىـن توسـۇش شـۇلارنىڭ ۋەزىپىسـى. ئـۇلار ئادالـەت بەرپـا قىلغۇچـى، ئاللاھنـىڭ ئادىـل گۇۋاھچىلىـرى، دۇنيانـىڭ يۆنىلىشـىنى نـازارەت قىلغۇچىلاردۇر. شـۇنىڭ ئۈچۈن، مۇسـۇلمانلار باشـقا مىللەتلەردىـن بەكـرەك تىرىششـى، جاھىلىيەتكـە قارشـى ھەرقانـداق ھەرىكەتنىـڭ ئاۋانگارتلىـرى بولۇپـلا قالمـاي، دەۋەت شـۇلارنىڭ كونتروللۇقـىدا بولۇشـى كېـرەك ئىـدى.

پۈتـۈن ئىسـلام دۇنياسـىغا نـەزەر سـېلىپ بېقىـڭ! ھەممـە مىللـەت ۋە دۆلەتكـە (مۇستەقىل ئىـش قىلالايدىغـان دۆلـەت بولۇپـلا قالسـا) بولۇپمۇ مۇسـۇلمانلارنىڭ ھەممـە ساھەسـىگە قـاراپ بېقىـڭ! دۇنيانـىڭ ھـەر يېرىگـە تارقالغـان بـۇ ئۇممەتنىـڭ رىسـالەت، دىـن ۋە ئەقىـدە ئىگىسـى ئىكەنلىكىنىـڭ بىـرەر ئىسـپاتىنى كۆرەلەمسـىز؟ يـۈز بەرگـەن ياكـى بېرىۋاتقـان بىـرەر مۇنكەرگـە قارشـى تۇرغانلىقىنى كـۆرۈپ باقتىڭىزمـۇ؟ قەلبىـدە جاھىلىيەتكـە ۋە جاھىلىيـەت ئەھلىگـە قارشـى ئۆچمەنلىـك، ئىسـلام بايرىقىنـى ئۈسـتۈن قىلىدىغـان ئىـرادە بارلىقىنـى؛ ئاللاھنـىڭ كەلىمىسـىنى ئالىـي قىلىـش ئۈچـۈن تىرىشـچانلىق كۆرسـىتىۋاتقانلىقىنى ھېـس قىلدىڭىزمـۇ؟

يـاق، كۆرەلمەيسـىز. بەلكـى دۇنيـادا يـۈز بېرىۋاتقـان ئىشـلارغا كۆڭلـى ـ كۆكسـى كەڭ، خۇشـاللىق بىلـەن رازى بولـۇپ، جاھىلىيەت ۋە جاھىلىيەتچىلـەر بىلـەن ھەمكارلىشـىپ، ئىتتىپـاق تۈزۈشـۈۋاتقان؛ قولىدىــن كەلســلا، ئۇنىڭغـا يـاردەم بېرىۋاتقـان بىـر ئۇممەتنـى كۆرىسـىز.

*دەرد ـ ئەلەمدىن ئىرەر دىل چېكىپ پىغان،*
*ئەگەر بولسا ئۇندا زەررىچە ئىسلام ۋە ئىمان.*

ئەلۋەتتە، قەلبتە زەررىچىلىك ئىسلام ۋە ئىمان بولسا، ھېچبىر مۇسۇلمان بۇنداق رەسۋاچىلىققا قاراپ تۇرمايدۇ. بىراق، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈپ، ئاللاھ ئۈچۈن يامان كۆرىدىغان؛ ئاللاھ ئۈچۈن دوست تۇتۇپ، ئاللاھ ئۈچۈن دۈشمەن تۇتىدىغان ھەقىقىي مۇسۇلماندارچىلىققا باغلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم» بۇ ئىشلارنى بىر مۇئمىننىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرى قاتارىدا بايان قىلىدۇ:

**﴿*ئى مۇئمىنلەر! مېنىڭ دۈشمىنىمنى ۋە سىلەرنىڭ دۈشمەنلىرىڭلارنى دوست تۇتماڭلار، ئۇلار سىلەرگە كەلگەن ھەقىقەتنى (يەنى ئىسلامنى، قۇرئاننى) ئىنكار قىلغان تۇرسا، ئۇلارغا دوستلۇق يەتكۈزسىلەر. ئۇلار پەرۋەردىگارىڭلار ئاللاھقا ئىمان ئېيتقىنىڭلار ئۈچۈن پەيغەمبەرنى ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقاردى، ئەگەر سىلەر مېنىڭ يولۇمدا جىھاد قىلىپ ۋە رازىلىقىمنى تىلەپ چىققان بولساڭلار (ئۇ چاغدا مېنىڭ دۈشمىنىمنى ۋە سىلەرنىڭ دۈشمەنلىرىڭلارنى دوست تۇتماڭلار)، سىلەر ئۇلارغا يوشۇرۇن دوستلۇق يەتكۈزسىلەر، مەن سىلەر يوشۇرغان ۋە ئاشكارىلىغان نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىمەن. كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتۇپ، ئۇلارغا پەيغەمبەرنىڭ خەۋەرلىرىنى يەتكۈزىدىكەن)، ئۇ ھەقىقەتەن توغرا يولدىن ئازغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار سىلەرنى يەڭسە، سىلەرگە دۈشمەن بولىدۇ، سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىدۇ، سىلەرنى تىللايدۇ، سىلەرنىڭ مۇرتەد بولۇشۇڭلارنى ئارزۇ قىلىدۇ*﴾**[1].

ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى مىسال قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

**﴿*ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان (مۇئمىنلەر) سىلەرگە ھەقىقەتەن ئۈلگە بولىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار قەۋمىگە: ھەقىقەتەن بىز سىلەردىن ۋە سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقانلىرىڭلاردىن ئادا ـ جۇدامىز. بىزنىڭ*

[1] «مۇمتەھىنە»: 1— 2 ـ ئايەتلەر.

*ئارىمىزدىكى ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك تاكى سىلەر يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىمان ئېيتقىنىڭلارغا قەدەر ئەبەدىي ساقلىنىپ قالىدۇ، دېدى. لېكىن ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىغا: «ئەلۋەتتە ساڭا مەغپىرەت تىلەيمەن، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھېچ نەرسىنى سەندىن دەپئى قىلالمايمەن» دېگەن سۆزىنى سىلەرنىڭ نەمۇنە قىلىشىڭلارغا بولمايدۇ. (ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۇئمىنلەر ئېيتتى) پەرۋەردىگارىمىز! ساڭا تەۋەككۇل قىلدۇق، ساڭا قايتتۇق، ئاخىر قايتىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر﴾*[1].

ئەرەب تىلىنى بىلىدىغان ھەرقانداق ئوقۇرمەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ: «بىز سىلەرنى ئىنكار قىلدۇق» دېگەن سۆزلىرىدىكى ئىنچىكە بالاغەت نۇقتىسىنى ھېس قىلالايدۇ. ئۇلار: «بىز سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى ئىنكار قىلدۇق» دېمىدى. چۈنكى، كاپىرلار جاھىلىيەت ۋە كۇفرىنىڭ پۈتۈن شەكىل ۋە كۆرۈنۈشلىرىنى مۇجەسسەملىگەن بىر سۈرەت ياكى ھەيكەلگە ئوخشايتتى. ئۇلارنىڭ پۈتۈن ھاياتىغا، جۈملىدىن ئىلىم، پەلسەپە ۋە مەدەنىيىتىگە جاھىلىيەت ۋە كۇفرى روھى سىڭىپ كىرگەن ئىدى. بۇ بولسا پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ھىدايەت ۋە ئىلىمدىن مەھرۇم قالغان؛ ھاياتى، ئىلىم ۋە مەدەنىيىتى پەقەت ماددا، پەرەز ۋە تەجرىبىنى ئاساس قىلغان بارلىق جاھىلىيەت مىللەتلىرىنىڭ ئەھۋالىدۇر. چۈنكى، ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «ئىنكار» مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خۇددى مۇئمىنلەر بۇ «ئىنكار» سۆزى بىلەن پۈتۈن جاھىلىيەت تۈزۈمىگە قارشى ئىسيان قىلىدىغان؛ جاھىلىيەت ۋە ئۇنىڭ يولىدا ماڭغانلارنى ئىنكار قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھېچبىر پەزىلىتىگە ئىشەنمەيدىغان ۋە ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۇلارغا بويسۇنمايدىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى جاكارلىغاندەك بولغان ئىدى.

كىتابخان بۈيۈك بىر دىنىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ۋە ئىمان ساھىبلىرى بولمىش مۇسۇلمانلارنىڭ قانداقسىگە جاھىلىيەت كاتتىباشلىرىغا ۋە كۇفرى پېشۋالىرىغا ئىشىنىپ، ئۇلارنى چوڭ

[1] «مۇمتەھىنە»: 4 ـ ئايەت.

بىلگەنلىكىگە قاراپ ئىبرەت ئالسۇن! گەرچە ئۇلار كاپىرلارنىڭ دىنىغا ئىشەنمىگەن بولسىمۇ، «ئىشىنىش» كەلىمىسىنىڭ كەڭ مەنىسىدىن قارىغاندا، ئۇلارغا ئىشەنگەن ئىدى. ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا تاغۇتنى ئىنكار قىلىشنى ئۆزىگە ئىمان ئېيتىشنىڭ شەرتى قىلغان:

***﴿كىمكى تاغۇت (بارلىق شەيتانىي كۈچ ۋە تۈزۈم) نى ئىنكار قىلىپ، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ﴾*** [1].

ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ دىن، ئەخلاق، ئىنسانىيەت ۋە دۇنيانىڭ كەلگۈسى بىلەن كارى بولماي، پەقەت دۆلىتى ۋە خەلقىنىڭ نەق سىياسىي ۋە ماددىي پايدىلىرىنىلا كۆزلىسە، تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا، شەخسىي مەنپەئەتلىرىدىن باشقىسىنى ئويلىمىسا، ئۇنداقتا خالىغىنىنى قىلسۇن! لېكىن، شۇنى ئېنىق بىلىپ قويۇشلىرى كېرەككى، سەپەر ئۈچۈن تاللىغان جاھىلىيەت كېمىسى ھەر تەرەپتىن خەتەرگە دۇچ كەلگەن، تاختايلىرىنى ئاللىبۇرۇن قۇرت يەپ چىرىتىۋەتكەن، كاپىتانلىرى ئارىسىدا كېمىنى ھەيدەش ۋە باشقۇرۇشتا تۈرلۈك دەتالاشلار كۆرۈلۈشكە باشلىغان كېمىدۇر. يەنە شۇنى بىلىۋېلىشلىرى كېرەككى، بۇ كېمە غەرق بولسا، يولۇچىلار ۋە ئۇنىڭغا ئېسىلىۋالغانلارمۇ تەڭ غەرق بولىدۇ. ئاللاھ رەھىم قىلغان ئادەمدىن باشقا ھېچكىم ئۇنىڭ جازاسىدىن قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ***﴿زالىملارغا مايىل بولماڭلار، (مايىل بولساڭلار) دوزاخ ئازابىغا قالىسىلەر. سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا (دوزاختىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچ ياردەمچى يوقتۇر، ئاندىن ھېچ ياردەمگە ئېرىشەلمەيسىلەر﴾*** [2].

[1] «بەقەرە»: 256 ـ ئايەت.

[2] «ھۇد»: 113 ـ ئايەت.

## جاھىلىيەتنىڭ غۇلاپ چۈشۈشى

كىچىكىمىزدە ئاڭلاپ، ھازىرغىچە ئېسىمىزدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان مۇنداق بىر ھېكايە بار:

بىر يالماۋۇز بىرەيلەنگە ناھايىتى قورقۇنچلۇق شەكىلدە ھۇجۇم قىپتۇ. ئۇ كىشى يالماۋۇز بىلەن بىر قەپەس ئىلىشىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، تولۇق قوراللىنىپ مەيدانغا چۈشۈپتۇ. يالماۋۇزغا ئۆتكۈر قىلىچى، قايماس ئوقلىرى ۋە پۈتۈن قوراللىرى بىلەن ھۇجۇم قىپتۇ. ساداقنى چىقىرىپ، يېنىدىكى بارچە ئوقلارنى ئېتىپ تۈگىتىپتۇ. بىراق، يالماۋۇزنى ئۆلتۈرەلمەپتۇ. قايتا ـ قايتا ھۇجۇم قىلىپ، قوراللىرىنىڭ ھەممىنى ئىشقا سالغان بولسىمۇ ھېچنېمىگە كار قىلماپتۇ. يالماۋۇز خاتىرجەم ھالدا، خۇددى پۇختا قورغان ئىچىدە ئوقلاردىن قوغدىلىۋاتقاندەك ئۇنىڭ ھۇجۇملىرىغا پىسەنت قىلماي، ئۇنى مەسخىرە قىپتۇ.

ئادەم يالماۋۇز بىلەن ئېلىشا ـ ئېلىشا ھالىدىن كېتىپتۇ. بۇ ئىشلاردىن ھەيران بولۇپ، يالماۋۇزنى ئۆلتۈرۈشتىن ۋاز كېچەي دەپ تۇرغاندا، دانىشمەنلەردىن بىرى ئۇنىڭغا:

ـ بۇ يالماۋۇزنىڭ جېنى بىر شاتۇتىنىڭ پوكىنىدا. شاتۇتى بىر دەرەخنىڭ شېخىغا ئېسىغلىق تۆمۈر قەپەسنىڭ ئىچىدە. ئۇ دەرەخ بولسا ھەر خىل زەھەرلىك يىلان ۋە چايانلار، يىرتقۇچ ھايۋانلار ئۇۋۇلىغان، ھەر تەرىپى ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان، ئىنسۇجىن ئاياغ باسمايدىغان قويۇق بىر ئورمانلىقتا، ـ دەپتۇ.

ئادەم تاغمۇتاغ، چۆلمۇچۆل كېزىپتۇ. ئالدىغا چىققان ياۋايى ھايۋانلارنى بىر ـ بىرلەپ ئۆلتۈرۈپ، نىھايەت قەپەسنىڭ يېنىغا

كەپتۇ. قەپەستىكى شاتۇتىنىڭ پوكىنىنى سىقىپ ئۆلتۈرەر - ئۆلتۈرمەيلا يەر قاتتىق تەۋرەپ، پۈتۈن يەر جاھاننى قاراڭغۇلۇق بېسىپتۇ. يالماۋۇز ئىنتايىن قاتتىق چۇقان - سۈرەن سېلىپلا جېنىدىن جۇدا بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئادەم مىڭبىر جاپادىن كېيىن دۈشمىنىنى يېڭىپتۇ.

بەلكىم، سىز كىچىك چاغلىرىڭىزدا بۇ ھېكايىنى نەۋرە - چەۋرىلىرىڭىزگە ئېيتىپ بېرىشۋاتقان بىر قېرى مومايدىن ئاڭلاپ، ئۇنى مەسخىرە قىلغان ھالدا:

- ھەي ئەخمەق خوتۇن! بۇ بىر ئەپسانە، - دەپلا ئۆتۈپ كەتكەن بولۇشىڭىز مۇمكىن.

ئەلۋەتتە، بۇ بىر ئەپسانە. قەدىمكىلەردىن قالغان ئەپسانىلەردىن بىرى. بىراق، بۇ ئەپسانىدىن ئىبرەت ئالىدىغان ئىنچىكە نۇقتا شۇكى، ھەرقانداق جانلىقنىڭ بىر جان تومۇرى ۋە ئەجەللىك يېرى بار. رەقىب ئۇنىڭ ئەجەللىك يېرىگە زەربە بېرىپ، جان تومۇرىنى كەسمىگۈچە ئۇنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ. چۈنكى، ئەجەللىك يەر ۋە جان تومۇر نۇرغۇن توساق ۋە سېپىللار بىلەن ئورالغان بولىدۇ.

دەرۋەقە، ئىسلام ئۈممىتىنى جاھىلىيەت ھاياتىدىن ئىبارەت بىر يالماۋۇز ئىسكەنجىگە ئېلىپ، ھەر تۈرلۈك پىتنە - پاسات ۋە بالايىئاپەتلىرى بىلەن ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام ئۈممىتىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ھاياتىدا شەرىئەت ئەھكاملىرىغا سەل قاراش، گۇناھتىن ۋە ھارام ئىشلاردىن تەپ تارتماسلىق، ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە قۇللۇق ئىزھار قىلىش، ئەيش - ئىشرەت ۋە راھەت - پاراغەتكە بېرىلىش، ئىسراپخورلۇق قىلىش، رەزىل ۋە پەس ئىشلارغا ئۆزىنى ئېتىش قاتارلىق جاھىلىيەتنىڭ ناچار ئىللەتلىرى ۋە رەزىل قىلمىشلىرى ئوچۇق - ئاشكارا ئەۋج ئالدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿***ئۇلار ئەگەر توغرا يولنى كۆرسە،***

*ئۇنىڭدا ماڭمايدۇ؛ گۇمراھلىق يولىنى كۆرسە، ئۇنىڭدا ماڭىدۇ﴾*[1].

ئادەتتە ئىنسانلار ئاۋام خەلق قاتلىمى، ئوتتۇرا قاتلام ۋە يۇقىرى قاتلام دەپ ئۈچ تەبىقىگە ئايرىلىدۇ. ئاۋام خەلق ئەڭ بىچارە ئىنسانلار بولۇپ، ھاياتىنىڭ تەتۈر قىسمەتلىرى كۆپىنچە شۇلارنىڭ ئەتراپىدىلا چۆرگىلەيدۇ. ئۇلار شۇنداق تەتۈر قىسمەتلەر ئىچىدە ئۆلۈمگە تەييارلىق قىلىش ۋە ھېساب كۈنى بولغان ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشقۇدەك پۇرسەتكىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ پۈتۈن غېمى باج ـ سېلىق تۆلەش، ئىششىز كۈنلىرى ئۈچۈن يىغىپ ـ تۆشەش، كۈندىلىك ئوزۇق ـ تۈلۈك ئۈچۈن ئىشلەش ۋە بالىچاقىلىرىنىڭ كۈندىلىك ئېھتىياجلىرىنى قامداشتىنلا ئىبارەت بولىدۇ. ئۇلار پۈتۈن ئۆمرىدە ئىشەك ۋە ئۆكۈزلەردەك جاپالىق ئىشلەپ، خام خىياللارنىڭ كەينىدىن يۈگۈرىدۇ، پەقەت مۇشۇ دۇنيالىقنىڭلا كويىدا بولىدۇ. ئۆيدىن دۇكانغا، ياتاقتىن زاۋۇتقا، بازارغا ياكى ئىدارىگە قاترايدۇ... ئۈستى ـ ئۈستىلەپ ھاردۇق، قاتمۇقات غەم ـ قايغۇ ئىچىدىلا ياشايدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ يا غېمى تۈگىمەيدۇ، يا ھاردۇقى چىقمايدۇ. تۇيۇقسىز ئۆلۈم كەلگەندە بولسا: ﴿*دۇنيادىكى بىپەرۋالىقىمىزغا ۋاي ئىسىت!*﴾[2] دەپ قالىدۇ.

ئوتتۇرا قاتلامدىكى كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىدىنمۇ بەتتەر، كۆڭۈللىرى تېخىمۇ پاراكەندىچىلىك ئىچىدە بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇنداق كىشىلەرنى ھېرىسمەنلىك ۋە ئاچ كۆزلۈك بىلەن جازالىغانلىقى تۈپەيلى داۋاملىق ئۈستۈن قاتلامدىكىلەرگە كۆز تىكىدۇ، تۆۋەن قاتلامدىكىلەرگە قاراپمۇ سالمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن، بۇلار داۋاملىق قايغۇ ـ ھەسرەت، تەشۋىش، بەختسىزلىك ئىچىدىلا ياشايدۇ. بىر ـ بىرىنى دەيدەيگە سېلىش، تۈگىمەس شىكايەتلەر، ئاھ ئۇرۇشلار بۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىدۇر. بۇلار ئايىغى چىقمايدىغان

[1] «ئەئراف»: 146 ـ ئايەت.

[2] «ئەنئام»: 31 ـ ئايەت.

بەيگە مەيدانىدا تۆت پۇتلۇق بولۇپ يۈگۈرىدۇ، گويا بەيگە ئاتلىرىغا ئوخشاش ھارماي ـ تالماي بەسلىشىدۇ. بىراق، ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتەلىشى ناتايىن. ئەمدى ئاخىرقى مەنزىلگە يەتتۇق دېگەندە، ئالدىغا باشقا بىر مەنزىل چىقىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چاپىدۇ. ئۇ مەنزىلمۇ گويا تۇتماقچى بولغان بالىدىن يىراقلاشقان ئۇچۇققا ياكى سىقىمدىماقچى بولغان كىشىنىڭ قولىغا چىقمايدىغان نۇرغا ئوخشاش ئۇلاردىن يىراقلىشىپ، قوللىرىغا چىقمايدۇ. مال ـ مۈلۈك، پاراۋانلىق ۋە يۈز ـ ئابرۇي ئارقىلىق يەتكىلى بولىدىغان «ئەڭ ئالىي نىشان»مۇ قوللىرىدىن كېتىدۇ. ئاخىرىدا بۇلار قىيامەت كۈنى ئۈچۈن تەييارلىقسىز تۇرغاندا ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈم كېلىدۇ ـ دە، ھەسرەت ـ نادامەت چەككەن ھالدا ئۆلۈمگە مەھكۇم بولۇپ: ﴿*پەرۋەردىگارىم! ئېمىشقا مېنى (يەنى ئەجىلىمنى) بىرئاز كېچىكتۈرمىدىڭ، سەدىقە قىلىپ ياخشىلاردىن بولار ئىدىم*﴾ دەيدۇ[1].

يۇقىرى قاتلامدىكى پادىشاھلار، ۋەزىر ـ ۋۇزرالار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا كەلسەك، بۇلار پۈتۈن دۇنيانى يالماپ ـ يۇتۇۋېلىشنىڭ كويىدىلا يۈرىدۇ؛ دەردلىرىگە داۋا، كېسەللىكىگە شىپا بولالمايدىغان ساختا خۇشاللىقنىڭ ئارقىسىدىن چاپىدۇ؛ راھەتتىن راھەتكە، گۈزەلدىن گۈزەلگە، يېگۈدىن تېخىمۇ يېگۈگە، يېمەك ـ ئىچمەكلەردە مەززىلىكتىن مەززىلىككە، شېرىندىن شېرىنغا، ئۇلاغ، ساراي ۋە كىيىم ـ كېچەكلەردە يېڭىدىن تېخىمۇ يېڭىراقىغا يۈگۈرۈپلا ياشايدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىنى قاندۇرۇشقا چوڭ بىر ئەلنىڭ پۈتۈن كىرىمى، بىر مىللەتنىڭ پۈتۈن بايلىقىمۇ يەتمەيدۇ؛ قەرز ئېلىش، تىجارەت، يېگى ـ يېگى باجلارنى قويۇش ۋە تۈرلۈك ئالۋان ـ سېلىقلارنى سېلىش يولىنى تۇتىدۇ. مەقسىتىگە يېتىش يولىدا پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ رىداسى، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كىيىمى، ئۇۋەيس پادىشاھنىڭ تونى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇسھەفى، ئەمر ئىبنى

[1] «مۇنافىقۇن»: 10 ـ ئايەت.

مەئدىـي كەرىـب رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇنىـڭ ئۆتكـۈر قىلىچـى، زۇبەيـر رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇنىـڭ نەيزىسـى، كەئـب ئىبنـى زۇھەيرنىـڭ تونـى قاتارلىقلاردىــن ھەرقانــداق بىرىنـى پەرۋاســىزلارچە دۈشــمەنلەرگە رەنىگـە قويۇۋىرىـدۇ. قانداقـلا بولمىسۇن، ئەتىگـەن ـ ئاخشاملىرى قورسـاقلىرىنى تويغۇزسـىلا بولىـدۇ.

شۇنداق بىـر پەيتتـە جاھىلىيەتتىـن ئىبـارەت بـۇ يالماۋۇزغـا بىـر ئىسـلاھاتچى قوشـۇن ھۇجـۇم قىلـدى. تـەرەپ ـ تەرەپتىــن چۇقـان سېلىشىـپ، بىـر ياچاقتىــن ئـوق ئاتتـى. بىـراق، دۈشـمىنىنى ئـازراق يارىلاندۇرغـان بولسـىمۇ، ئەجەللىــك يېرىگــە زەربــە بېرەلمىــدى. ۋەزخانـلار ئـەدەپ ـ ئەخـلاق ھەققىـدە دەرسـلەر سۆزلىدى. تەرغىـب ۋە تەرھىبكـە دائىـر (قىزىقتـۇرۇش ۋە قورقۇتۇشـنى مەزمۇن قىلغـان) ھەدىسـلەرنى ئوقـۇپ، ئىنسـانلارنى جەننـەت بىلـەن ئۈمىدلەندۈرۈپ، دوزاختىــن ئاگاھلانـدۇردى. ئاللاھ تائالانىـڭ ۋەدىسـى بىلـەن خۇش بېشـارەت بېرىـپ، تەھدىتلىرىدىــن قورقۇتتـى. ئىنسـانلار پۈتـۈن نەسـىھەتلەرنى سـالماقلىق بىلـەن ئاڭلاشـتى. شـۇنداقتىمۇ يـا بىـر ئـادەم ھەرىكەتكـە ئۆتمىـدى، يـا بىـر ئەخـلاق ئۆزگـەرمىدى.

يازغۇچـىلار پۈتـۈن ئىنچىكـە مەلۇماتلارنــى ئـۆز ئىچىگـە ئالغـان كىتابلارنــى يـازدى. ئەبـۇ بەكـرى رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ بىلـەن ئۆمـەر رەزىيەللاھۇنىـڭ زاھىدلىقـى، ئەلـى ئىبنـى ئەبـى تالىـب رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇنىــڭ راھــەت ـ پاراغەتكـە بېرىلمەسـلىكى، ھەسـەن بەسـرىي رەھىمەھۇللاھنىـڭ نەسـىھەتلىرى، زۇننـۇن مىسـرىينىڭ تەسـىرلىك سـۆزلىرى، فۇزەيـل ئىبنـى ئىيازنىـڭ قەلبلەرنـى ئېرىتىدىغـان ۋەز ـ نەسـىھەتلىرى، ئەبـۇل ئەتاھىيەنىـڭ زاھىدلىقـى، ئىبنۇلجەۋزىينىـڭ پاسـاھىتى، ئىمـام غەززالىينىـڭ تەھلىلـى قاتارلىـق نـازۇك مەلۇماتـلار مەزكـۇر كىتابـلاردا يـەر ئالـدى.

بايـلار، مەنسـەپدارلار ۋە شـاھزادىلەر ئاشـۇ كىتابلارنــى يىغىـپ سـاقلايدۇ، قىرائەتخانىلىرىنــى شـۇ كىتابــلار بىلــەن بېزەيــدۇ، ھۇزۇرىغـا كەلگـەن سۆھبەتداشـلىرىغا مەزكـۇر كىتابلارنــى ماختــاپ ئۇچۇرۇۋېتىــدۇ. بىــراق، ئـۇ كىتابــلاردا يېزىلغانلارنىــڭ تەسـىرى

كۆزدىن دىلغا كىرمەيدۇ، پوكاننىڭ ئاستىغا ئۆتمەيدۇ.

بىر قىسىم تالانتلىق ناتىقلار پاكىنىمۇ تەسىرلەندۈرەلەيدىغان پاساھەتلىك سۆزلەرنى قىلغاندا، ئۇلارنىڭ تەسىرلىك سۆزلىرىنى ئاڭلىغان بايلار، ۋەزىر ـ ۋۇزرالار ۋە شاھزادىلەر ئۇلارنى ماختاپ، تىلىقىپ، «خويمۇ ئوبدان گەپ قىلدىڭلا، تەقسىر!» دەپ كۆككە ئۇچۇرۇپ قويۇپ ئۆز يولىغا مېڭىۋېرىدۇ، خاتالىقلىرىغا قىلچە پۇشايمان قىلمايدۇ، يامانلىقلاردىن توختىمايدۇ ۋە ئاللاھ تائالاغا ئاسىي بولماسلىقنى ۋەدىمۇ بەرمەيدۇ.

ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بەزى سۆزلەر يۇقىرىقىدەك پاساھەتلىك بولمىسىمۇ، قەلبلەرنى تىترىتىپ، كۆزلەردىن تاراملاپ ياش ئاققۇزالايدۇ، سارايلارنى تەۋرىتىپ، تەختلەرنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتەلەيدۇ. ئىبنى ئەدھەم ۋە بەلخىينىڭ قېرىندىشىغا ئوخشاش شاھزادە ۋە ئەمىرلەرگىمۇ تەسىر قىلىپ ئۆزگەرتەلەيدۇ. قارىماسىز، ئۇلاردىن بىرى تاماشا قىلىپ، كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن سارايدىن ئايرىلدى. يولدا كېتىۋېتىپ بىرىنىڭ: ﴿مۇئمىنلەرگە دىللىرى ئاللاھنىڭ زىكرىگە ۋە نازىل بولغان ھەقىقەتكە (يەنى قۇرئان ئايەتلىرىگە) ئېرىيدىغان ۋاقىت كەلمىدىمۇ؟﴾[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپلا: «ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، قەلبلەر ئېرىيدىغان ۋاقىت كەلدى» دېگىنىچە چالغۇ ئەسۋابلىرىنى سۇندۇرۇپ ئاتتى. پادىشاھلارمۇ كىيىمىنى تاشلاپ، پېقىر ۋە زاھىدلارنىڭ ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇش يولىغا قايتتى.

ئەجەبا، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ سۆزلەر مەنىلىرىنى يوقاتتىمۇ؟ ياكى ئېستېتىك زوقلار بىتاپ بولۇپ، مەجروھلىنىپ قالدىمۇ؟ ياكى تىللار شۇنچىۋالا چۈشىنىكسىزلىشىپ كەتتىمۇ؟ زادى نېمە ئىش بولدى؟

دەرھەقىقەت، بۇلاردىن ھېچبىرى يۈز بەرگىنى يوق. پەقەت ئىنسانىنىڭ پىسخىكىسى تونۇغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە

[1] «ھەدىد»: 16 ـ ئايەت.

ئۆزگىرىپ كەتتى. بۈرۈنقى زاماندا «دىن» ئىشلىرىغا (ئەخلاقىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىن بىر قىسىم ئەيىب - نۇقسان ۋە ئىللەتلەر بولسىمۇ) جىددىي پوزىتسىيە تۇتۇلاتتى، ھەرگىز مەسخىرە قىلىنمايتتى، ھەممەيلەن دىنني ئەمەللەرنى رىئاللىقتىكى ئىشلارغا ئوخشاش مۇھىم دەپ قارايتتى. بەزىدە ھەشەمەتچىلىك، قەلب قېتىش، شەكىلۋازلىق، خاتا چۈشەنچە ۋە ئىلىم ئازلىق قاتارلىق پەردىلەر توسالغۇ بولسىمۇ، بۇ پەردىلەر ئېچىلىپ، دىنني دەۋەت قەلبلەرگە سىڭىپ كىرگەندە، تەۋبە قىلىشقا ۋە ئەھۋالنى تۈزەشكە ھېچ نەرسە توسالغۇ بولالمايتتى.

ھازىرقى ئەھۋالىمىزغا قارايدىغان بولساق، «دىن» ۋاقتى ئۆتكەن بىر تېمىغا ياكى ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىگىلا ئايلىنىپ قالدى. ھازىرقى جەمئىيەتتە «دىن» بارىسىدا گەپ قىلىش مارىستىكى ئاجايىباتلار ۋە شىمالىي قۇتۇپلار ھەققىدە سۆز قىلىغاندەكلا بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا، «دىن» ئۇلارنىڭ ھاياتىدا سۆزلىگۈچىگىمۇ، ئاڭلىغۇچىغىمۇ پايدىسى ياكى زىيىنى كۆرۈلمەيدىغان، ئۇلاردىن بىر نەرسىگە ئەمەل قىلىشنى ياكى تەرك ئېتىشنى تەلەپمۇ قىلالمايدىغان، مەسىلىلەرنىڭ تېگىگە يەتكۈزەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇلدى. ئىنسانلارغا «دىن»نى يۈزەكى تونۇش بىلەن ئۆزلىرىنى بەزلەش، بەزى سورۇنلاردا ۋەز ئېيتىپ قويۇش، سورالغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىش، مەلۇم مەنپەئەتكە ئېرىشىش، جەمئىيەتتە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق ئىشلاردىن باشقىسىغا ئەھمىيەت بېرىلمەيدىغان ھالەت شەكىللەندى. بولمىسا ئۇلار ھەر دائىم ئۆزلىرىنىڭ دىندار ئىكەنلىكى ۋە «دىن»غا چىن كۆڭلىدىن ئېھتىرام قىلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىشىدۇ - يۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى «دىن»نىڭ قىممىتى ۋاقىتلىق، ماددىي نەرسىنىڭ قىممىتىچىلىكمۇ يوق.

ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەڭ جىددىي مەسىلە ۋە نېگىزلىك ئىش تۇرمۇش ئېھتىياجلىرى بولۇپ، ياشانغانلارنىڭ غېمىنى يېيىش، باللارنى ئوقۇتۇش ۋە ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق

دۇنيالىق مەسىلىلەرلا ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ھاياتلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئەقىللىقلىق ۋە زېرەكلىكنىڭ ئۆلچىمى، ئادەمگەرچىلىك ۋە ئالىيجانابلىقنىڭ سىمۋولى ھېسابلىنىدۇ.

مانا مۇشۇ ئۇقتىدا بىر «دىن» دەۋەتچىسى بولغان كىشى بۇنداق قاتمال ئىدىيەگە ۋە «دىن»غا بۇنداق سوغۇق قارايدىغانلارغا قانداق خىتاب قىلىشتا گاڭگىراپ قالىدۇ. ھەممىگە ئايانكى، دىن دەۋەتچىلىرى بۇنىڭدىن بۇرۇن «دىن»غا قارشى ئىدىيەدىكىلەر بىلەن مۇنازىرىلىشىپ، قارشى تەرەپنى دەلىل - پاكىتلار ئارقىلىق قايىل قىلىپ كەلگەن؛ شۈبھە ۋە ۋەسۋەسە ئىچىدە تېڭىرقاپ قالغانلارنىڭ كۆڭۈللىرىدىكى ئەندىشىلەرنى يوق قىلىپ، ئورنىغا ئىمان ۋە خاتىرجەملىكنى يىلتىز تارتقۇزالىغان ئىدى. بىراق، ئۇلار ھازىر بۇرۇن ئۇچراپ باقمىغان ئىشلارغا دۇچ كەلدى. چۈنكى، ھازىر ئوتتۇرىغا چىققىنى ئىنكار قىلىش، باش تارتىش، چوڭچىلىق قىلىش ۋە ئېتىراز بىلدۈرۈشلا ئەمەس. ھازىر نە قايىل قىلارلىق دەلىل - پاكىت بار، نە پەلسەپە. پەقەت بار بولغىنى دىننى مەسىلىلەردە بىتەرەپلىك، ئاخىرەتكە ئائىت ئىشلارغا ئەھمىيەت بەرمەسلىك، دۇنياغا پۈتۈنلەي بېرىلىپ، دۇنيا ھاياتىدىن مەمنۇن بولۇشتىنلا ئىبارەت.

بۇنداق ئەھۋالدا دەۋەتچى بۇ تىپتىكى ئىنسانلارغا قانداق خىتاب قىلىشتا گاڭگىراپ، قايسى ئىشىكتىن كىرىشنىمۇ بىلەلمەي قالىدۇ. چۈنكى، ئۇ ھەربىر ئىشىكنىڭ مال - دۇنيانىڭ چوڭقۇر مۇھەببىتى بىلەن ئورالغانلىقىنى كۆرىدۇ ۋە مال - دۇنيا يولىدىن باشقا بىرەر يول ياكى كىچىك تاپالمايدۇ. ھالبۇكى، «دىن»نىڭ يولى باشقا، مالنىڭ يولى باشقا؛ ئاخىرەت ئالىمىگە بارىدىغان يول باشقا، ھېسسىي ئالەمنىڭ يولى باشقىدۇر. شۇ ۋەجىدىن، دەۋەتچى نېمە قىلىش ۋە نەدىن باشلاشتا گاڭگىراپ قالىدۇ.

دەۋەتچى كۆپچىلىككە «دىن» ھەققىدىكى پەند - نەسىھەتلىرىنى ئىلمىي شەكىلدە، ساناقسىز دەلىل - پاكىتلار

بىلەن سۆزلىسىمۇ، يەنىلا بىكار، پايدىسى يوق. ئۇلار دەيدۇكى: ﴿ئۇلار (پەيغەمبەرگە): بىزنىڭ دىللىرىمىز سەن بىزنى دەۋەت قىلغان نەرسىلەردىن پەردىلەنگەن، قۇلاقلىرىمىز ئېغىر، سەن بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا پەردە (يەنى دىنىي جەھەتتە ئوخشىماسلىق) بار، سەن ئۆز ئىشىڭنى قىل، بىزمۇ ھەقىقەتەن ئۆز ئىشىمىزنى قىلايلى (يەنى سەنمۇ ئۆز دىنىڭ بىلەن بول، بىزمۇ ئۆز دىنىمىز بىلەن بولايلى)، دەيدۇ﴾[1].

«مىڭبىر كېچە» چۆچەكلىرىدىن مۇنداق بىر ۋەقەلىكنى ئوقۇغان ئىدىم: دېڭىزچى سىندىبات چوڭ بىر تۇخۇم تېپىۋاپتۇ. ئۇ، تۇخۇمنىڭ چوڭلۇقى ۋە سىلىقلىقىغا قاراپ مەرمەردىن سېلىنغان ساراي تېپىۋالدىم دەپ ئويلاپتۇ. سارايىنىڭ ئىچىگە كىرىدىغان ئىشىكنى ئىزدەپ، تۇخۇمنىڭ ئەتراپىدا ئۇياق ـ بۇياققا قاتراپتۇ. تۇخۇمنى بىرقانچە قېتىم ئايلىنىپ چىققان بولسىمۇ، بىرەر ئىشىك تاپالماپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تېپىۋالغان نەرسىنىڭ ساراي ئەمەس، بەلكى چوڭ بىر تۇخۇم ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ.

خۇددى شۇنىڭدەك، دەۋەتچىمۇ مال ـ دۇنيا سۆيگۈسى ياكى يۈز ـ ئابرۇي ھېرىسمەنلىكى كۆڭلىنى تامامەن ئىلكىگە ئېلىۋالغان، كىرىش ئىشىكى يوق بىر نەپسىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرىدۇ ـ يۇ، كىرىدىغان بىرەر يوچۇق تاپالماي، ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، قايغۇرغان ھالدا ئارقىغا قايتىدۇ.

يۇقىرىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسەن دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ جاھىلىيەتتىن ئىبارەت يالماۋۇزنىڭ جېنى دۇنياغا پۈتۈنلەي بېرىلىش، دۇنيا ھاياتىدىن مەمنۇن بولۇش، پۇل ـ مال ۋە ماددىغا چوقۇنۇشتۇر. مانا بۇ يالماۋۇزنىڭ جان تومۇرى ۋە ئەجەللىك يېرىدۇر.

دەۋەتچىلەر دۈشمەننىڭ ئەجەللىك يېرىگە قىلىچ ئۇرۇپ ئۆلتۈرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ھەرقانچە ئۇستا ناتىقلارنىڭ قالتىس سۆزلىرىمۇ، ۋەزخانلارنىڭ تەسىرلىك پەند ـ نەسىھەتلىرىمۇ كار

[1] «فۇسسىلەت»: 5 ـ ئايەت.

قىلمىدى. تالانتلىق قەلەمكەشلەر يازغان كىتابلارنىڭمۇ ئەھمىيىتى بولمىدى. سەممىي ئىنسانلارنىڭ سەممىيەتلىرىنىڭمۇ ھېچقانداق پايدىسى بولماي، دانىشمەنلەرنىڭ ھېكمەتلىرىمۇ ئىشقا يارىمىدى.

ياۋروپانىڭ ئىشغالىيەت دەۋرىدە ماتېرىيالىزم ئەڭ يۇقىرى چەككە يېتىپ، پەلسەپە، پەن ـ تېخنىكا، ھايات ۋە دۇنيا ھەممە ساھەنى قاپلىدى. بۈگۈنكى كۈندە كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەر ساھەسى ۋە ھەرقانداق پائالىيەت مەركىزىلا بولىدىكەن، بۈنىڭدىكى تۈھپە بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا ياۋروپانىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي كۈچىگە، خەلقئارا سودا ئۈرۈشىغا مەنسۇپ بولىدىغان ھالەت شەكىللەندى.

غەرب سودىگەرلىرى بايلىق ۋە پۇل ـ مالنى ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرۈشتە، سانائەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدە پۈتۈن ماللارنى مونوپول قىلىشتا بەيگىگە چۈشتى. ئىشلەپچىقارغان تاۋارلىرى بىلەن شەرقلىقلەرگە ئۇرۇش ئېچىپ، ئۇلارنىڭ قان ـ تەرىنى رەھىمسىزلەرچە شورىدى. ئەمما، بۇمۇ ئۇلارنىڭ ئاچ كۆزلۈكىنى تويغۇزالمىدى. چۈنكى، ئېھتىياجىنىڭ چېكى بولسىمۇ، ئاچ كۆزلۈكىنىڭ چېكى يوق ئىدى. ئۇلار يەنە مەدەنىيەت ۋە سانائەت ماتېرىياللىرى، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئىشلەپچىقىرىشتا رىقابەتلىشىپ، تاۋارلىرى شەرق ئەللىرىگە سەلدەك ئېقىپ كىردى. مەھسۇلاتلىرىنى بازار تاپقۇزۇش ئۈچۈن ھەرقانداق پەم ـ پاراسەت، ئەدەبىيات، پەلسەپە ۋە سىياسىي تاكتىكىلارنى قوللىنىپ، شەرقلىقلەرنىڭ گوللۇقى، داڭلىنىش ۋە شان ـ شەرەپكە ئاشىقلىقىدىن ئىبارەت ئاجىزلىق نۇقتىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلاندى. نەتىجىدە، بۇ تاۋارلار شەرقلىقلەرنىڭ زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئۇنىڭغا ساھىب بولمىغانلار ئۆلۈك سانىلىدىغان، جەمئىيەتتە چەتكە قېقىلىدىغان ھالەت شەكىللەندى. بۇ ئارقىلىق ئۇلار شەرقلىقلەرنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ «دىن»دىن، ئاخىرەتتىن ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە نەرسىدىن ئايرىدى. ئۇلارنى مال ـ دۇنياغا مەپتۇن قىلىپ، پۇتمەس ـ تۈگىمەس غەم ـ ئەندىشىلەر قايىنىمىغا تاشلىدى.

شۇنىڭ بىلەن شەرقلىقلەر ئۇچۇن بۇ دۇنيا ھاياتى «يەنە بارمۇ؟» دەيدىغان ئاچ كۆزلۈكتىن باشقىسى قۇلاققا كىرمەيدىغان جەھەننەمگە ئايلاندى.

شەرقلىقلەر ياۋروپادا ئاللىبۇرۇن مودىدىن قېلىپ، ئاسارئەتىقىگە ئايلىنىپ بولغان مەزكۇر ھەشەمەتلىك تاۋارلارغا ۋە كۆندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىغا قانچىلىغان جاپا ـ مۇشەققەتلىك كۆۋرۈكلەردىن ئۆتۈپ، تىكەنلىك يوللارنى كېزىپ يۈرۈپ ئىنتايىن تەسلىكتە ئېرىشەلەيدۇ. غەربلىكلەر شەرقلىقلەرگە يېڭى ـ يېڭى تاۋارلار بىلەن پات ـ پات ھۇجۇم قىلىپ تۇرىدۇ. ئاندىن شەرقلىقلەر يېڭى تاۋارلارغا ئىگە بولۇش ئۇچۇن يوللۇق ياكى يولسىز ھالدا، كېتەرلىك پۇل ـ مال توپلاش ئۇچۇن تېپىچەكلەشكە باشلايدۇ. شەرق جەمئىيىتى بۇ يېڭى تاۋارلاردىن خەۋەردار بولار ـ بولمايلا كونىسى كېتىپ، يېڭىسى كېلىدۇ. شەرقلىقلەرنىڭ ھاياتى ئەنە شۇنداق غەربتە ئاللىبۇرۇن «مودىدىن قالغان مودا»نى قوغلىشىپ، ئېغىر جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدىلا ئۆتىدۇ. شەرقلىقلەر غەربلىكلەرنىڭ كارخانىلىرى ۋە ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىنى دەپ بەيگىگە چۈشىدۇ. ئەمدى بىرىنىڭ كەينىدىن يەتسە، يەنە بىرى چىقىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلايدۇ... ئۇلارنىڭ ھاياتى ئەنە شۇنداق ئايىغى چىقماس غەم ـ غۇسسە ئىچىدىلا ئۆتىدۇ. پۈتۈن ئۆمرىدە يا غەمدىن قۇتۇلالمايدۇ، يا شۇنچىۋالا خاپىلىق ئىچىدە ئۆلەي دەپمۇ ئۆلەلمەيدۇ.

غەربلىكلەر بىلەن شەرقلىقلەرنىڭ ئىرقى ھەم ۋەتىنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بولسىمۇ، غەربلىكلەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە تىجارەتلىرى شەرقلىقلەرنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى ۋە ئىستېتىك زوقلىرىنى بۇزۇۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن مۇستەھكەم ئىرادىلىك كىشىلەرنى يوقىتىپ، قەلبىدىكى ھايات چوغلىرىنى ئۆچۈرۈپ تاشلىدى. ئەرەبنىڭ جەسۇرلۇقىنى ۋە ئەجەمنىڭ يىگىتلىكىنى ئېرىتىۋەتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا ياۋروپاچە زەيپانىلىك ۋە خېنىم مىجەزلىكنى پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەرەبلەردىكى چەۋەندازلىق، تۈركلەردىكى باتۇرلۇق، پارسلاردىكى مەردلىك،

ھىندلاردىكى قەھرىمانلىق ۋە ئافغانلاردىكى جاسارەت ئۈتمۈشكە ئايلاندى. نەتىجىدە، خاپىلىق ۋە زىياندىن باشقىنى ئېلىپ كەلمەيدىغان ياۋروپانىڭ يالتىراق تۇرمۇشىنىڭ تاشلاندۇق شەكلى شەرقلىقلەرنىڭ شەھەر - يېزىلاردىكى تۇرمۇشىغا ئايلاندى.

پۈتۈن ئىسلام ئەللىرىدىكى ئىنسانلار ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ شىددەتلىك كەلكۈنىگە بوغۇلۇپ، ھېچ ئىشقا يارىمايدىغان ئەخلەت - چاۋالاردەك ئېقىپ كېتىۋاتىدۇ. قارىماسىز، دادا بالىغا ئىگە بولالمايۋاتقان، ئائىلە باشلىقى ئائىلىسىگە گەپ ئۆتكۈزەلمەيۋاتقان، ئىنسان ئەل - جامائەتنىڭ ھەرقانچە تەنقىدىگە ئۇچرىسىمۇ، ھەرقانچە ۋىجدان ئازابى تارتسىمۇ، ھاۋايى - ھەۋىسى ئالدىدا ئۆزىنى تۇتالمايدىغان ھالغا كەلدى. ئاتالمىش «مەدەنىيەت» دولقۇنىغا غەرق بولدى. ئەجەملەردىن بىر قىسىم يالاڭ تۆشلەر ئەمدى ئەتىگىنى بىر خىل كىيىنسە، كەچتە بىر خىل كىيىنمەكتە. نامراتلىقتىن ئۇچىسىدا تۈزۈك كىيىم يوق، يالىڭاياغ يۈرىدىغان پادىچى ئەرەبلەرمۇ ئېگىز بىنالاردا پەخىرلىنىپ، ئامېرىكىنىڭ ئەڭ يېڭى تىپتىكى ماشىنىلىرى بىلەن ماختىنىپ يۈرۈشمەكتە. نىھايەت، تارىخ ۋە ئەدەبىياتتا شانلىق سەھىپىلەر ياراتقان ئەرەب ئارىلىدىكى نەسىللىك ئاتلارنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىش گىردابىدا تۇرماقتا. ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئوتتۇرا شەرق بازارلىرى ياۋروپا ماللىرى بىلەن تولۇپ تاشماقتا. بۇ ئىشلار ياۋروپانىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەڭ كۈچلۈك ھۆكۈمران بولۇشىغا، ئىسلام دۇنياسىنىڭ مۇقەددەس شەھەرلىرىدە ئىقتىسادىي جەھەتتىن چوڭقۇر يىلتىز تارتىشىغا سەۋەب بولماقتا.

ئىسلام ئەللىرى ئەجنەبىيلەرنىڭ تاۋارلىرىغا شۇ دەرىجىدە مەپتۇن بولۇپ كەتتىكى، تۇرمۇشى ئۇلارسىز تەسەۋۋۇر قىلىنمايدىغان، ھېيت - بايراملىرى ئۇلارسىز ئۆتمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. ياۋروپالىقلار تاۋارلىرى ئارقىلىق خۇددى سۇ ھايۋىنىغا ئوخشاش ئۇلارنىڭ ماللىرىنى ھەتتا قانلىرىنى شوراپ، ئۆزلىرىنىڭ مەملىكەتلىرىگە تۆكىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ «دىن»ىدىن يىراقلىشىش ۋە ئەخلاقىي بۇلغىنىش بەدىلىگە تەر تۆكۈپ، جاپالىق

ئىشلەپ تاپقان ماللىرى يات ئەللەرگە ئاقىدۇ.

ئىسلام دۆلەتلىرى ئۆزلىرىنىڭ دىيىشىچە دۆلەتنى گۈللەندۇرۇش، خەلقنىڭ دىيىشىچە ئەمەلدارلارنىڭ يانچۇقلىرىنى توملاش ئۈچۈن يات ئەللەردىن قەرز سورىدى. ئۇلارمۇ ئىسلام ئەللىرىدە سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن بىر قىسىم ئىمتىياز ۋە ھوقۇقلارغا ئىگە بولۇش شەرتى بىلەن بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مۇستەملىكچىلەر ئىسلام ئەللىرىنى گويا سىغىن ئىنەكنى ساغقاندەك سىغىپ ھەتتا خەزىنىدىكى قارا ئالتۇن، سانائەت ۋە تىجارەتنىڭ جان سۈيى بولغان نېفىت قاتارلىقلارنى ئۆزلىرىگە ئېقتتى. ھالبۇكى، مەزكۇر بايلىقلارنىڭ ئەسلىي ساھىبلىرى بولمىش بىچارىلەر جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ئېغىر باج - سېلىقلار ئاستىدا ئېزىلمەكتە، پەرۋانە كەبى ئۆزلىرىنى ئوتقا ئېتىپ، ئاچ - زارلىق ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرمەكتە. شۇنداق قىلىپ، ئىسلام ئەللىرى دىنسىزلىق ۋە جەتتەل كۈچلىرىنىڭ ئىشغالىيىتىگە ئوخشاش خەتەرلەر ئارىسىدا قالماقتا.

يەنە بىر تەرەپتە، فىرانسىيە ئىشغالىيىتى ئاپىرىدە قىلغان، ياۋروپادىكى باشباشتاقلىق ۋە ئەخلاقسىزلىق ئېمىتىۋاتقان، كوممۇنىزم ئوزۇقلاندۇرۇۋاتقان «بەشىنچى تابۇر» ناملىق زەھەرلىك بىر ئەدەبىيات بار. بۇ، قەلبلەرگە نىفاق ئۇرۇقى چاچىدىغان، شەھۋەت كۆچەتلىرىنى سۇغىرىدىغان، ئىمارەتلەرنىڭ تۈۋرۈكلىرىنى ئۆرۈيدىغان، ئائىلە ئىنتىزامىنى بۇزىدىغان، ھەرقانداق ئېسىل ئەخلاقنى كەمسىتىدىغان، ھەر تۈرلۈك تەربىيە ۋە تۈزۈمنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ئوقۇغان ئادەمنى مەنپەئەتپەرەس ۋە پۇرسەتپەرەسكە ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان ۋەيران قىلغۇچى بىر ئەدەبىياتتۇر. ئۇ پۈتۈن تارىخ، پەلسەپە ۋە ئىلىمنى پۇل - مالنى سۆيۈش ۋە جىنسىي ئالاقىگە قىزىقىش دائىرىسىگىلا يىغىنچاقلايدۇ، پۈتۈن ئالەمنى گويا مۇشۇ ئىككى تۈيغۇنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئىلمىي ھەقىقەت، ئالىي پىرىنسىپ ۋە نىشانىنىڭ بارلىقىنى قوبۇل قىلمايدۇ.

بۇ «تابۇر» دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئەدەبىيات، رادىيو، كىنو ۋە گېزىت ـ ژۇرناللار ئارقىلىق تارقالدى. ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان شەھەرلىك، يېزىلىق ھېچكىم قالمىدى. ھەتتا، ئۆيدىكى كىچىك قىزلارمۇ شۇ ھەقتە پاراڭلىشىدىغان بولدى. نەتىجىدە، ئۇ ئىسلام كۈلتۈرى ۋە ئەدەبىياتىنى يىقىتىپ، ئىسلامنىڭ ئەڭ مۇقەددەس شەھەرلىرىگىچە يېتىپ باردى.

پۈتۈن دۇنيا ئەللىرى، ھۆكۈمەتلەر ۋە شەخسلەر، ماددىي كۈچ ـ قۇۋۋەت، نام ـ ئاتاق ۋە شەھۋەتنىڭ كونتروللۇقى ئاستىغا كىرىپ، مۇشۇلاردىن باشقىنى خىيال قىلمايدىغان بولدى. ھەتتا، بۇ يولدا پۈتۈن ماددىي ۋە مەنىۋى بارلىقىنى سەرپ قىلىشتىنمۇ يانمايدىغان ھالغا يەتتى. بۇ ئىشلار ئىنساندا شۇنداق بىر شەخسىيەتچىلىك تۇيغۇسى ياراتتىكى، ماددىنىلا ئىشىنىدىغان، دۇنيالىق بەخت ـ سائادەت ۋە ھۇزۇر ـ ھالاۋەتتىن باشقىنى ئويلىمايدىغان، ئاللاھ تائالا ھەققىدە ھېچبىر دەلىل ـ پاكىت چۈشۈرمىگەن دۇنيا ھاياتىدىن ۋە ئۇنىڭدىكى ساختا راھەت ـ پاراغەتتىن باشقىسىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان بولدى. بۇ شەخسىيەتچىلىك ئىنسانغا ساختا ھاياتنى، بۇزۇق جەمئىيەتنى، ئاچ كۆز تىجارەتچىلىكنى قوبۇل قىلدۇردى.

غەيبكە ئىشىنىش، ئاخىرەت كۈنىنى دۇنيا ھاياتىدىن ئۈستۈن بىلىشنى ئاساس قىلغان بىر «دىن» ماددىغا چوقۇنىدىغان كۆڭۈلدە قانداقمۇ ئورۇن تۇتسۇن دەيسىز؟! ئاللاھ تائالا بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: ﴿***دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئويۇن. كۈلكە ۋە غەپلەتتىن ئىبارەتتۇر. شۈبھىسىزكى، ئاخىرەت يۇرتى ھەقىقىي ھايات (يۇرتىدۇر)، ئەگەر ئۇلار بىلسە ئىدى (بۇ دۇنيانى ئۇ دۇنيادىن ئارتۇق كۆرمەيتتى)***﴾[1]؛ ﴿***كىمكى (كۇفرىدا، گۇناھتا) چېكىدىن ئاشىدىكەن، دۇنيا تىرىكچىلىكىنى (ئاخىرەتتىن) ئارتۇق كۆرىدىكەن، ئۇنىڭ جايى ھەقىقەتەن جەھەننەم بولىدۇ. پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا (سوراققا تارتىلىشتىن) قورقىدىغان، ئۆزىنى نەپسى خاھىشىغا بېرىلىشتىن (يەنى ھارام قىلىنغان***

[1] «ئەنكەبۇت»: 64 ـ ئايەت.

*نەرسىلەردىن) چەكلىگەن ئادەمگە كەلسەك، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ جايى جەننەت بولىدۇ﴾*[1].

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ئاخىرەت ھاياتىدىن باشقا ھايات يوقتۇر»[2]؛ «جەننەت ئىنسانىنىڭ نەپسى خالىمايدىغان نەرسىلەر بىلەن ئورالغاندۇر»[3].

بۈگۈنكى كۈنىمىزگە قايتىپ كېلىدىغان بولساق، دەۋرىمىزدە «دىن»نىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى، ئەڭ زىيانلىق ئاپىتى ۋە ئەڭ چوڭ رىقابەتچىسى ماددىغا چوقۇنۇشتۇر. بۇنىڭغا رەھبەرلىك ۋە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقانلار بولسا دەل ياۋروپالىقلاردۇر. ماددىغا چوقۇنۇش روھى تۆرىلىپ، قانات چىقىرىپ ئۇچىدىغان، تۇخۇم بېسىپ چۈجىلەيدىغان ئۇۋا يەنىلا ياۋروپادۇر.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن «ئادەم بىلەن يالماۋۇز»نىڭ ھېكايىسىنى تارىخ ۋە رېئاللىق سەھنىسىدە نامايان قىلالايدىغان قەھرىمان نەدە؟

ئۆز كىملىكىنى يوقاتماي ۋە قىممەت قاراشلىرىنى بۇلغىماي تۇرۇپ، شىددەتلىك ئېقىپ كېلىۋاتقان بۇ كەلكۈنگە «توختا!» دېيەلەيدىغان، ئۇنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، ئارقىغا چېكىندۈرەلەيدىغان، ئۇنىڭ ئالدىدا گويا بىر تاغ ياكى قورام تاشتەك تىكىلىپ تۇرالايدىغان ئۈممەت نەدە؟

«ئادەم بىلەن يالماۋۇز» ھېكايىسىدىكى ئادەمنىڭ رولىنى ئوينىيالايدىغان قەھرىمان تا دەۋر قىيامەتكىچە تىللاردا داستان بولىدىغان، قەھرىمانلار ئىچىدىكى ئەڭ بۈيۈك قەھرىمان، يىگىتلەر ئىچىدىكى ئەڭ مەرد يىگىت ھېسابلىنىدۇ.

شىددەتلىك ئېقىپ كېلىۋاتقان بۇ كەلكۈنگە قارشى تۇرۇپ، يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان ئۈممەت دۇنيادىكى پۈتۈن

[1] «نازىئات»: 37—41 ـ ئايەتلەر.
[2] «بۇخارىي»، 2961 ـ ھەدىس.
[3] «مۇسلىم»، 2822 ـ ھەدىس.

مىللەتلەرنىڭ رەھبىرى ۋە يېتەكچىسىگە ئايلىنىدۇ. ئەنە شۇنداق قەھرىمان نەدە؟ شۇنداق ئۇممەت نەدە؟ ئەجەبا، ئىسلام ئۇممىتى ۋە ئەرەب دۇنياسى بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىپ «مانا بۇ يەردە» دېيەلەمدۇ؟

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

# ئىمان ۋە ئەخلاق كرىزىسى[1]

گەپنى قەيەردىن باشلاي؟ دەيدىغانلىرىم ۋە دەردلىرىم بەك كۆپ. كىشىنىڭ دەيدىغانلىرى ۋە دەردلىرى بەك كۆپ بولۇپ كەتسە، قەيەردىن باشلاشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالىدىكەن.

مەن پەقەت سىلەرگە ئۆزۈم ئىشەنگەن ۋە ئەقىدە قىلغان بىرنەرسە توغرۇلۇق سۆز قىلماقچىمەن. سىلەرنىڭ قىزىقىشىڭلارغا بېقىپ، قۇلاقلىرىڭلارغا خۇشياقىدىغان گەپلەرنى قىلىش نىيىتىم يوق. ۋىجدانىم ۋە ئىمانىم رازى بولىدىغان سۆزلەرنى قىلالىساملا، ماڭا شۇ كۇپايە. چۈنكى، ۋىجدانىم ئارام تاپسا، ئەلۋەتتە سىلەرنىمۇ رازى قىلدىم دەپ ئويلايمەن.

سىلەرگە ئىلمىي ياكى تارىخىي بىر تېمىدا سۆز قىلماقچىمۇ ئەمەسمەن. چۈنكى، سىلەرمۇ بۇ تېمىلاردا توختىلىپ، قانائەتلىنەرلىك قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويالايسىلەر. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز بۇنداق پاراڭلارغا خېلى تويۇندۇق دەپ قارايمەن.

سىلەر ئىنسانلارنىڭ ھەر تۈرلۈك ئىقتىسادىي، سىياسىي كىرىزىس ۋە قىيىنچىلىقلار ھەققىدىكى پاراڭلىرىنى كۆپ ئاڭلاپ كېلىۋاتىسىلەر (دېمىسىمۇ، دەۋرىمىز كىرىزىسلار ۋە قىيىنچىلىقلار دەۋرىدۇر). يەنە بەزىلەرنىڭ ھاكىمىيەتتىن ۋە ئىجتىمائىي كىرىزىسلاردىن باتناپ يۇرۇۋاتقانلىقىنىمۇ كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. بىراق، شۇنى كېسىپ ئېيتالايمەنكى، بىرىنچى ئورۇندا قويۇشقا تېگىشلىك كىرىزىس ئىمان ۋە ئەخلاق كىرىزىسىدۇر. سىلەر

[1] بۇ لېكسىيەنى 1956 ـ يىلى ئىيۇل ئېيىدا، باغداتتىكى «پەلەستىن قۇتقۇزۇش جەمئىيىتى»نىڭ مەركىزىدە سۆزلىگەن ئىدىم. (مۇئەللىپ).

يەر يۈزىنى كېزىپ، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئەھۋاللىرىغا قاراپ باقساڭلار، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىنسانلار دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ مۇھىم كىرىزىسنىڭ پەقەت ئىمان ۋە ئەخلاق كىرىزىسىدىن ئىبارەت بىرلا كىرىزىس ئىكەنلىكىنى كۆرىسىلەر. مانا بۇ، كىرىزىسلار ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ كىرىزىس، مۇسىبەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئېغىر مۇسىبەتتۇر. ئىنسانلار دادلاۋاتقان كىرىزىسلار ۋە قىيىنچىلىقلارنىڭ ئاساسلىق مەنبەسىمۇ دەل مۇشۇ. ئارىمىزدىن يوقالغان ۋە شۇنىڭ بىلەن بىز ئالەمشۇمۇل مۇسىبەتكە مۇپتىلا بولغان بىردىنبىر نەرسە ئىمان گۆھىرىدۇر. شەخسلەر، جەمئىيەتلەر، دۆلەتلەر ۋە خەلقئارالىق ۋەزىيەتلەر ئومۇميۈزلۈك بۇزۇلۇپ، ئالەمشۇمۇل بالايىئاپەتلەرگە گىرىپتار بولۇشىمىزغا سەۋەب بولغان يېگانە نەرسە ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشىدۇر. چۈنكى، ئىنسانلار بىر - بىرىدىن پەرقلەنمەيدۇ، قىيامەتكىچە شۇنداق داۋاملىشىدۇ. قارىماسىز، بىزمۇ بىر ئىنسان، بىزنى ئىدارە قىلىۋاتقانلارمۇ ھەم ئىنسان. بىراق، پۈتۈن دۇنيادا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان كىرىزىس ئىمان ۋە ئەخلاق كىرىزىسىدۇر. نۇرغۇن ئىنسانلار پۈتۈن مەسىلە ھۆكۈمەت ۋە پارتىيەگە قاراشلىق دەپ ئويلاپ، بىر كابىنېت كېتىپ، ئورنىغا باشقىسى كەلسە ياكى بىر پارتىيە كېتىپ، باشقا بىرى كەلسە، كىرىزىس ھەل بولۇپ، قىيىنچىلىق تۈگەيدۇ دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ كالتا پەملىك ۋە ئالدىراقسانلىق بىلەن چوتنى خاتا سوقۇشتۇر. چۈنكى، نۆۋەتتىكى مەسىلە پارتىيە ياكى ھۆكۈمەت مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى ئەقىل، ئەقىدە، نەپس ۋە قەلب مەسىلىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. بىر پارتىيە كېتىپ، باشقىسىنىڭ كېلىشى؛ بىر ھۆكۈمەتنىڭ ئورنىغا باشقىسىنىڭ ئالمىشىشى ھېچ نەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. چۈنكى، ئىنسانلاردا ماددىغا چوقۇنۇش، نەپسانىيەتچىلىك ۋە ئۆز نەپسىگىلا چوغ تارتىش قاتارلىق ئىللەتلەر قاتتىق ئەۋج ئالدى. بۇ نەپسلەر بەزىدە تارىيىپ، پەقەت شەخسلەرگىلا ئايلىنىدۇ؛ بەزىدە كېڭىيىپ، پارتىيە ياكى گورۇھقا ئايلىنىدۇ. ھازىر پۈتۈن دۇنياغا مانا مۇشۇ زېھنىيەت ھۆكۈمران

بولماقتا. بىز دۆچ كېلىۋاتقان پۈتۈن جەمئىيەت ئەھۋالىنىڭ چىرىكلىشىشىنىڭ سەۋەبى دەل مۇشۇ مەنىۋى چىرىكلىك، ماددىغا چوقۇنۇش، ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈنلا ئىشلەيدىغان، شەخسىيەتچى، ئۆزۈمچى زېھنىيەتنىڭ ھاكىم ئورۇندا تۇرۇشىدۇر.

ئەزىز قېرىنداشلار! مانا بۇ، كېسەللىكنىڭ دەل ئۆزىدۇر. شۇڭا، ئۆز - ئۆزۈڭلارنى ئالدىماڭلار. كۆزۈڭلارنى يوغان ئېچىپ ھەقىقەتنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا قارىغىنىڭلاردا، پۈتۈن بالايىئەزىمنىڭ تۈپ يىلتىزىنىڭ بىر نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتەلەيسىلەر. ئۇ بولسىمۇ «نەپسكە چوقۇنۇشتۇر». ماددىغا چوقۇنىدىغان بۇ نەپسلەر ئۆزگەرمىسە، ئەھۋال ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ.

گېزىت - ژۇرناللاردا تارقىلىۋاتقان، ئۇزۇن يىل ھەرقايسى ئەللەرنى ھالىدىن كەتكۈزۈۋېتىدىغان شىددەتلىك ئۇرۇشلارغا سەۋەب بولىدىغان رىقابەت شەخسىي غەرەزلەر ئۈچۈن رىقابەتلىشىشتۇركى، ھەرگىز ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئارىسىدىكى رىقابەت ئەمەس. دەرۋەقە، ياۋروپا ئەللىرى ئارىسىدا بولۇۋاتقان كۈرەش ھېچقاچان ئاللاھ تائالا مۇنۇ ئايەتتە: ﴿***(ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغانلار) شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر (يەنى ھەممە ئىشلار ئاخىرەتتە ئاللاھقا قايتىدۇ)***﴾[1] دېگەندەك ناچار ۋەزىيەتنى تۈزەش، ئىنسانىيەتكە خىزمەت قىلىش، ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىنى ئىجرا قىلىش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، ئىنسانلار ئارىسىدا باراۋەرلىكنى ساقلاپ، ئادالەت بەرپا قىلىش، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش، نامازنى ئادا قىلىش ۋە زاكاتنى بېرىش ئۈچۈن ئەمەس.

ياق، ئەي قېرىنداشلار! بۇ بىر ھوقۇق كۈرىشىدۇر. ھەر مىللەت ئۆزىنىڭ ھاۋايى - ھەۋەسلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ھۆكۈمران

---

[1] «ھەج»: 41 - ئايەت.

بولماقچى. بۇ تالاش ـ تارتىشلارنىڭ ھەممىسى ھەرقانداق ئىشتا كېسىپ ـ پىچالايدىغان بولۇش، ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىنى قاندۇرالايدىغان كۈچكە ئىگە بولۇش ۋە ئۆز پارتىيەسىنىڭ مەنپەئىتىگىلا ئىشلەش ئۈچۈندۇر.

مەسىلەن، ئەنگلىيە ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ كوممۇنىزم لاگېرىغا قارشى تالاش ـ تارتىشلىرى ھەقىقەت ۋە ئادالەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئەمەس. شۇنىڭدەك، كوممۇنىزم لاگېرىنىڭ ياۋروپا مىللەتلىرى بىلەن پات ـ پات چېكىشىپ قويۇشىمۇ، ھېچقاچان ئادالەت بەرپا قىلىش يولىدا بولغان ئەمەس. چۈنكى، ئۇلارنىڭ دىن ۋە پەزىلەت بىلەن ئىشى يوق. ئۇلار ھەرگىز ئىنسانىيەتنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت كوممۇنىستلارنىڭ ئىنسانىيەتكە رەھبەرلىك قىلىدىغان، خەلقئارا تىجارەتنى كونترول قىلىدىغان بىردىنبىر كۈچ بولۇشى ئۈچۈنلا كۈرەش قىلىدۇ. ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى مىللەت ۋە خەلقلەرنىڭ قان ـ تەرى بەدىلىگە ئۆزلىرىنىڭ قىممەت قاراشلىرىغا ئىشەنگەن ۋە ئۆز سېپىگە قوشۇلغانلارنىڭ بەختىيار ياشىشى ئۈچۈنلا كۈرەش قىلىدۇ.

بۇ ئۇرۇشلارنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى ئۆز نەپسىنى قاندۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا چوقۇنۇشتۇر. بۇ رەزىل، چىركىن، سېسىق نەپس ئۆزگەرمىگۈچە، دۇنيانىڭ تۈزىلىشى، بەخت ـ سائادىتى ۋە پاراۋانلىقىدىن ئۈمىد كۈتۈش «تېرەكتىن ئامۇت كۈتكەندەك»لا بىر ئىشتۇر.

قېرىنداشلار! ئەڭ مۇھىم نەرسە ئىنساننىڭ ئۆزگىرىشىدۇر. دۇنيادىكى ھەممە نەرسە ئىنسانغا بويسۇنىدۇ؛ ئىنسان نەپسىگە، ۋىجدانىغا ۋە ئىمانىغا بويسۇنىدۇ. نەپس، ئىمان ۋە ئېتىقاد تۈزەلسە، ئىنسان تۈزىلىدۇ؛ ئىنسان تۈزەلسە، دۇنيا تۈزىلىدۇ.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، ئىنسان بەدىنىدە بىر پارچە گۆش بار. ئۇ تۈزەلسە، پۈتۈن بەدەن تۈزىلىدۇ. ئۇ بۇزۇلسا،

پۈتـۈن بـەدەن بۇزۇلـىدۇ. بىلىڭلاركـى، ئـۇ بولسـىمۇ قەلبتـۇر»[1].

ئىنسـانلار (بىـر قىسـىم چـالا ئالىملارنىـڭ خۇلاسىسـى بويىچـە) ئۇنـداق ياكـى مۇنـداق ئاسـاس ئۈسـتىگە قۇرۇلغـان ھۆكۈمـەت ياكـى پـالان شـەخس، پـالان پارتىيـە ھاكىمىيـەت بېشـىغا چىقسـا، جاھـان تۈزىلـىدۇ، دەپ ئويلايـدۇ. ھالبۇكـى، ئـۇلار جەمئىيەتنىـڭ بۇزۇلۇشـىنىڭ قەلـب ۋە ۋىجداننىـڭ بۇزۇلۇشـىدىن كېلىـپ چىققانلىقىنـى بىلمەيـدۇ. نەپـس ۋە قەلبلـەر تۈزەلمەيدىكـەن، جەمئىيەتنىـڭ تۈزىلىشـىدىن ئۈمىـد كۈتكىلى بولمايدۇ. قېرىنداشلار! بـۇ، نـەزەر دائىرىسـى تـار بىـر ئادەمنىـڭ سـۆزى ئەمـەس. بەلكـى تەجرىبىلىـك، ئىنسـانلارنىڭ ئەھۋالىنـى ئوبـدان بىلىدىغـان، بـۇ تېمىـدا چوڭقـۇر ئىزدەنگـەن قېرىندىشـىڭلارنىڭ سـۆزىدۇر.

ئىنسـان قاراڭغـۇ ئۆيگـە كىرگەنـدە، چىراغنىـڭ كۇنۇپكىسـىنى باسـماي تـۇرۇپ ئىزدىگىنىنـى تاپالمايـدۇ. ئۆيىنـڭ ئەھۋالىنـى بـەش قولـدەك بىلىدىغـان كىشـىلەر ئۆيگـە كىرىپلا چىراغنىڭ كۇنۇپكىسـىنى بېسىـپ، ئۆيىنـى يورۇتـۇپ ئىزدىگىنىنـى تاپالايـدۇ. بـۇلار پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىـڭ ئىزىنـى بېسـىپ ماڭغانـلاردۇر. كۇنۇپكـا بولسـا ئىمانـدۇر. ئـۇ ئېچىلىپـلا قالسـا، ئۇنىڭدىـن چىققـان نـۇر دولقۇنـى پۈتـۈن دۇنيانـى يورۇتـىدۇ.

مـەن ئـەرەب، ئىسـلام ئەللىـرى ۋە باشـقا ئەللـەردە ئەقلـى ئۆتكـۈر، تەپەككـۇرى كۈچلـۈك، تەجرىبىسـى مولـدەك كۆرۈنىدىغـان كىشـىلەرنى كۆرىمـەن، لېكىـن ئۇلارنىـڭ تەپەككۇرىنىـڭ ناھايىتـى چولتـا، خاملىقىدىـن ھەيـران قالىمـەن.

ئـۇلار سىياسـىي ۋە ئىجتىمائىـي مەسـىلىلەردە پىشـمىغان، چـالا موللىـلاردەك گـەپ قىلىـپ يۈرۈشـىدۇ. پـالان پارتىيـە ھاكىمىيـەت بېشـىغا چىقسـا، مەسـىلە ھـەل بولىدىغانلىقىغـا ئىشـىنىدۇ. دەرۋەقـە، شـۇ پارتىيـە ھاكىمىيـەت بېشىغا چىقىـدۇ ـ يـۇ، ئەھـۋال ئۆزگەرمەيـدۇ، بەلكـى ئەھـۋال ئىلگىرىكىدىنمۇ بەتتـەررەك بولـۇپ،

[1] «بۇخارىي»، 52 ـ ھەدىس.

تېخىمۇ كۆپ قىيىنچىلىقلارغا يولۇقىمىز. ئاندىن باشقا پارتىيەنى سىناپ باقىمىز. ئەپسۇس، يېڭىسى كونىسىدىنمۇ ناچار چىقىدۇ.

بىر شائىر نېمىدېگەن توغرا ئېيتقان: «ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، كۈندۈزلەرنىڭ ھەممىسى بىر ئادەمنىڭ ئوغۇللىرىدۇر. بۇ كېچىلەر بولسا قىز قېرىنداشلاردۇر. شۇڭا، ھېچبىر كېچە ۋە كۈندۈزدىن ئۈتمۈش يىللاردىكى كېچە ۋە كۈندۈزلەرنىڭ قىلمىشىدىن باشقىنى كۈتمە!»[1].

بۇ تەجرىبىلەر بىچارە ئىنسانلارنىڭ بېشىدىن قاچانغىچە كەتمەيدۇ؟ قاچانغىچە پايدىسىز تەھلىل ۋە مۇلاھىزىلەرنى قىلىپ يۈرىمىز؟ ھالبۇكى، پەيغەمبەرلەر بىزگە ساغلام ئىلىم ئۆگەتكەن، كېسەللەرنىڭ شىپالىق دورىسىنى بەرگەن ئەمەسمۇ؟!

ھەقىقەت شۇكى، ئاساسلىق مەسىلە نەپس مەسىلىسىدۇر. بىز مۇشۇ ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈيدىكەنمىز، قىيىنچىلىقلىرىمىز ئەسلا ھەل بولمايدۇ.

بۇ مەدەنىيەتتىكى ئەڭ چوڭ خاتالىق ۋە بالايىئاپەت شەخسلەرگە ئەھمىيەت بەرمەسلىكتۇر. مەدەنىيەت ئىلىملىرى روھقا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. جەمئىيەت، ئىدارە ـ ئورگان، ئىجتىمائىي ھەيئەت ۋە ھۆكۈمەتلەرگە مەركەزلىشىپ، شەخسلەر نەزەرىدىن ساقىت قىلىندى. ھالبۇكى، شەخسلەر جەمئىيەت، ئىدارە ـ ئورگان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسىدۇر. بىز ئۇلارغا ئاۋازىمىزنىڭ بارىچە توۋلاپ:

ـ ھەي ئەپەندىلەر! شەخسلەر مانا ئالدىڭلاردا. ئۇلارنى ئىسلاھ قىلىپ، ساغلام جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا ھازىرلاڭلار! ـ دەيدىغان بولساق، ئۇلار:

ـ بىزنىڭ شەخسلەر بىلەن ئىشىمىز يوق. بىز ھازىر جەمئىيەتلىشىش خاراكتېرىگە ئىگە بىر ئىجتىمائىي دەۋردە

[1] مۇھەممەد ئىبنى ئايدەمر ئەلمۇتەئەسسىمي: «ئەددۇررۇل فەرىد ۋە بەيتۇل قەسىد»، 5 ـ توم، 65 ـ بەت.

ياشاۋاتىمىز، ــ دەيدۇ. ئاندىن بىزنىڭ ئۇلارغا:

ــ جەمئىيەتلىشىشنى قوبۇل قىلىمىز، لېكىن شەخسلەر بولمىغان يەردە جەمئىيەت نېمە قىلسۇن؟ ــ دەيمىز. ئۇلار بۇنىڭغا جاۋابەن:

ــ جەمئىيەت تۈزەلسە، شەخسلەرمۇ تۈزىلىدۇ، ــ دېيىشلىرى مۇمكىن. بار كۈچىنى جەمئىيەتكە قارىتىپ، شەخسلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلغانلار بەئەينى قۇرت يەپ چىرىتىۋەتكەن تاختايلارنى يىغىپ، يۇڭ ياكى يولۇچى كېمىسى ياسىماقچى بولغانلارغا ئوخشايدۇ. يىراقنى كۆرەر بىر كىشى ئۇنىڭغا:

ــ بۇ تاختايلار يۇڭ ياكى يولۇچى كېمىسى ياساشقا يارىمايدۇ، ــ دېسە، ئۇلار ئۇنىڭغا جاۋابەن:

ــ تاختايلار مۇھىم ئەمەس، مۇھىم بولغىنى كېمىدۇر. كېمە ياسىلىپ بولسا، بۇ تاختايلارنىڭ رولى قالمايدۇ. شۇڭا، تاختايلارنىڭ چىرىپ كەتكەنلىكى بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن. بۇزۇق هامان بۇزۇقتۇر. لېكىن، بۇزۇقلار بىرلەشتۈرۈلسە، تۈزۈك پۈتۈپ چىقىدۇ. ئوغرى هامان ئوغرى. لېكىن، ئوغرىلار توپلانسا، شەھەرنىڭ قوغدىغۇچىلىرىغا ئايلىنىدۇ، ــ دەيدۇ.

ئوغرى يەككە هالەتتە ئوغرى، لېكىن ئوغرىلار گۇرۇھى ئىشەنچلىك. ياۋروپاچە زېھنىيەت مانا مۇشۇ. بۇ قانداق مەنتىقە؟

بۆرە هامان بۆرە. بۆرىلەر توپلانسا، پادىچى بولىدۇ. چوغ ئۆينى كۆيدۈرىدۇ. بىراق، چوغلار بىر ئوچاقتا جەملەنسە، ئۆينى ئىللىتىپ، ئىسسىتىدۇ.

بۇ نېمىدېگەن كۈلكىلىك گەپ هە! ئەمەلىيەتتە مەكتەپ، هۆكۈمەت ۋە مەھكىمىلەردە قوللىنىلىدىغان ئاساس ۋە ئۇسۇل مۇشۇ ئەمەسمۇ؟!

هۆكۈمەتلەر، سوتچىلار ۋە ئەسكەرلەر نەدىن كەلگەن؟ بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇزۇق، لاياقەتسىز كىشىلەرمۇ؟ بۇ گۇناھكار توپلار قانداق بولۇپ يۇقىرى سەۋىيەلىك، ئەخلاقلىق سالىھلار توپىغا

ئايلىنىپ قالغان؟

مىڭ ئەپسۇسكى، پۈتۈن دۇنيا ھەتتا ئىلىم ساھەسىمۇ يۇقىرىقى مەنتىقىگە بويسۇنۇپ كەلمەكتە. بۈگۈنكى كۈندىكى شەھەر باشلىقلىرى، ئۇنىۋېرسىتېت مۇدىرلىرى، ئىلمىي ئورگانلارنىڭ باشلىقلىرى ۋە ھۆكۈمرانلار بۇرۇنقى چاغلاردا ھېچبولمىغاندا خىزمەتتىن قوغلىناتتى. ھەتتا، زىندانلارغا تاشلىنىپ، كىچىككىنە خىزمەتمۇ بېرىلمىگەن بولاتتى. ئەمما، ھازىر بۇ زېھنىيەت تەپەككۇرغا شۇنچىلىك تەسىر قىلدىكى، شەخس مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىققانلار قالاقلىق ۋە قاتماللىق بىلەن قارىلىنىدىغان بولدى.

ئەي ئىمانلىق قەلب ساھىبلىرى! سىلەر بىر جەمئىيەت. چىرايىڭلاردا، پاك قەلبىڭلاردا ۋە ساغلام ئەقلىڭلاردا بىز ئارزۇ قىلىۋاتقان پارلاق كەلگۈسى ئۇخلىماقتا. ئۆزۈڭلارنى روھىي، ئەخلاقىي، ئىلمىي ۋە ئىمانىي جەھەتتىن ياخشى تەييارلاڭلار. مانا بۇ، دەۋرنىڭ چاقىرىقى، جىددىي ۋەزىپە، بۈگۈنكى جىھادتۇر.

مەن بارغان ۋە قېرىنداشلىرىمنى زىيارەت قىلغان ھەربىر مەملىكەتتە ئىسلام دۇنياسى مەسىلىسى سۆھبەت تېمىسى بولۇپ كەلدى. ئىسلام دۇنياسى ھېلىھەم مەۋجۇت بىر ھەقىقەتتۇر. ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جاھىل ياكى ئەخمەقتىن باشقا ھېچكىم ئىنكار قىلمايدۇ.

مەن بۇنىڭغا تامامەن ئىشىنىمەن. ھىندىستان، پاكىستان، تۈركىيە، سۈرىيە ۋە مىسىر قاتارلىق ئەللەردە بۇنىڭغا شاھىت بولدۇم. ئەي قېرىنداشلار! سىلەر ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئايرىلماس بىر پارچىسى. ئەگەر سىلەر ئىسلام دۇنياسى بىزدىن باشقا ئىنسانلار بىلەن گۈللىنىدۇ. ئۇنى گۈللەندۈرۈش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز ئەمەس دەپ ئويلىغان بولساڭلار، خاتالاشقان بولىسىلەر. مېنى ئەڭ ئەنسىرىتىۋاتقان ئىش كۆپىنچە ئىنسانلارنىڭ ئۆزىدىن باشقا ھەممە نەرسىگە ئەھمىيەت بېرىشى بولۇپ، بۇ تولىمۇ ئاچچىق رېئاللىقتۇر. مەن دۇنيا ھەققىدە پىكىر قىلىمەن. ئەمما، مەن

پەقەت دۇنيانىڭ بىر پارچىسى. مەن بۇ پارچىنى ئىسلاھ قىلىشقا تىرىشىمەن. مەن نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمنى كۆردۈم. ئۇلار ئۆزى ھەققىدە ئويلانمايدۇ، ئىسلام دۇنياسىنى ئۆزلىرىدىن تامامەن ئايرىم دەپ قارايدۇ. بىز ئاۋۋال ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىشىمىز، ھەربىرىمىزنىڭ ئۈستىدە بىر كىشىلىك مەسئۇلىيەت بارلىقىغا ئىشىنىشىمىز لازىم. بىر جەمئىيەتنىڭ پارچىلىرى تۈزەلگەندە، ئىسلام دۇنياسى تۈزىلىدۇ. قېرىنداشلار! بىزنىڭ ئەھۋالىمىز مۇنۇ مىسالغا ئوخشايدۇ:

بىر پادىشاھ بىر كۆلنى سۈت بىلەن تولدۇرماقچى بولۇپ، كۆلگە سۈت ئەكېلىپ تۆككەنلەرگە ھەق بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىپتۇ. ئاندىن سۈتچىلەردىن بىرى «چوڭ بىر كۆلگە بىرەر چېلەك سۇ تۆككەنگە ھېچنېمە بولماس» دەپ ئويلاپ سۈتنىڭ ئورنىغا بىر چېلەك سۇ تۆكۈپتۇ. باشقىلارمۇ بىر - بىرىدىن خەۋەرسىز ھالدا شۇنداق ئويلاپ كۆلنى سۇ بىلەن توشقۇزۇپتۇ. دەرۋەقە، پادىشاھ ئەتىگەن كۆلنىڭ يېنىغا كەلگەندە، كۆلنىڭ سۇ بىلەن تولدۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

مانا بۇ بىزنىڭ ھېكايىمىزدۇر. بەلكىم ھەربىرىمىز: «مەندەك بىر ئادەمنىڭ بۇزۇق بولۇشى ئىسلام دۇنياسىغا قانچىلىك زىيان ئېلىپ كېلەتتى؟» دەپ ئويلايمىز. ئەمەلىيەتتە بۇ پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنى بۇزغان چۈشەنچىدۇر. ئازراقلا ئويلانساڭلار، پۈتۈن گەپلىرىڭلارنىڭ باشقىلار ھەققىدە بولۇۋاتقانلىقىنى بايقايسىلەر.

قېرىنداشلار! ئۆزۈڭلارغا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن. نېمىشقا ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان ئىشلار بىلەن ئاۋارە بولىسىلەر؟ باشقىلارنىڭ گېپىنى قىلىش ئاسان، ئەمما ئۆزىنى تۈزەش قىيىن. ئىنسان ئاسان ئىشنى قىلىشنى ياقتۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پۈتۈن ئىسلام دۇنياسى ئۆزىنى قويۇپ، باشقىلارغا ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇپ قالغان. بۇ جىددىي تۈزىتىشكە تېگىشلىك چۈشەنچىدۇر.

ئىراقلىقلارمۇ ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىر پارچىسى. ھەربىرىمىز ئۆزىمىزنى ئىسلام دۇنياسىدىن ئىبارەت بىر بىنانىڭ يارىملىق

بىر پارچە خىشى بولۇشقا ھازىرلىشىمىز لازىم. ھەربىرىمىز ساغلام ئىمانلىق، پاك قەلبلىك، پىكرى ئوچۇق، كۈچلۈك، ۋىجدانلىق، قەلبى جۇش ئۇرۇپ تۇرىدىغان مۇجاھىد يىگىت بولۇشىمىز كېرەك. بىز شۇنداق بولالىغىنىمىزدا، ئىشىنىمەنكى، بۇ پىتنە ـ پاساتقا تولغان، بۇزۇق ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتەلەيمىز.

نۆۋەتتىكى يەنە بىر كىرىزىس يىگىتلەر كىرىزىسىدۇر. قېنى شۇ يىگىتلەر؟ نۇرغۇن ئىنسانلار ھۆكۈمەتكە ئۈمىد باغلايدۇ، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى ھۆكۈمەتتە دەپ ئويلايدۇ. ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمەتنى يەنە شۇ ئىنسانلار باشقۇرىدۇ. قاراپ بېقىڭلار، ھۆكۈمەتلەرنى كىملەر باشقۇرۇۋاتىدۇ؟ قانداق باشقۇرۇۋاتىدۇ؟ پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنىڭ دەردى ۋە كېسىلى دەل مۇشۇ يەردە. ئۆزۈڭلارنى «كەلگۈسىدىكى كۈرەش»، «ئەخلاق كۈرىشى»، «سەممىيەت ۋە پىداكارلىق» كۈرىشىگە ھازىرلاڭلار! ناۋادا ئۆزى ۋە ئائىلىسىنىڭ، يېقىنلىرى ۋە پارتىيەسىنىڭ مەنپەئىتىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ۋەتىنى ۋە مىللىتىنىڭ مەنپەئىتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويالايدىغان بىر ئادەم ئوتتۇرىغا چىقسا، ھەر نەرسىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتەلەيدىغان شەكىلدە ئۆزگىرىش پەيدا قىلالايدۇ.

ئەينى چاغدا ھاۋا بۇلۇتلۇق ۋە زۇلمەتلىك، ئىسلام دۇنياسى زور قىيىنچىلىقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. ھۆكۈمرانلار زالىم، ئىدارە سىستېمىسى بۇزۇق، زۇلۇملار باش كۆتۈرۈپ، ھەق ـ ھوقۇقلار ئاياغ ئاستى بولغان، ئىنسانلار خەۋپسىرەش ئىچىدە، ئىسلام دۇنياسى شەرقتىن غەربكىچە، شىمالدىن جەنۇبقىچە ھەر تەرەپتە قورقۇنچلۇق كېسەلگە مۇپتىلا بولغان ئىدى. دەل شۇ پەيتتە رەببىنى تونۇغان، ئۆزىنى ئۇنتۇغان، ئاخىرەت كۈنىنى ئېسىدە چىڭ تۇتقان «ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز» ئىسىملىك بىر كىشى ئوتتۇرىغا چىقىپ، بۇ ئېقىننىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتتى، پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنىڭ يۆنىلىشىنى توغرا تەرەپكە بۇرىدى. شۇنداق ئىنسانلار قېنى؟ ئۇلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرىدىغانلار نەدە؟ ئۇلارنى مەكتەپلەر، فاكۇلتېتلار تەربىيەلەپ چىقامدۇ؟ ياق!

ئۇلارنى ئىمان تەربىيەلەيدۇ، ئەقىدە ۋە ئەخلاق يېتىشتۈرىدۇ.

مېنىڭ يەنىلا سىلەرگە دەيدىغىنىم: ئۆزۈڭلارنى يېتىشتۈرۈڭلار! ئىمانىڭلارنى ۋە ئەقىدەڭلارنى مۇستەھكەملەڭلار! ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە، ئىسلامنىڭ مەنپەئىتىگە ئىشىنىدىغانلاردىن بولۇڭلار! كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندا بۈزۈق مۇھىت يولدىن ئازدۇرالمايدىغان كىشىلەردىن بولۇڭلار! ساھابىلەر شۇنداق كىشىلەر ئىدى. ئۇلار بەدەنلىرىنى ياپقۇدەك كىيىم، تويغۇدەك تاماقمۇ تاپالمايدىغان دەرىجىدە نامرات ئىدى. ئەمما، دۇنيا ئۇلارغا باش ئەگدى، خەزىنىلەرنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار قىلچىلىك ئۆزگەرمىدى.

ئەبۇ ئۇبەيدە ۋە سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىقلار بۈرۈن قانداق بولسا، كېيىنمۇ شۇنداق ئىدى. سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىراققا ۋالىي بولۇپ كەلدى. ئىراقلىقلار ئۇنى قارشى ئېلىشقا چىققاندا، ئۇنىڭ ھامماللىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

دۇنيا پەقەت شەخسلەر بۇزۇلغاندىن كېيىنلا بۇزۇلىدى. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەدرىسىسىدىن يېتىشىپ چىققانلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. بىز ئاشۇ سۈپەتكە بەكمۇ موھتاج. بىز بۈگۈنى سىزدىن ۋە ئۆزىنى ئاددىي - سادىدا ھاياتقا ئادەتلەندۈرگەن راستچىل مۇسۇلمان ياشلاردىن كۈتمەكتىمىز. ئەرەب مىللىتى مۇپتىلا بولغان ئىللەتلەر ئىسراپخورلۇق، ھەشەمەتخورلۇق، ئېسىل ماشىنا، چوڭ ئۆي، يۇقىرى مائاش بولمىسا ياشىيالمايدىغان، چېكىدىن ئاشقان ئادەتلەردۇر. مانا بۇ ئىللەتلەر ئۇممەتنى خار - زەبۇن قىلدى. رۇم ۋە پارسلارنىمۇ مۇشۇ ئىللەتلەر ۋەيران قىلغان ئىدى. ئۇلارمۇ ھەشەمەتخورلۇق ۋە مەدەنىيەتتە چېكىدىن ئاشقان ئىدى. مۇسۇلمانلار مەدائىنغا ھۇجۇم قىلىپ شەھەرنى پەتھى قىلغاندا، يەزدىجەردنىڭ 1000 نەپەر ئاشپەز، قارچىغا ۋە شۇڭقارلىرىنى باقىدىغان 1000 نەپەر قۇشچىنى باشلاپ قېچىپ چىققۇېتىپ،

ھەسرەتلەنگەن ھالدا: «مەن كىشىنىڭ ئىچى سىيرىلىدىغان ئەھۋالدا قالدىم، ئارانلا مۇشۇلارنى ئالالىدىم» دېگەنلىكى ئۇلارنىڭ نەقەدەر ھەشەمەتخور كىشىلەر ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتىدۇر.

ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى چىرىكلىشىپ، شۇ چەككە يەتكەنلىكتىن ناھايىتى ئېچىنىشلىق ۋەيران بولغان ئىدى. (ئۇلار قانداقمۇ ۋەيران بولمىسۇن دەيسىز؟!) يەزدىجەردنىڭ بېشىدىكى تاج 50 مىڭ دىناردىن تۆۋەن ئەمەس ئىدى. ئۇلار قىممىتى 30 مىڭ دىناردىن 50 مىڭ دىنارغا يېتىدىغان تۈرلۈك جاۋاھىراتلار ۋە ياقۇتلار قادالغان كەمەرلەرنى باغلايتتى. ئۇلارنىڭ دۆلەتلىرى، شان - شەرەپلىرى ۋە باياشات تۇرمۇشلىرىنىڭ ۋەيران بولۇشىغا سەۋەب بولغان ئەڭ كۈچلۈك ئامىل دەل ئۇلارنىڭ چىرىكلەشكەن ساختا مەدەنىيىتىدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۈزۈڭلارنى جىھادقا ۋە دەۋەتكە ھازىرلاڭلار! ئامانەتنى تاپشۇرۇپ ئالساڭلار، كامىل ئادا قىلىڭلار! بۇ مېنىڭ سىلەرگە قىلغان نەسىھىتىمدۇر. بەلكى، سىلەر بۇنىڭغا پىسەنت قىلماسلىقىڭلار مۇمكىن. لېكىن، پات يېقىندا دېگەنلىرىمنىڭ توغرىلىقىنى بىلىپ قالىسىلەر. ﴿مەن ئىشىمنى ئاللاھقا تاپشۇرىمەن﴾[1].

يەنە تەكرارلايمەنكى، نۆۋەتتىكى كىرىزىس يىگىتلەر كىرىزىسى، ئىمان ۋە ئەخلاق كىرىزىسىدۇر. «ھۆكۈمەت ۋە پارتىيە ئالماشسىلا، ۋەزىيەت ئۆزگىرىدۇ» دەيدىغان ناتوغرا پىكىرگە ئىشىنىپ قېلىشتىن پاناھ تىلەيمەن.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿*ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن، (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى، ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر. (ئۇلار) پەقەت پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ دېگەنلىكلىرى ئۈچۈنلا ئۆز يۇرتلىرىدىن ناھەق ھەيدەپ چىقىرىلدى. ئەگەر ئاللاھ ئىنسانلارنى بىر - بىرىگە قارشىلىق كۆرسەتكۈزمىگەن بولسا، راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، چېركاۋلار، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە ئاللاھنىڭ نامى*

---

[1] «غافىر»: 44 - ئايەت.

كۆپ يادلىنىدىغان مەسجىدلەر ئەلۋەتتە ۋەيران قىلىناتتى. كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە ئاللاھ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ، ئاللاھ ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر. (ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغانلار) شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر (يەنى ھەممە ئىشلار ئاخىرەتتە ئاللاھقا قايتىدۇ)﴾[1].

بۇ ئايەتتە ئوت ساپ ئالتۇننى تاۋلاپ چىققاندەك ساھابىلەرنىمۇ تاۋلاپ چىققان؛ يۇرتلىرىدىن ناھەق قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا يەر يۈزىدە قۇدرەت تاپقۇزغاندا، نامازنى ئادا قىلغان، زاكاتنى بەرگەن، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسقان يىگىتلەرگە ئايلاندۇرغان جاپا ـ مۇشەققەت ۋە سىناقلارنىڭ نېمىشقا بۇرۇن تىلغا ئېلىنغانلىقىنى ئويلاپ بېقىڭلار!

بىز بۇ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتمەي تۇرۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىدە بايان قىلىنغان دەرىجىگە يېتەلمەيمىز: ﴿(ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغانلار) شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر (يەنى ھەممە ئىشلار ئاخىرەتتە ئاللاھقا قايتىدۇ)﴾[2]؛ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارغا (يەنى مەككىدە تۇرۇپ ئۇرۇشۇشنى تەلەپ قىلغانلارغا): (ئۇرۇشتىن) قولۇڭلارنى يىغىڭلار، ناماز ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار، دېگەن كىشىلەرنى كۆرمىدىڭمۇ؟ (يەنى ئۇلاردىن ئەجەبلەنمەمسەن؟) ئۇلارغا جىھاد پەرز قىلىنغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەر دۈشمەندىن گويا ئاللاھ (نىڭ ئازابى) دىن قورققاندەك، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەررەك قورقىدۇ. ئۇلار (ئۆلۈمدىن قورقۇپ): پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە نېمىشقا جىھادنى پەرز قىلدىڭ؟ نېمىشقا بىزنى ئۇزاققا قالماي كېلىدىغان ئەجەلگىچە تەخىر قىلمىدىڭ؟ (يەنى ئەجىلىمىز

[1] «ھەج»: 39 — 41 ـ ئايەتلەر.

[2] «ھەج»: 41 ـ ئايەت.

*يەتكۈچە تەخىر قىلساڭ، ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلمىسەك بولماسمىدى؟) دېدى. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، دۇنيانىڭ مەنپەئىتى ئازدۇر (يەنى دۇنيانىڭ نېمىتى پانىيدۇر)، (ئاللاھتىن) قورققان (ۋە ئۇنىڭ ئەمرىنى تۇتقانلار) ئۈچۈن ئاخىرەت ياخشىدۇر، سىلەرگە قىلچىلىك زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى قىلغان ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابى كېمەيتىلمەيدۇ)*﴾[1].

ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ھاكىمىيەت ۋە ئاقىۋەت ھەققىدە ھېچنېمە دېمىدى. پەقەت ئۇلارنى ئەخلاق ۋە چۈشەنچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق بىر ئىسلام تەربىيەسى بىلەن يېتىشتۇردى. نەتىجىدە، نەپسلەر تەييار بولغان ھامان دولقۇن ھاسىل بولۇپ، ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى ياراتتى.

سەممىي بىر نەسىھەت قىلغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن سىلەرگە دەيمەنكى: «دىن، ئەخلاق، تەربىيە ۋە پىكىر جەھەتلەردە ئۆزۈڭلارغا بەك ئەھمىيەت بېرىڭلار! بىر شائىر: ‹سەن ئۆزۈڭ بۈيۈك بىر دۇنيا›[2] دەپ ئېيتقاندەك، ھەربىرىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىر ئىسلام دۇنياسى ئىكەنلىكىڭلارغا ئىشىنىڭلار».

ھاسىلكالام، بىز تۈزەلسەك، ئىسلام دۇنياسى تۈزىلىدۇ؛ شەخسلەر تۈزەلسە، جەمئىيەت تۈزىلىدۇ.

سۆزۈم تۈگىدى. ئۆزۈمگە ۋە سىلەرگە ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلەيمەن.

[1] «نىسائ»: 77 - ئايەت.

[2] مۇھەممەد بەھائۇددىن ئەلئامىلىي: «ئەلكەشكۇل»، 2 - توم، 75 - بەت.

# «ئەبۇ بەكرى»سىز مۇرتەدلىك[1]

## يېڭى مۇرتەدلىك

ئىسلام تارىخى كۆپلىگەن مۇرتەدلىك ھادىسىلىرىگە شاھىت بولدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق بولغىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنلا، ئەرەب قەبىلىلىرى ئارىسىدا يۈز بەرگەن ۋە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مىسلىسىز كۈچلۈك ئىمانى ۋە ئىرادىسى بىلەن بىخ ھالىتىدىلا ئۇجۇقتۇرۇلغان مۇرتەدلىك ھادىسىسىدۇر. مۇسۇلمانلار سۈرگۈن قىلىنغاندىن كېيىنكى ئىسپانىيەدە ۋە خىرىستىيان ياۋروپا ئەللىرى ئىشغال قىلغان، ناسارا موللىلىرى ۋە دەۋەت ئۆمەكلىرى پائالىيەت ئېلىپ بارغان رايونلاردا مەيدانغا چىققان خىرىستىيانلاشتۇرۇش ھەرىكەتلىرى، ھىندىستاندىكى بىر قىسىم ھىممەتسىز ۋە ئەقىلسىزلەرنىڭ بىراخمان ياكى ئارىي دىنىنى قوبۇل قىلىشى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان مۇرتەدلىك ھادىسىسى تارىختىكى مۇرتەدلىك ھادىسىلىرىنىڭ بىر قىسمىدۇر. ئەمەلىيەتتە بۇ ھادىسىلەر ھەقىقەتەن ئاز كۆرۈلىدىغان ھادىسىلەردۇر. دەرۋەقە، ئىسلام تارىخىدا (مۇرتەدلىك دەپ ئاتاشقا توغرا كەلسە، بەختىسىز ئىسپانىيەنى بۇنىڭدىن مۇستەسنا دەپ قارىساق) ئومۇمىيۈزلۈك مۇرتەدلىك ھادىسىسى كۆرۈلۈپ باقمىغانلىقىنى دىن تارىخچىلىرىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ.

ئىلگىرىكى دەۋرلەردە مۇرتەدلىك ھادىسىلىرى مۇنداق ئىككى

[1] مۇئەللىپىنىڭ «ئەلمۇسلىمۇن» ژۇرنىلىغا يازغان باش ماقالىسى. بۇ ماقالە ئايرىم رىسالە سۈپىتىدە بېسىلغان بولۇپ، بىرقانچە تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان.

تۆرلۈك قارشىلىققا دۇچ كېلەتتى: بىرىنچى، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچلۈك غەزىپى. ئىككىنچى، ئىسلام جەمئىيىتىدىن تامامەن ئايرىلىش. يەنى دىنىدىن يانغان ھەرقانداق ئادەم مۇسۇلمانلارنىڭ قاتتىق غەزىپىگە يولۇقاتتى، ئۆزى ياشاۋاتقان ئىسلام جەمئىيىتىدىن تەبىئىيلا ئايرىلىپ قالاتتى، مۇرتەد بولۇشى بىلەنلا ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىمۇ تامامەن ئۈزۈلەتتى، ئائىلىسى ئۇنىڭدىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ، ئۆيدىن قوغلاپ چىقىراتتى، ئۇلار ئارىسىدا قۇدا - باجىلىق، ئەر - خوتۇنچىلىق، قېرىنداشلىق، مىراسخورلۇق دېگەندەك مۇناسىۋەتلەردىن ئەسەرمۇ قالمايتتى. قىسقىسى، مۇرتەد بولۇش بىر جەمئىيەتتىن يەنە بىر جەمئىيەتكە، بىر ھاياتتىن يەنە بىر ھاياتقا كۆچۈش دېگەنلىك ئىدى. مۇرتەدلىك ھەرىكەتلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ قارشىلىقىنى قوزغايتتى، ئىسلامنى مۇداپىئە قىلىش ۋە دىنلار ئارىسىدا سېلىشتۇرما قىلىش روھىنى ئۇرغۇتاتتى. مۇرتەدلىك باش كۆتۈرگەن رايونلاردىكى ئالىملار، دەۋەتچىلەر ۋە قەلەمكەشلەر دەرھال ھەرىكەتلىنىپ، ئىسلامنىڭ گۈزەللىكى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە، مۇرتەدلىكنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش سەۋەبلىرىنى چوڭقۇر ئانالىز قىلىپ، قاتتىق رەددىيە بېرىشەتتى. ئىسلام جەمئىيەتلىرىدە مۇرتەدلىككە قارشى قاتتىق غەزەپ ۋە قارشىلىق دولقۇنلىرى كۆتۈرۈلەتتى. مۇرتەدلىك ھادىسىلىرى پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى ئۈگتەي - تۈگتەي قىلىۋېتەتتى. دىنىي غۇرۇرى كۈچلۈك كىشىلەر ۋە ئالىملارلا ئەمەس، ئاۋام خەلقمۇ باشقا ئىشلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، پۈتۈن دىققىتىنى شۇنىڭغا مەركەزلەشتۈرەتتى. ئاز كۆرۈلىدىغان ۋە ھاياتقا تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان مۇرتەدلىك ھادىسىلىرىمۇ ئەنە شۇنداق قارشىلىققا دۇچ كېلەتتى.

كېيىنكى چاغلاردا ئىسلام دۇنياسىدا يېڭى بىر خىل مۇرتەدلىك ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىسلام دۇنياسىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. بۇ مۇرتەدلىك ۋەھشىيلىك، تارقىلىش، چوڭقۇرلۇق ۋە كۈچلۈكلۈك جەھەتتە ئىلگىرىكى پۈتۈن مۇرتەدلىكلەرنى بېسىپ چۈشتى، بۆسۈپ كىرمىگەن ھېچبىر رايون ھەتتا ھېچبىر مۇسۇلمان ئائىلىسى

قالمىدى. بۇ، ياۋروپانىڭ مۇسۇلمان شەرق دۇنياسىنى سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە مۇستەملىكە قىلىشى نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان مۇرتەدلىك بولۇپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەۋرىدىن تا ھازىرغىچە ئىسلام دۇنياسىدا ۋە ئىسلام تارىخىدا ئوتتۇرىغا چىققان ئەڭ چوڭ مۇرتەدلىكتۇر.

## ئىسلام شەرىئىتىدە مۇرتەدلىك نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

مۇرتەدلىك — دىن ۋە ئەقىدە ئالماشتۇرۇش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن «مۇتەۋاتىر» ھالەتتە رىۋايەت قىلىنغان ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزگىچە ئەھكاملىرىدىن سانىلىدىغان نەرسىلەرنى ئىنكار قىلىشتۇر.

## ئەينى چاغدا مۇرتەدلەر نېمە ئىش قىلاتتى؟

ئەينى چاغدا مۇرتەدلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلىپ، خىرىستىيان، يەھۇدىي ياكى بىراخمان دىنىغا يۆتكىلەتتى ياكى پۈتۈنلەي دىنسىزلىشىپ، ۋەھيى، ئاخىرەت ۋە ساماۋى دىن قاتارلىقلارنى ئىنكار قىلاتتى.

قەدىمكى ئىسلام دۇنياسى ۋە ئىسلام جەمئىيىتى «مۇرتەدلىك»نى ئەنە شۇنداق چۈشىنەتتى. ھەرقانداق مۇرتەد بولغان ئادەم خىرىستىيانلاشقان بولسا چېركاۋغا، بىراخمانلاشقان بولسا بۇتخانىغا باراتتى. ئۇنى ھەركىم تونۇيتتى. خەلق ئارىسىدا مەشھۇر بولۇپ، كىمدىن سورالسا، ھەممەيلەن كۆرسىتىپ بېرەلەيتتى. مۇسۇلمانلارمۇ ئۇنىڭدىن ئۈمىدىنى ئۈزەتتى. كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭ مۇرتەدلىكى ھېچكىمگە مەخپىي قالمايتتى.

## ياۋروپا شەرققە تارقاتقان پەلسەپە

ياۋروپا شەرققە دىنىنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپلىرىنى رەت قىلىدىغان؛ ئالەمنى يوقتىن بار قىلىپ، ئىدارە قىلىۋاتقان بۈيۈك كۈچ، غەيبىي

ئالەم، ۋەھيي، پەيغەمبەرلىك، ساماۋى شەرىئەت، مەنىۋى ۋە ئەخلاقىي قىممەت قاراش قاتارلىقلارنى ئىنكار قىلىدىغان بىر پەلسەپە ئېلىپ كەلدى. بۇ پەلسەپە بىيولوگىيە، تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيەسى، ئەخلاق، پسىخولوگىيە، ئىقتىساد، سىياسەت قاتارلىق ھەممە ساھەگە سىڭىپ كىردى. بۇ پەلسەپەلەر شەكىل، نىشان ۋە ئاساس جەھەتتە بىر ـ بىرىدىن قانچىلىك پەرقلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، ماھىيەتتە ئىنسان ۋە كائىناتقا نوقۇل ماددىزىمچە نەزەر بىلەن قاراشتا، كائىنات ھادىسىلىرى ۋە ھەرىكەتلىرىنى ماتېرىيالىزمچە ئۇسلۇب بىلەن تەھلىل قىلىشتا ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ.

بۇ پەلسەپە شەرق ئىسلام جەمئىيىتىگە ئۇرۇش ئېچىپ، ئىچكى قاتلاملىرىغىچە سىڭىپ كىرىپ، تارىختىكى ئىسلام دىنىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان ئەڭ چوڭ، تارقىلىشى ھەممىدىن كەڭ، يىلتىزى ئەڭ چوڭقۇر، ئەقىل ۋە قەلبلەرگە ئەڭ كۈچلۈك ھۆكۈمرانلىق قىلغان «دىن»غا ئايلاندى. ھەتتا، تەرەققىي قىلغان ئىسلام ئەللىرىمۇ ئەقىل ۋە مەدەنىيەتتە شۇنىڭغا يۈزلەندى؛ ئۇنى يۇتۇپ، ھەزىم قىلدى؛ ئۇنىڭغا خۇددى مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىغا، خىرىستىيانلار خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندەك ئېتىقاد قىلدى. بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، ئۇلار بۇ پەلسەپە يولىدا جان بېرىدىغان، شوئارىنى مۇقەددەس بىلىدىغان، يېتەكچىلىرى ۋە دەۋەتچىلىرىگە چوقۇنىدىغان، ئەدەبىياتى ۋە كىتابلىرىدا شۇنىڭغا تەرغىب قىلىدىغان، بۇ پەلسەپەگە قارشى ھەرقانداق دىن، تۈزۈم ۋە ئىدىيەنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ئۇنى قوبۇل قىلغانلار بىلەن قېرىنداش بولىدىغان ھالەتكە يەتتى. بۇ پەلسەپەنىڭ ئەزالىرى بىر ئۈممەت، بىر ئائىلە، بىر قوشۇن بولۇپ ئۇيۇشتى.

### دىنسىزلىق دىنى

بۇ قانداق «دىن»؟

بۇ دىن ــ كائىناتنى يارىتىپ، توغرىنى كۆرسەتكەن، ھەممىدىن خەۋەردار، ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغان ياراتقۇچىنى،

ئاخىرەت كۈنىنى، قايتا تىرىلىشنى، جەننەت ۋە دوزاخنى، ئاخىرەتتىكى مۇكاپات ۋە جازانى، پەيغەمبەرلەرنى، ساماۋى دىنلارنى، شەرئىي جازالارنى، ئاللاھ تائالا پۈتۈن ئىنسانلارنى ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان، ھىدايەت ۋە سائادەت ئېلىپ كەلگەن ئۇلۇغ پەيغەمبەرنى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەتنىڭ كاپالىتى، ئەڭ گۈزەل ۋە نەمۇنىلىك ھايات تۈزۈمى بولغان، ئاللاھ ئۈنىڭدىن باشقىسىنى قوبۇل قىلمايدىغان، دۇنيانى ئۈنىڭدىن باشقىسى بەختلىك قىلالمايدىغان ئىسلام دىنىنى، دۇنيانىڭ ئىنسان ئۈچۈن، ئىنساننىڭ بولسا ئاللاھ ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى ئىنكار قىلىدىغان «دىن»دۇر.

بۇ دىن ــ كۆپ قىسىم ئىسلام ئەللىرىنى كونترول قىلىپ تۇرۇۋاتقان ئىلغار زىيالىيلار قاتلىمىنىڭ «دىن»ىدۇر. بۇ قاتلامنىڭ بۇ «دىن»غا بولغان ئىمانى، قىزىقىشى ئوخشاش بولمىسىمۇ ۋە گەرچە ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان، ئىسلامغا ئىخلاسمەن كىشىلەر بولسىمۇ، بۇ قاتلامنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ۋە رەھبەرلىرىنىڭ دىنى دىنسىزلىقنى ئاساس قىلغان غەربچە ھايات پەلسەپىسى ۋە «ماتېرىيالىزم دىنى»دۇر.

شەكسىزكى، بۇ مۇرتەدلىكتۇر. تەكىتلەپ ئېيتىمەنكى، بۇ مۇرتەدلىك ئىسلام دۇنياسىنىڭ شەرقىدىن غەربىگىچە ھەممە يېرىنى قاپلىدى؛ كىرمىگەن ئۆي، ئالىي مەكتەپ، تولۇق ئوتتۇرا ۋە ئورگان قالمىدى. ئاللاھ تائالا ساقلىغانلاردىن باشقا ھەرقانداق مەدەنىيەتلىك ئائىلىدە بۇ «دىن»غا ئېتىقاد قىلىدىغان، ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان، ئۇلۇغلايدىغان كىشى تېپىلىدۇ. ئۇلاردىن گەپ ئېلىپ باقسىڭىز، ئۇلار بىلەن خالىي يەردە سىردىشىپ باقسىڭىز ياكى ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ باقسىڭىز، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، ئاخىرەت كۈنىگە، ھايات دەستۇرى ۋە ئەبەدىي مۆجىزە بولغان «قۇرئان كەرىم»گە ئىشەنمەيدىغانلىقىنى بايقايسىز. «بۇنداق مەسىلىلەر ھەققىدە باش قاتۇرۇپ يۈرمەيمىز، ئۇنىڭغا قىزىقمايمىز» دەيدىغانلىرى تېخى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىلىرىدۇر.

بۇ ئوچۇق - ئاشكارا مۇرتەدلىكتۇر. لېكىن، بۇ تۈردىكى مۇرتەدلەر چېركاۋغا ياكى بۇتخانىغا بارمىغانلىقى، ئۆزلىرىنىڭ مۇرتەدلىكىنى ۋە بىر دىندىن يەنە بىر دىنغا يۆتكەلگەنلىكىنى ئېنىق جاكارلىمىغانلىقى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنىڭ دىققىتىنى تارتمىدى، ئۇلارنى ئويغا سالالمىدى، ئائىلىسىمۇ ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپ كەتمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭدىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزمىدى، ئۇنى ئۆيدىن قوغلىمىدى، ئۇمۇ ئائىلىسى بىلەن بىرگە ياشاپ، ھەقلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇپ يۈرۈۋەردى ھەتتا بەزىدە ئائىلىسىگە باشلىقمۇ بولدى. يەنە كېلىپ، جەمئىيەت بۇ مۇرتەدلىككە دىققەت قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، ھېچكىم ئۇنىڭدىن ھېساب ئالمىدى، ئۇنى ئەيىبلىمىدى، يەكلىمىدى. شۇڭا، ئۇ ھەقلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن بولغان ھالدا، خاتىرجەم ياشاۋەردى ھەتتا بەزىدە جەمئىيەتتە ھوقۇق - مەنسەپمۇ تۇتتى.

### «ئەبۇ بەكرى»سىز مەسىلە

بۇ مۇرتەدلىك ھادىسىسى ئىسلام دۇنياسى ۋە ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئەڭ چوڭ مەسىلىسى ۋە ئېغىر باش قېتىنچىلىقىدۇر. مۇرتەدلىك يامراپ، ئىسلام جەمئىيىتىگە ھۇجۇم قىلماقتا. لېكىن، ئۇنىڭغا قارشى ھېچكىم ئۈنىقۇسىنى ئاچماي، ئالىملارمۇ، دىندارلارمۇ ئۇنىڭغا قارشى ئورنىدىن دەس تۇرمىدى. قەدىمدە كىشىلەر بۇنداق مەسىلىلەرنى: «ئەبۇلھەسەن يەنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇسى يوق مەسىلە» دېيىشكەن بولسا، ئەمدىلىكتە مەن بۇ مەسىلىنى: «ئەبۇ بەكرىسى يوق مەسىلە» دەيمەن.

بۇ مۇرتەدلىككە ئۇرۇش ئېچىش، جامائەت پىكرى قوزغاش، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، شىددەتلىك باستۇرۇش دېگەندەك ئىشلارنىڭ كېرىكى يوق. ئەكسىچە، بۇنىڭغا قوپاللىق قىلىش زىيانلىق بولۇپ، بۇنداق قىلىش مەسىلىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋېتىدۇ. ئىسلام «تەپتىش مەھكىمىلىرى»[1]نى ۋە بېسىمنى تونۇمايدۇ. بۇ مەسىلە،

---

[1] ئىسپانىيەدە قۇرۇلغان مۇسۇلمانلارنى قىيناش ئورۇنلىرى.

كۈچلۈك ئىرادە، ھېكمەت، سەۋر، چىدامچانلىق ۋە چوڭقۇر ئىزدىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

## بۇ «دىن»نىڭ تارقىلىشىنىڭ سىرى

بۇ «دىن» شەرق مۇسۇلمان دۇنياسىدا نېمىشقا بۇنچىۋالا يامراپ كەتتى؟

نېمىشقا مۇسۇلمان ئەللىرىگە بېسىپ كىرەلىدى؟

قانداقسىگە ئىنسانلارنىڭ ئەقلى ۋە قەلبىنى شۇنچىۋالا كۈچلۈك كونترول قىلالىدى؟

بىز بۇلارنىڭ ھەممىسىنى چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىشىمىز ۋە ئەتراپلىق تەتقىق قىلىشىمىز لازىم.

مىلادىيە 19 ـ ئەسىردە ئىسلام دۇنياسى دەۋەت، ئەقىدە، چۈشەنچە ۋە ئىلىمدە زور دەرىجىدە ئاجىزلاپ، ھارغىنلىق ۋە قېرىلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ھالبۇكى، ئىسلام قېرىمايدۇ. ئۇ ھەر ۋاقىت قۇياشتەك يېڭى، قۇياشتەك قەدىم، قۇياشتەك ياش تۇرىدۇ. بىراق، مۇسۇلمانلار قېرىدى، ئاجىزلىدى. نەتىجىدە، ئۇلاردا ئىلمي تەرەققىيات، ئىجادىيەت، يېڭىچە پىكىر، كۈچلۈك ئەقىل، قىزغىن دەۋەت، ئىسلامنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى ۋە ۋەزىپىسىنى مۇكەممەل ئوتتۇرىغا قويغۇدەك ماجال قالمىدى. قالغانلارمۇ بەك ئاز ھەتتا يوق دېيەرلىك.

كېلەچەكنىڭ ئۈمىدى، كەلگۈسىنىڭ ئىگىسى بولغان ساپالىق ياشلارنىڭ ئىدىيەسىگە تەسىر كۆرسىتىشكە ۋە ئۇلارنى ئىسلامنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەڭگۈلۈك دىنى ئىكەنلىكىگە؛ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاجايىباتلىرى تۈگىمەيدىغان، خەزىنىلىرى كەملەپ قالمايدىغان، زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن كونىراپ قالمايدىغان ئەبەدىي مۆجىزە كىتاب ئىكەنلىكىگە؛ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۈيۈك مۆجىزىلىكى، قىيامەتكىچە پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ پەيغەمبىرى ۋە رەھبىرى ئىكەنلىكىگە؛ ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ھەر دەۋر ۋە ھەر

جايدا پۈتكۈل ئىنسانىيەت ھاياتىغا ماس كېلىدىغان ۋە ئېھتىياجىنى قامدىيالايدىغان، رەھبەرلىك قىلالايدىغان قانۇن مۆجىزىسى ئىكەنلىكىگە؛ ئىمان، ئەقىدە، ئەخلاق ۋە مەنىۋى قىممەت قاراشلارنىڭ يۈكسەك مەدەنىيەت ۋە پەزىلەتلىك جەمئىيەتنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىگە؛ بۈگۈنكى يېڭى مەدەنىيەتنىڭ پەقەت بىر ۋاستە ۋە قورال، پەيغەمبەرلەرنىڭ تەلىماتلىرىنىڭ ئەقىدە، ئەخلاق ۋە غايە ـ نىشانلارنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىگە؛ ۋاستە بىلەن غايىنى بىرلەشتۈرمەي تۇرۇپ ياخشى، مۇقىم جەمئىيەت بەرپا قىلىش مۇمكىن بولمايدىغانلىقىغا قايىل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلمىدى.

ئەنە شۇ چاغدا ياۋروپا كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىملىرى ۋە ئاتاقلىق پەيلاسوپلىرىنى ئىشقا سېلىپ، شۇلارنىڭ جاپالىق تىرىشچانلىقى بىلەن يېزىلغان، تەھرىرلەنگەن پەلسەپىلىرى بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇلار پەلسەپىلىرىگە شۇنداق ئىلمىي تۈس بەردىكى، قارىغان ئادەم ئۇنى ئىنسانىيەت تەپەككۇرى، تەتقىقات ۋە ئىزدىنىشلىرىنىڭ جەۋھىرى دەپ قالىدۇ. ۋاھالەنكى، بۇ پەلسەپىدە سىناق ۋە تەجرىبىدىن ئۆتكەن تەتقىقاتلار بولغىنىدەك، پەرەز، خىيال ۋە گۇمانغا تايانغان نۇرغۇن نەرسىلەرمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭدا ھەق بىلەن باتىل، ئىلىم بىلەن جاھالەت، رېئال ھەقىقەت بىلەن شېئىرىي خىياللارمۇ يوق ئەمەس. مەلۇمكى، شېئىر پەقەت نەزم ۋە قاپىيەگىلا خاس بولماستىن، بەلكى ئىلىم ۋە پەلسەپىدىمۇ مەۋجۇت.

ئىنسانلارنىڭ ئەقلى ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى ئېلىپ كەلگەن بۇ پەلسەپىگە قايىل بولۇپ، قانائەت ھاسىل قىلدى. ئىسلام دۇنياسى زىيالىيلار قاتلىمى ئۇنى قوبۇل قىلدى. (ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى)، ئۇنى ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەر چۈشەنسىمۇ، كۆپ سانلىق كىشىلەر چۈشەنمەيتتى. لېكىن، بۇ پەلسەپىگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭدىن سېھىرلەنگەنلەر ئۇنىڭغا ئىشىنىشنى پاراسەت ۋە زېرەكلىكنىڭ ئالامىتى، ھۆر زىيالىيلىقنىڭ بەلگىسى دەپ قارايتتى.

بۇ مۇرتەدلەر چېركاۋغا بارمىغانلىقى، بۇتقا چوقۇنمىغانلىقى ۋە

تاغۇتقا قۇربانلىق قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاتا ـ ئانىلار، مۇرەببىي ئۇستازلار ۋە غەيرەتلىك دەۋەتچىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتمايلا قالماي، ئىسلام جەمئىيەتلىرىدە دىنسىزلىق ۋە مۇرتەدلىك ئەنە شۇنداق توسالغۇسىز ھالەتتە يامرىدى. قەدىمكى زامانلاردا بۇلار مۇرتەدلىك ۋە كاپىرلىقنىڭ ئالامەتلىرى ئىدى.

## مۇناپىقلىق ۋە دىنسىزلىق

قەدىمكى مۇرتەدلەر ئىسلام جەمئىيىتىدىن ئايرىلىپ، يېڭى قوبۇل قىلغان دىنىنىڭ جەمئىيىتىگە قوشۇلاتتى. ئۆزلىرىنىڭ يېڭى ئەقىدىسىنى ۋە دىن ئالماشتۇرغانلىقىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا جار سالالايتتى، يېڭى ئەقىدىسى ئۈچۈن بەدەل تۆلەشتىن يانمايتتى، ھوقۇق ۋە مەنپەئەتنى دەپ كونا جەمئىيەتتە تۇرۇۋېرىشنى خالىمايتتى.

ئەمما، بۈگۈنكى كۈندە ئىسلامدىن ئالاقىسىنى ئۈزگەن كىشى ئىسلام جەمئىيىتىدىنمۇ ئالاقىسىنى ئۈزۈشنى خالىمايدۇ. ھالبۇكى، ئىسلام جەمئىيىتى ئەقىدە ۋە ئىمان ئۈستىگە قۇرۇلغان بىردىنبىر جەمئىيەت بولۇپ، بۇ جەمئىيەتتە ئەقىدىسىزلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. بۈگۈنكى زامانىۋى مۇرتەدلەر ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئىشەنچىسىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ ئىسلام بەرگەن ھەقلەردىن بەھرىمەن بولۇپ، ئۆز يۇرتىدا ياشاۋېرىدۇ. بۇ، تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ھادىسىدۇر.

## ئىرقچىلىق جاھىلىيىتى ۋە دىنى

يەنە بۇ يەردە بىر قىسىم جاھىلىي ھېس ـ تۇيغۇلار ۋە پىرىنسىپلار باركى، ئىسلام ۋە رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا قارشى ئوچۇق ـ ئاشكارا، پۈتۈن كۈچى بىلەن، كەسكىن جەڭ قىلغان. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە قان، ۋەتەن ۋە مىللەت بىرلىكىنى ئاساس قىلغان جاھىلىيەت بار بولۇپ، بۇ بولسا ئۆزىنى ئۇلۇغلاپ، مۇقەددەس بىلىدىغان،

مۇداپىئە قىلىدىغان، بايرىقى ئاستىدا جەڭ قىلىدىغان، ئىنسانلار جەمئىيىتىنى شۇنىڭغا قاراپ تۈرگە ئايرىيدىغان ئىرقچىلىق جاھىلىيىتىدۇر. بۇ خاھىش ئىنسانلارنىڭ ئەقلى، قەلبى، روھى ۋە ئەخلاقىنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغان بولۇپ، باشقا دىنلارغا جەڭ ئېلان قىلالايدىغان، ئىنسانلارنى قۇل قىلالايدىغان، پەيغەمبەرلەرنىڭ تىرىشچانلىقلىرىنى بىكار قىلالايدىغان، ھاياتنىڭ ھەممە ساھەسىگە ھۆكۈمران بولۇش ئۈچۈن كەلگەن «دىن»نى شەكلىي ئىبادەت ۋە ئۆرپ ـ ئادەت دائىرىسىگىلا چەكلەپ قويالايدىغان، ئىنسانىيەت دۇنياسىنى ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىدىغان لاگېرلارغا بۆلەلەيدىغان، ئاللاھ تائالا: ﴿***سىلەرنىڭ ئۇممىتىڭلار ھەقىقەتەن بىر ئۇممەتتۇر، مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇرمەن، مېنىڭ (ئازابىمدىن) قورقۇڭلار***﴾[1] دېگەن ئۇممەتنى بىرقانچە ئۇممەتكە بۆلۈۋېتەلەيدىغان دەرىجىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، ناھايىتى كۈچلۈك ۋە كەڭ ئومۇملاشقان خاھىشتۇر.

## ئىسلام نېمىشقا ئىرقچىلىققا قارشى تۇرىدۇ؟

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ جاھىلىي مىللەتچىلىك ۋە ئىرقچىلىققا قارشى پۈتۈن كۈچى بىلەن توختاۋسىز كۈرەش قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرغان ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن يوچۇقلىرىنى ئېتىۋەتكەن. چۈنكى، بۇ جاھىلىي ئىرقچىلىق بىلەن ئالەمشۇمۇل دىننىڭ ۋە ئۇممەتنىڭ بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئىسلام مەنبەلىرىدە ئىرقچىلىقنى رەت قىلىدىغان، ئەيىبلەيدىغان دەلىل ـ پاكىتلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇ، ئىسلامدا ئۆزئايان بىر ئىشتۇر. ئىسلامنىڭلا ئەمەس، دىنلارنىڭ خاراكتېرىنى بىلىدىغان ئادەم ھېچبىر «دىن»نىڭ بۇنداق جاھىلىي ئىرقچىلىققا يول قويمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىدۇ. تارىخنى نەپس خاھىشى ۋە سىياسەتنىڭ تەسىرىدىن خالىي ھالدا تەتقىق قىلغان ئادەم

[1] «مۇئمىنۇن»: 52 ـ ئايەت.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى خاراب قىلغان، ئىنسانلار ئارىسىغا پىتنە - پاسات ئۇرۇقلىرىنى چاچقان، دۇنيانى ۋەيران قىلغان ۋە قىلىۋاتقان ئەڭ كۈچلۈك ئامىلنىڭ جاھىلىي ئىرقچىلىق ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىدۇ. دۇنيانى بىرلەشتۈرۈش، پۈتۈن ئىنسانىيەتنى بىر بايراق ۋە بىر ئەقىدە ئاستىغا يىغىش، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان، «دىن»نى ئاساس قىلغان جەمئىيەت بەرپا قىلىش، ئائىلىدە سۆيگۈ - مۇھەببەت ۋە تىنچ - ئامانلىقنى قانات يايدۇرۇپ، ئىنسانلارنى گويا بىر ئەزاسى ئاغرىسا، باشقا ئەزالىرى ئۇيقۇسىزلىق ۋە قىزىتما بىلەن بىئارام بولىدىغان بىر تەن ھالىتىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن يارىتىلغان مۇسۇلمانىنىڭ بۇ جاھىلىي ئىرقچىلىققا ئۇچۇق - ئاشكارا جەڭ ئېلان قىلىپ، ئۇنى تارىخقا كۆمۈۋېتىشىنى كۈتۈش مەنتىقىگە تامامەن ئۇيغۇن ئىشتۇر.

## مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ ئىرقچىلىقنى تىرىلدۈرۈشكە ئۇرۇنۇشى

بىراق، ئىسلام دۇنياسى ياۋروپانىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، قەبىلىۋازلىق، مىللەتچىلىك، ئىرقچىلىق ۋە يۇرتۋازلىق چاقىرىقلىرىغا ئاۋاز قوشىدىغان؛ ئۇنى بىر ئىلمىي مەسىلە، مۇقەررەر ھەقىقەت ۋە قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان رېئاللىق دەپ ئىشىنىدىغان بولۇپ قالدى. مۇسۇلمان خەلقلەر ئىسلام ئاللىبۇرۇن كۆمۈۋەتكەن ئىرقچىلىقنى قايتىدىن تىرىلدۈرۈشكە ھەرىكەت قىلدى. ھەتتا، ئۇنى كۈيلەيدىغان، ئۇنىڭ شوئارلىرىنى توۋلايدىغان ۋە ئىسلامدىن بۇرۇنقى دەۋرى بىلەن پەخىرلىنىدىغان بولۇپ قالدى. ھالبۇكى، ئىسلام ئۆزىدىن ئىلگىرىكى دەۋرنى «جاھىلىيەت دەۋرى» دەپ ئاتىغان ئىدى. ئىسلام لۇغىتىدە «جاھىلىيەت» دېگەن سۆزدىنمۇ قورقۇنچلۇقراق ۋە ۋەھىمىلىكرەك ئىككىنچى بىر سۆز يوق ئىدى. ئۇلۇغ كىتاب «قۇرئان كەرىم» مۇسۇلمانلارغا جاھىلىيەتتىن قۇتۇلغانلىقىنى ئەسلىتىپ، ئۇلارنى بۇ بۈيۈك نېمەت ئۈچۈن شۈكرى ئېيتىشقا قىزىقتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

*﴿ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆزئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھ دىلىڭلارنى بىرلەشتۈردى، ئاللاھنىڭ نېمىتى بىلەن*

*ئۆزئارا قېرىنداش بولدۇڭلار، سىلەر دوزاخ چۇقۇرىنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى (ئىسلام ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى﴾*[1]؛ *﴿ئۇلار ساڭا مۇسۇلمان بولغانلىقىنى مىننەت قىلىدۇ، (ئۇلارغا) سىلەر ماڭا مۇسۇلمان بولغانلىقىڭلارنى مىننەت قىلماڭلار، بەلكى ئاللاھ سىلەرنى ئىمانغا ھىدايەت قىلغانلىقىنى مىننەت قىلىدۇ، ئەگەر سىلەر راست (مۆئمىن) بولساڭلار، دېگىن﴾*[2]؛ *﴿سىلەرنى كۇفرىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن (ئىماننىڭ) نۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن، ئاللاھ بەندىسىگە روشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلىدۇ، ئاللاھ شەك - شۈبھىسىز سىلەرگە مەرھەمەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾*[3].

## مۇسۇلماننىڭ جاھىلىيەت ۋە ئۇنىڭ شوئارلىرىغا قارشى مەيدانى

جاھىلىيەتتىن قۇتۇلغان ھەرقانداق مۆئمىننىڭ قۇتۇلغىنىغا قانچىلىك ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتۈشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى غەزەپ - نەپرەت، يىرگىنىش ۋە سەسكىنىش ئىچىدە ئەسلىشى تەبىئىي ئىشتۇر. ئويلاپ بېقىڭ، تۈرمىدە تۇرلۇك ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەت ۋە قىيىن - قىستاقلاردىن كېيىن قويۇپ بېرىلگەن بىر مەھبۇس بۇرۇنقى ئېچىنىشلىق ۋە ئازابلىق كۈنلىرىنى پۈتۈن ئەزالىرىنى تىترەك باسماي، قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەي تۇرۇپ ئەسلىيەلەمدۇ؟ ئۇزۇن مۇددەت كېسەل تارتىپ، ئۆلۈمدىن قايتقان بىر ئىنسان بۇرۇنقى ئازابلىق كۈنلىرىنى رەڭگىروپى ئۆزگەرمەي، كۆڭلى بۇزۇلماي تۇرۇپ ئەسلىيەلەمدۇ؟ قورقۇنچلۇق چۈش كۆرگەن بىر ئادەم كۆرگەنلىرىنىڭ رېئاللىق ئەمەس، بەلكى بىر چۈش، ئۆتكۈنچى بىر ئەندىشە ئىكەنلىكىگە شۈكرى ئېيتقان ھالدا سۆزلەپ بەرەمدۇ؟ جاھالەت، ئازغۇنلۇق ۋە ھەقىقەتتىن يىراقتا قېلىش ئۇقۇملىرىنى، ھەر تۇرلۇك خەتەر، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك زىيانلارنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن جاھىلىيەت يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىدىن قورقۇنچلۇق بولۇپ، بۇنىڭدىن قۇتۇلغان ئادەم ئۇنى غەزەپ - نەپرەت ئىچىدە تىلغا

[1] «ئال ئىمران»: 103 - ئايەت.
[2] «ھۇجۇرات»: 17 - ئايەت.
[3] «ھەدىد»: 9 - ئايەت.

ئېلىشقا، ئۇنىڭدىن قۇتۇلغانلىقىغا شۈكۈر قىلىشقا تېخىمۇ لايىق ئەمەسمۇ؟! شۇنىڭ ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىس شەرىپتە مۇنداق دېگەن: «ئۈچ خىسلەت بار، ئۇلارنى ئۆزىدە ئۆزلەشتۈرگەن كىشى ئىماننىڭ لەززىتىنى تېتىيالايدۇ: ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرۈش، باشقىلارنى پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا دوست تۇتۇش ۋە كۇفرىغا قايتىشنى گويا ئوتقا تاشلىنىشنى يامان كۆرگەندەك يامان كۆرۈشتۇر»[1].

ئاللاھ تائالا جاھىلىيەتنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى، قەھرىمانلىرى ۋە كاتتىباشلىرىنى قىلچىلىك ئايىماي قويماي، قاتتىق ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿*ئۇلارنى بىز دوزاختا ئۇندەيدىغان پېشۋالار قىلدۇق (يەنى ئۇلارنى بىز دۇنيادا گۇمراھلار ئەگىشىدىغان كۇفرىنىڭ باشلىقلىرى قىلدۇق)، قىيامەت كۈنى ئۇلار ياردەمگە ئېرىشەلمەيدۇ (يەنى قىيامەت كۈنى ئۇلاردىن ئازابنى دەپئى قىلىدىغان مەدەتكار بولمايدۇ). ئۇلارغا بۇ دۇنيادا لەنەتنى ئەگەشتۈردۇق (يەنى ئۇلارغا بۇ دۇنيادا ئاللاھ، پەرىشتىلەر ۋە مۆئمىنلەر لەنەت ئوقۇيدۇ)، قىيامەت كۈنى ئۇلار ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنغۇچىلاردۇر*﴾[2]؛ ﴿*بىز مۇسانى ھەقىقەتەن ئايەتلىرىمىز (يەنى ئاللاھتىن نازىل بولغان دىنىي ئەھكاملار) ۋە روشەن دەلىللەر (يەنى مۆجىزىلەر) بىلەن پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىغا (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۇلار پىرئەۋننىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇندى، پىرئەۋننىڭ بۇيرۇقى توغرا ئەمەس ئىدى. پىرئەۋن قىيامەت كۈنى باشلامچىلىق بىلەن ئۆز قەۋمىنى دوزاختا باشلاپ كىرىدۇ، ئۇ جاي نېمىدېگەن يامان! ئۇلار بۇ دۇنيادىمۇ، قىيامەت كۈنىدىمۇ لەنەتكە ئۇچرايدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن (ئىككىلا دۇنيادا لەنەتكە ئۇچراشتىن ئىبارەت) بۇ سوۋغا نېمىدېگەن يامان!*﴾[3].

---

[1] بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس: «بۇخارىي»، 16 ـ ھەدىس؛ «مۇسلىم»، 67 ـ ھەدىس.

[2] «قەسەس»: 41 — 42 ـ ئايەتلەر.

[3] «ھۇد»: 97 — 99 ـ ئايەتلەر.

## ئىسلام ئەللىرىدە جاھىلىيەتنىڭ ئۆلۈغلىنىشى

نۇرغۇن ئىسلام ئەللىرى ۋە مۇسۇلمان خەلقلەر غەرب پەلسەپىسى ۋە تەپەككۇرىنىڭ تەسىرىدە ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامدىن بۇرۇنقى دەۋرى، مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئۇلۇغلايدىغان، ئۇنىڭغا تەلپۈنىدىغان، ئۇنى تىرىلدۈرۈشكە ئۇرۇنىدىغان، كاتتىباشلىرى، قەھرىمانلىرى ۋە پادىشاھلىرىنىڭ خاتىرە كۈنىنى ئۆتكۈزىدىغان، ئىسلامدىن بۇرۇنقى دەۋرنى ئالتۇن دەۋر دەپ، ئىسلام كېلىپ مەھرۇم قىلغان نېمەتتەك قارايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ بىر تەرەپتىن، تۇزكورلۇق، نانكورلۇق، ئىسلام نېمىتىنىڭ قەدرىنى بىلمەسلىك، رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەزىلىتىنى كۆرمەسكە سېلىش بولسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، كۇپرى ۋە شېرىك ئەقىدىلەرنى، جاھىلىيەتتە مۇجەسسەملەنگەن خۇراپاتلىق، ئازغۇنلۇق، نادانلىق، گۆدەكلىك، كومىدىيە ۋە تىراگېدىيەلەرنى يەڭگىل ساناشتۇر. ئاگلىق، ساغلام مۇسۇلمان ھەرگىز بۇنداق قىلمايدۇ. بۇنداق ئىنسانلارنىڭ ئىسلام نېمىتىدىن ۋە ئىمان پەزىلىتىدىن مەھرۇم قېلىش، ئاللاھ تائالانىڭ قاتتىق غەزىپىگە يولۇقۇش خەۋپى ئىنتايىن كۈچلۈكتۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿*زالىملارغا مايىل بولماڭلار، (مايىل بولساڭلار) دوزاخ ئازابىغا قالىسىلەر، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا (دوزاختىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچ ياردەمچى يوقتۇر، ئاندىن كېيىن ھېچ ياردەمگە ئېرىشەلمەيسىلەر*﴾[1].

## دىن ۋە ئەخلاقتىكى چىرىكلىك

بۈگۈنكى ئىسلام دۇنياسىدا ماددىغا چوقۇنۇش، ماددىنى ھەرقانداق پىرىنسىپ ۋە ئەقىدىدىن ئۈستۈن كۆرۈش، دۇنيانى ئاخىرەتتىن ئەلا بىلىش، دۇنياغا ھەددىدىن زىيادە بېرىلىش، ھاۋايى - ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرىش ئەۋج ئالدى. بۇنىڭغا

[1] «ھۇد»: 113 - ئايەت.

ئەگەشمەيدىغان يوقىرى قاتلامدىكىلەر ئىچىدە ئاللاھ ھارام قىلغان ئىشلارنى كىچىك ساناش، ھاراق ئىچىش ۋە گۇناھ ـ مەسىيەتلەر يامراپ كەتتى. بۇنداق ئەھۋال ئاز ساندىكى ئاللاھ رەھمەت قىلغانلاردىن باشقا پۈتۈن ئىسلام ئەللىرىدە ئوخشاش شەكىلدە كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇنداق ئىنسانلار خۇددى ئىسلام شەرىئىتى بىلەن ھېچبىر ئالاقىسى يوقتەك، ئىسلامنىڭ بەلگىلىمىلىرى ۋە ئەھكاملىرىدىن تامامەن سوغۇرۇلۇپ چىقتى. ئىسلام شەرىئىتى گويا ئەمەلدىن قالغان شەرىئەتتەك، ئۆتمۈشتىكى خىيالىي ئەپسانىدەك ھالغا كېلىپ قالدى.

## ئىسلام دۇنياسى دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ چوڭ خەتەر

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلار نۆۋەتتىكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ دىنىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالىنىڭ تېز سىزمىسىدۇر. ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئۇ چېتىدىن ـ بۇ چېتىگىچە ھۇجۇم قىلغان بۇ جاھىلىيەت دولقۇنى كۈچ، تەسىر ۋە تارقىلىش دائىرىسى جەھەتتە ئىسلام دۇنياسى تارىختا دۇچ كەلگەن بارلىق دولقۇنلارنى بېسىپ چۈشىدىغان ئەڭ دەھشەتلىك ھەم قورقۇنچلۇق دولقۇندۇر. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنى ھېس قىلغانلار ۋە ئۇنىڭغا قارشى پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ قارشى تۇرغانلار يوق دېيەرلىك. قەدىمكى زامانلاردا يۇنان پەلسەپىسىنىڭ تەسىرىدە ھەر خىل زىندىقلىق ۋە دىنسىزلىقلار ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، كۈچلۈك ئەقلى، كەم تېپىلىدىغان زېرەكلىكى، ئەتراپلىق ئىلمى، چوڭقۇر ئىزدىنىشى ۋە كۈچلۈك ئوبرازى بىلەن ئۇلارغا قارشى تۇرىدىغانلار مەۋجۇت ئىدى. جۈملىدىن، باتىنىيلىقتىن ئىبارەت دىنسىزلىق ئوتتۇرىغا چىققاندا، ئۇنىڭغا قارشى ئىلىم ـ ھېكمەت ۋە كەسكىن دەلىل ـ پاكىتلار بىلەن قوراللىنىپ، جەڭ قىلىدىغانلار بار ئىدى. ئىسلام ئۆزىنىڭ ئەقلىي نوپۇزى ۋە ئىلمىي ئورنى بىلەن ھەرقانداق شىددەتلىك دولقۇنلارنى چېكىندۈرگەن، ھەرقانداق كۈچلۈك كەلكۈن ۋە تاشقىنلارمۇ ئۇنىڭغا ھېچقانداق زىيان سالالمىغان ئىدى.

بۇ يەردىكى مەسىلە نوقۇل ھالەتتىكى ئەخلاقتا چىرىكلىشىش، ئىبادەتتە سۇسلۇق قىلىش، ئىسلامنىڭ شوئارلىرىنى تەرك ئېتىش، ياتلارنى دوراش مەسىلىسى ئەمەس. بۇلارمۇ ئەلۋەتتە كۆڭۈل بۆلۈشكە ۋە تۈزەش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە ئەرزىيدىغان مۇھىم مەسىلە. بىراق، بۈگۈنكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەسىلىسى ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ ھەم بۈيۈكتۇر. بۇ يەردىكى مەسىلە ئىمان ۋە كۇفرى، مۇسۇلمانلىقنى ساقلاپ قېلىش ياكى ۋاز كېچىش مەسىلىسىدۇر. غەربنىڭ دىنسىز پەلسەپىسى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى دىن بولغان ئىسلام ئارىسىدا، ساماۋى شەرىئەتلەر بىلەن ماتېرىيالىزم ئارىسىدا كۈرەش ئىزچىل داۋام قىلماقتا. بەلكىم بۇ كۈرەش دۇنيانىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان، دىن بىلەن دىنسىزلىق ئارىسىدىكى ھەل قىلغۇچ كۈرەش بولۇشى مۇمكىن.

## بۈگۈنكى جىھاد

بۈگۈنكى جىھاد بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىزىنى بېسىش ئەڭ ئەۋزەل ھەم بۈيۈك ئىبادەت بولۇپ، پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنى قاپلىغان، ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەقلى ۋە مەركەزلىرىگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان بۇ «دىنسىزلىق» دولقۇنىغا كەسكىن تاقابىل تۇرۇش؛ ياشلار ۋە زىيالىيلار قاتلىمىنىڭ ئىسلام پرىنسىپلىرى، ئەقىدىسى ۋە تۈزۈملىرىگە ئىشەنچسىز قارىشىغا خاتىمە بېرىش؛ ئوقۇمۇشلۇق ياشلار دۇچ كېلىۋاتقان پىكرىي ۋە پسىخىك داۋالغۇشلارنى يوقىتىپ، ئۇلارنى ئەقلىي ۋە مەدەنىي جەھەتتىن ئىسلامغا قايىل قىلىش؛ قەلبلەرگە ئورناپ كەتكەن، ئەقىللەرنى ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋالغان جاھىلىيەت قاراشلىرىغا قارشى ئىلمىي ۋە ئەقلىي شەكىلدە جەڭ قىلىپ، ئۇلارنى قايىل قىلىپ، ئىشەندۈرۈپ، روھىنى ئۆزگەرتىپ، جاھىلىيەت پرىنسىپلىرىنىڭ ئورنىغا ئىسلام پرىنسىپلىرىنى يىلتىز تارتقۇزۇشتۇر.

ياۋروپا تولۇق بىر ئەسىر مابەينىدە ياشلىرىمىزنى ۋە ئەقىللىرىمىزنى ئۆزگىچە تارتىپ، زېھنىمىزدە شەك ـ شۈبھە،

دىنسىزلىق، مۇناپىقلىق، غەيبىي ۋە ئىمانىي ھەقىقەتلەرگە ئىشەنمەسلىك، يېڭى ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي پەلسەپىلەرگە ئىشىنىش ئىڭى يېتىلدۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىپ كەلدى. بىز بولساق ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشتىن يۈز ئۆرۈپ، كىلاسسىك مىراسلىرىمىزغىلا قانائەتلىنىپ، يېڭىچە نەتىجە يارىتىشتىن؛ غەرب پەلسەپىسى ۋە تۈزۈملىرىنى ئىلمىي ئۆلچەم قىلىشتىن؛ ئۇستا دوختۇردەك ئوپېراتسىيە قىلىپ، تەكشۈرۈپ، تەنقىدلەشتىن غاپىل قالدۇق. يۈزەكى، پىشمىغان تەتقىقاتلارغا ئالدىنىپ، كىلاسسىك ئىلمىي بايلىقىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەنلا قانائەتلىنىپ، كېيىنكى دەۋرلەردە ئىسلام دۇنياسى ئىمان ۋە ئەقىدە جەھەتتە گۇمران بولدى. ئىسلام ئەللىرىدە ئىشلارنىڭ تىزگىنى ئىسلام پرىنسىپلىرى ۋە ئەقىدىسىگە ئىشەنمەيدىغان ۋە قىزىقمايدىغان، مۇسۇلمان خەلق بىلەن مىللەتداشلىق ياكى سىياسىي مەنپەئەتتىن باشقا ئالاقىسى بولمىغان بىر ئەۋلادنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى.

بۇ دىنسىز زېھنىيەت ئەدەبىيات، مەدەنىيەت، گېزىت - ژۇرنال ۋە سىياسەت يوللىرى ئارقىلىق ئاۋام خەلققە ئاستا - ئاستا سىڭىپ كىرىپ، پۈتۈن ياخشىلىق ۋە قابىلىيەتنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن، دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى ئىنسانىيەت توپلۇمى بولغان ئىسلام ئۈممىتى بۇ دىنسىز زېھنىيەتنىڭ مەدەنىيىتى، زېرەكلىكى ۋە نوپۇزىغا باش ئەگدى. ئەھۋال شۇ پېتى داۋاملىشىۋېرىدىغان بولسا، دىنسىزلىق ۋە پىتنە - پاسات يېزا - قىشلاقلاردا ياشايدىغان، زاۋۇت ۋە ئېتىزلاردا ئىشلەيدىغان پۈتۈن خەلق ئىچىدە يامرىشى، پۈتۈن مۇسۇلمان خەلق زىندىقلىق ۋە دىنسىزلىق كوچىسىغا كىرىپ كېتىشى مۇمكىن. بۇ ئەھۋال ياۋروپادىمۇ شۇنداق بولغان. ناۋادا غالىب ئاللاھنىڭ ئىرادىسى توسالغۇ بولماي، ئىشلار ھازىرقى تەبىئىي يۆنىلىشىدە مېڭىپلا قالسا، بۇ ئەھۋال شەرق دۇنياسىدىمۇ يۈز بېرىشى مۇقەررەر.

## يېڭىدىن ئىسلامغا

ئىسلام دۇنياسى يېڭى ئىسلامىي دەۋەتكە موھتاج. ھازىر دەۋەتچىلەرنىڭ نىشانى ۋە شوئارى «يېڭىدىن ئىسلامغا» بولۇشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن شوئار ۋە «ھۇررا!» دەپ توۋلاپ قويۇشلا يەتمەيدۇ. ئىشلارنى ئىنچىكە پىلان بىلەن قىلىشىمىز، ھايات ۋە ئۇنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان زىيالىيلار قاتلىمىنى يېڭىدىن ئىسلامغا قانداق قايتۇرۇپ كېلىمىز؛ ئۇلارنىڭ ئىسلامغا بولغان ئىشەنچىسى ۋە ئىمانىنى قانداق تىرىلدۈرىمىز؛ ئۇلارنى غەرب پەلسەپىسى، مەدەنىيىتى ۋە دىنسىزلىق نەزەرىيەلىرىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قانداق ئازاد قىلىمىز؟ دېگەنلەر ھەققىدە ئەستايىدىل، ئەتراپلىق ئويلىنىشىمىز لازىم.

### ئىسلام دۇنياسى ئىخلاسمەن پىداكارلارغا موھتاج

ئىسلام دۇنياسى بۇ دەۋەتكە ئۆزىنى بېغىشلىيالايدىغان، ئىلمى ۋە پۈتۈن ئىقتىدارىنى مۇشۇ يولغا سەرپ قىلالايدىغان، ئەمەل ـ مەنسەپ، نام ـ ئاتاق، خىزمەت ۋە ھوقۇققا كۆز قىرىنى سالمايدىغان، ھېچ كىشىگە ئۆچ ـ ئاداۋەت ساقلىمايدىغان، باشقىلارغا نەپ يەتكۈزىدىغان، ئەمما ئۆزى نەپ ئالمايدىغان، بېرىدىغان، ئەمما ئالمايدىغان، باشقىلارغا باھانە ۋە شەيتانغا پۇرسەت يارىتىپ بەرمەسلىك ئۈچۈن باشقىلار دائىم چۈشكەن ھېچ نەرسىنى تالاشمايدىغان، شەھۋەتپەرەسلىك قىلماسلىق، شەخسىيەتچىلىك ۋە گۇرۇھۋازلىق قىلماسلىقنى شوئار قىلغان، ئىخلاسمەن، پىداكار ئەركەكلەرگە موھتاج.

## ئىسلام دۇنياسى ئىلمىي ئورگانلارغا موھتاج

ئىسلام دۇنياسى زىيالىي ياشلارنى ساغلام ئىسلام روھىغا قايتۇرۇپ كېلەلەيدىغان، بىر قىسمى بىلىپ ئەگەشسىمۇ، كۆپ قىسمى قارىغۇلارچە ئەگەشكەن غەرب پەلسەپىسىنىڭ قۇللۇقىدىن ئۇلارنى ئازاد قىلالايدىغان، قەلبلىرىدە ئىسلام ئاساسلىرىنى يېڭىدىن تىكلىيەلەيدىغان، قەلب ۋە ئەقىلگە ئوزۇق بېرەلەيدىغان، يېڭىچە، تەسىرلىك ئىسلام ئەدەبىياتى مېۋىلىرىنى سۇنۇشنى نىشان قىلغان ئىلمىي ئورگانلارغا موھتاج. قىسقىسى، ئىسلام دۇنياسى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە مۇشۇ جىھادقا ئۆزىنى ئاتىغان ئەركەكلەرگە موھتاج.

مەن ھاياتىمدا ھېچقاچان «دىننى سىياسەتتىن ئايرىش كېرەك» دەيدىغان، ئىسلامدىن قانچىلىك يىراقلاشقان ۋە چەتنىگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دىننى ۋەزىيەتكە ماسلاشتۇرۇپ، ھەرقانداق جەمئىيەتكە ماس كېلىدىغان شەكىلدە چۈشەندۈرىدىغان، سىياسەتنى «قۇرئاندا لەنەتلەنگەن دەرەخ» دەپ قارايدىغانلاردىن بولمىدىم. بەلكى، مەن مۇسۇلمانلاردا توغرا سىياسىي ئاڭ ـ ساپا يېتىلدۈرۈشكە، ياراملىق رەھبەرلىك قاتلىمى بەرپا قىلىشقا چاقىرغۇچىلارنىڭ بېشىدا ئورۇن ئېلىپ كەلدىم. مەن بىر دىنىي جەمئىيەتنىڭ دىنىي ئاساسلار ئۈستىگە قۇرۇلغان، ساغلام، ياراملىق ھۆكۈمەت ئارقىلىق بارلىققا كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ كەلدىم. تاكى ئۆلگەنگە قەدەر مۇشۇ ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىمەن. بۇ يەردىكى مەسىلە پەقەت تەرتىپ، ئىلگىرى ـ كېيىنلىك، دىنىي ھېكمەت ۋە چۈشەنچىگە ئۇيغۇن، ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە مۇناسىپ ھەرىكەت قىلىش مەسىلىسىدىنلا ئىبارەت.

## تەجرىبىلەر

بىز ئومۇم خەلق مۇسۇلمان، خەلقنى يېتەكلەۋاتقان زىيالىيلار قاتلىمىمۇ مۇسۇلمان، ئىسلام ئەقىدىسى ۋە پىرىنسىپلىرىغا قايىل. شۇڭا، ئۇلار ئىسلامنىڭ ئالىي بولۇشى ۋە ئەھكاملىرىنىڭ

ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن ئاكتىپ ئاۋاز قوشىدۇ دەپ ئويلاپ، پۈتۈن تىرىشچانلىقىمىز، ئىقتىدارىمىز، قولىمىزدىكى پۇرسەت ۋە شارائىتلارنى سىياسىي ۋە تەشكىلىي ھەرىكەتلەرگە قاراتقان ئىدۇق. لېكىن، ئىش بىز ئويلىغاندەك بولماي، ئەكسىچە بولۇپ چىقتى. بىزمۇ ۋە خەلقمۇ تۇيمايلا، ئاللىبۇرۇن ھەممىمىزنىڭ ئىمانى ئاجىزلاپ، ئەخلاقى چىرىكلەشكەن؛ كۆپ سانلىق زىيالىيلار قاتلىمىنىڭ ئەقىدىسى غەرب پەلسەپىسى، سىياسىتى ۋە نوپۇزىنىڭ تەسىرىدە ئېرىپ، پارغا ئايلىنىپ كەتكەن؛ ئىسلام ئەقىدىسىگە ئىسيانكارلىق بىلەن، غەرب پەلسەپىسىنى ۋە ئۇنىڭ دىنغا قارشى ئېتىقاد ۋە پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلىپ، قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ، تارقىتىپ، ئىجرا قىلىدىغان؛ غەرب پەلسەپىسى ۋە شۇنىڭ روھى بويىچە ياشاپ، ئۇنى خەلق ئىچىدە ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغان ھالغا كېلىپ بولغان ئىكەن. بەزىلىرى ئالدىراڭغۇ، تەنتەك بولسا، بەزىلىرى ناھايىتى تەدبىرلىك بولۇپ، ئاستا - ئاستا ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى. يەنە بەزىلىرى بولسا غەرب پىكرىنى خەلق ئاممىسىغا زورلاپ تېڭىۋاتاتتى، يەنە بەزىلىرى ئۇنى خەلققە ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن پەردازلاۋاتاتتى. قانداقلا بولمىسۇن، ھەممىسىنىڭ مەقسىتى ۋە نىشانى بىر ئىدى.

### دىنىي ئەربابلارنىڭ «زىيالىيلار قاتلىمى»غا تۇتقان پوزىتسىيەسى

دىنىي ئەربابلار (مۇشۇنداق ئاتاش توغرا بولغان تەقدىردە. چۈنكى، ئىسلامدا راھىبلىق ۋە ئىمتىيازلىق دىندارلار قاتلىمى بولمايدۇ) بۇ تېمىدا ئىككى پىرقىگە بۆلۈنگەن: بىر پىرقە غەرب پەلسەپىسىنىڭ تەسىرىدە ئىمانى، ئەقىدىسى ئېرىپ كەتكەن زىيالىيلار قاتلىمىغا قارىغۇلارچە قارشى تۇرىدۇ، ئۇلارنى «كاپىر» دەپ ھۆكۈم قىلىپ، ئۇلاردىن يىراق تۇرىدۇ. بۇ دىنسىزلىق ئېقىمىنىڭ سەۋەبلىرى ۋە بۇ ئېقىمدىكىلەرنىڭ مەدەنىيىتى ھەققىدە ئىزدىنىشنى؛ ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ تۇرۇپ، ئۇلاردىكى ئىسلامغا قارشى دىنسىزلىق ئېقىمىنى ئۆزگەرتىپ، ئىسلاھ قىلىشنى؛

ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى دىن ۋە دىنىي ئەربابلارغا بولغان نەپرەت ۋە ياتسىراشنى يوقىتىپ، ياخشىلىق ۋە ئىمان ھۆججەتلىرىنى قوزغىتىشنى؛ ئۇنى تەسىرلىك، سۈپەتلىك ئىسلام ئەدەبىياتى بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇشنى؛ سەمىمىي نەسىھەت ۋە ئاقىلانە ئۇسلۇب ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھايات، مال، كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە سەلتەنەتكە بولغان زىيادە ھېرىسمەنلىكىگە سوغۇق سۇ سېپىشنى خالىمايدۇ.

يەنە بىر پىرقە ئۇلار بىلەن پايدا ـ مەنپەئەتتە ھەمكارلىشىپ، دىنىي جەھەتتە ھېچقانداق پايدىسى تەگمىسىمۇ، ئۇلاردىن دۇنيالىق نەپكە ئېرىشىشنىڭلا كويىدا بولۇپ كەلمەكتە. بۇ پىرقىدە دەۋەت، ئەقىدە، دىنىي غۇرۇر، ئىسلاھات قىزغىنلىقى، ئىلاھىي ۋەزىپە قاتارلىقلارغا نىسبەتەن يۈكسەك مەسئۇلىيەت ئېڭى بولمىغانلىقتىن، بۇ يېقىنلىق ۋە ھەمكارلىقنىڭ ئۇلارغا دىنىي جەھەتتە ھېچقانداق پايدىسى يەتكىنى يوق.

بۇ يەردە يۈقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ئۈچىنچى بىر پىرقىمۇ بار بولۇپ، بۇلار بۇنداق ۋەزىيەتتىن بىئارام بولۇپ، قاتتىق ئېچىنىدىغان؛ ئىمانى ۋە ئەقىدىسى ئېرىپ كەتكەنلەرنى داۋالاپ، جىددىي قۇتقۇزمىسا بولمايدىغان كېسەللەر تەبىقىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن؛ ئۇلارنى گۈزەل ھەم ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ھەق يولغا چاقىرىپ، سەمىمىي نەسىھەت قىلىدىغان كىشىلەر بولۇپ، بۇنداقلار ئىنتايىن ئاز.

دېمەك، زىيالىيلار قاتلىمى دىن ۋە دىنىي مۇھىت بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق، دىندىن خالىي، يالغۇزلۇقتا ياشىماقتا. بارغانسېرى دىندىن يىراقلىشىپ، دىنغا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق نەرسىنى كەمسىتمەكتە. ئۇلار بىلەن قارىغۇلارچە تىنىمسىز جەڭ قىلىۋاتقانلار بىلەن دىنىي تونغا ئورىنىۋېلىپ، ئۇلاردىن ئەمەل ـ مەنسەپ ۋە نام ـ ئاتاق تالىشىۋاتقان «دىنىي ئەربابلار» ھەر ئىككىسى زىيالىيلار قاتلىمىنىڭ دىنغا بولغان ئۆچمەنلىكى ۋە قورقۇنچىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرماقتا. چۈنكى، ھاياتىي دۇنيادىن باشقىغا ئىشەنمەيدىغان ئىنسانىنىڭ تەبىئىتى ئۆزىدىن دۇنيا

تاللاشقاننى يامان كۆرۈش، ئەمەل ـ مەنسەپ ۋە سەلتەنەتسىز ياشىيالمايدىغان كىشىنىڭ تەبىئىتى ئۆزىدىن ھوقۇق ۋە سەلتەنەت تاللاشقاننى يامان كۆرۈش، ماددا ۋە شەھۋەتتىن باشقىنى تونۇمايدىغان ئىنسانىنىڭ تەبىئىتى ئۆزىدىن شەھۋەت ۋە ماددا تاللاشقاننى يامان كۆرۈشتۇر.

## يېڭىدىن ئىسلامغا قايتىدىغان سەرخىللار توپى

نۆۋەتتە ئىسلام دۇنياسى ھەر تۈرلۈك ئاچ كۆزلۈكتىن يىراق، بارلىقىنى دەۋەتكە ئاتىيالايدىغان؛ باشقىلارغا دۇنياپەرەس ۋە مەنپەئەتپەرەستەك، ئۆزى، قەبىلىسى ياكى پارتىيەسى ئۈچۈن ھاكىمىيەتنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىش ئويى باردەك تۇيغۇ بېرىدىغان ھەرقانداق ئىش ـ ھەرىكەتتىن يىراق تۇرىدىغان؛ پات ـ پات ئۇچرىشىش، دوستلىشىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئۈچۈر ـ ئالاقە ئورنىتىش، ئىزدىنىپ تۇرۇش، سۆيۈملۈك ۋە تەسىرلىك ئىسلام ئەدەبىياتى، كىشىلىك مۇناسىۋەت، پاكلىق، يۈكسەك ئەخلاق، كۈچلۈك ئوبراز، مال ـ دۇنياغا بېرىلمەسلىك، شەھۋەتنىڭ كەينىگە كىرمەسلىك، پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ ئەخلاقىنى نامايان قىلىش قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق غەرب مەدەنىيىتى، «دىنىي زاتلار»نىڭ خاتالىقى، ئۆزئارا چۈشىنىشمەسلىك، يېتەرلىك ئىزدەنمەسلىك، ئىسلام ۋە ئىسلامنى مۇھىتتىن يىراقلىشىش قاتارلىقلاردىن كېلىپ چىققان پىسخىك ۋە زېھنىي تۈگۈنلەرنى يېشەلەيدىغان ئىقتىدارلىق سەرخىللار توپىغا موھتاج.

## تارىختا نەزەر

ئەنە شۇلار ھەر دەۋردە ئىسلامغا خىزمەت قىلىپ كەلگەن توپتۇر. ئۇمەۋىيلەر خەلىپىلىكىنىڭ يۈنىلىشىنى ئۆزگەرتىشتە، بەشىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدا ھالقىلىق رول ئوينىغانلارمۇ دەل شۇنداق

كىشىلەردۇر. ئىسلامغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن ۋە تۆت ئەسىر ئىسلام بايرىقى ئاستىدا ياشىغان بىپايان ھىندىستان تۇپرىقىنى براخمانىزم جاھىلىيىتىگە ئايلاندۇرۇشقا بەل باغلىغان موگخۇل ھۆكۈمدارى جالالۇددىن ئەكبەر شاھنىڭ زامانىدا بۇ تارىخ يەنە بىر قېتىم تەكرارلاندى. لېكىن، ئىسلام فىقھشۇناسلىقى ۋە دەۋەت مېتودىنى ياخشى ئىگىلىگەن، ئىسلامغا خالىس نىيەت بىلەن خىزمەت قىلغان، كۈچلۈك ئىسلام روھىغا ۋە دىنىي غەيرەتكە ئىگە ئىسلاھات دەۋەتچىسى ئەھمەد فارۇقىي سىرھىندىينىڭ[1] ھېكمەتلىك ئۇسلۇب بىلەن دەۋەت قىلىشى ۋە ئۇنىڭ تالىپلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە ئەكبەرشاھنىڭ قارا نىيىتى ئەمەلگە ئاشمىدى، ئەكسىچە ھىندىستان تېخىمۇ كۈچلۈك ھالدا قايتىدىن ئىسلام قوينىغا كىردى. ئەكبەر شاھنىڭ تەختىدە بىر ـ بىرىدىن ياخشى، ئىسلامنى تېخىمۇ سۆيىدىغان پادىشاھلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئولتۇردى. نىھايەت، ئىسلام ۋە ئىسلاھات تارىخى شانلىق نامى بىلەن پەخىرلىنىدىغان بىر پادىشاھ تەختكە ئولتۇردى[2].

## تەخىرسىز مەسئۇلىيەت

نۆۋەتتە ئىسلام دۇنياسى سۆيۈملۈك ئەۋلادلىرى ۋە كۈچلۈك ئەزالىرى ئارىسىدا شىددەت بىلەن تارقىلىۋاتقان مۇرتەدلىك دولقۇنىغا؛ ئەقىدىسى، ئەخلاقى ۋە قىممەت قاراشلىرىغا قارشى كۈچلۈك ئىسيانغا دۇچ كەلمەكتە. بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش تەخىرسىز ھەم بۈيۈك مەسئۇلىيەتتۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قالدۇرۇپ كەتكەن، ئاندىن ئىسلام ئوغلانلىرى قانلىق جىھادلىرى ئارقىلىق ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن

[1] مۇجەددىد، دەۋەتچى، خۇداگۇي ئالىم ئەھمەد ئىبنى ئابدۇلئەھەد سىرھىندىي (ھ. ؟ — 1034 / م. ؟ — 1624)، بۇ كىشى «ئىمام رەببانىي» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر.

[2] مۇھەممەد ئەۋرەڭزىب (ھ. ؟ — 1118 / م. ؟ — 1707) بۇ كىشى پەزىلەتلىك، سالىھ، كۈچلۈك ئامانەتدار پادىشاھ بولۇپ، «ئالەمگىر» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر. «الفتاوى الهندية» ناملىق مەشھۇر ھەنەفىي پەتىۋا كىتابى ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قەلەمگە ئېلىنغانلىقتىن «الفتاوى العالمكيرية» دەپ ئاتالغان.

بۇ مۇقەددەس بايلىق يوقالسا، ئىسلام دۇنياسىمۇ يوقىلىدۇ. شۇڭا، بۇ تېما ئىسلامنىڭ غېمىنى يەيدىغان پۈتۈن كىشىلەر ئۈچۈن ئىزدىنىش ۋە ئەھمىيەت بېرىش ئوبيېكتى بولۇشى لازىم.

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر